شىنجاڭ بويىچە تۇنجى نۆۋەتتە باھالانغان ئىجتىمائىي پەن تۈردىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال

首届新疆社科优秀期刊

ISSN1008 — 6498

海尔海

XINJIANG CIVILIZATION XINJIANG CIVILIZATION XINJIANG CIVILIZATION



6

2000

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

# 新疆文化

ISSN 1008-6498
11>

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



خەلق شائىرى،جامائەت ئەربابى روزى سايىت

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

(49-يىل نەشرى)

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال
2000-يىل 6-سان
(ئومۇمىي246-سان)



ژۇرنال تەھرىر ھەيئىتى

مۇدىر:
شۇخۇاتيەن
زۇنۇن قۇتلۇق

مۇئاۋىن مۇدىرلار:
ۋاڭچىڭۋېن
ئابلىجان ھېيت
لۇشىنخۇا

ھەيئەت ئەزالىرى:
مايىڭشىڭ
يۇفېڭ
جۇجۇفاڭ
ھاۋاقىز باھاۋۇدۇن
لى يىگمىن
بەي جيەنياۋ
جىن مىن
قۇربان مامۇت
فەن ياۋجىڭ
جاڭ تىگۇبى
رىسالەت مۇھەممەت


## بۇ سانىدا

### تەبرىك سەھىپە


«پەلەك شاھى»ئادىل ھوشۇر بەنە بىرقېتىم دۇنيا جىنىس رېكورتى بارانتى ...................... ئىلھام ئىمىن 2

باتۇرلۇق قىسسىسى......(شېئىر) ................ ئابلىجان ھېيت 3

ئاناڭغا رەھمەت تەڭرىتاغ ئوغلانلىرى......... ئابدۇرېھىم توختى 5

بېگىت............(نەسىر) .................. ئەخمەت ئىمىن 6

ئىككى مەشھۇر سەنئەتكارغا تەبرىك خەت ...... زۇنۇن قۇتلۇق 7


### ئويلىنىش ۋە ئىزدىنىش


غەلىبە، سەن نەدە؟! .................. ئابلەت ئابدۇرېشىت بەرقى 8

پالۋانغا مەدەت كېرەك! .................. ئەركىن تاھىر 14

سېپىل ۋە سېپىل مەنتىقىسى ............... ئابدۇراخمان ئابلىكىم 15


### سادا


بۇلارنىڭ نەفرىتىگە كىم مەسئۇل؟......... جۇرئەت دۆلەت، ئابدۇرېھىم دۆلەت 16

ئاياللارنىڭ گۈزەللىكى نېمىدە؟ ................ ھۇرنىسا مامۇت 36


### ئەسەر ۋە ھاسىلات


ئەركەك سۇنى كۆپرەك ئىچەيلى ................ ئابدۇقادىر جالالىددىن 38


### چىن يۈرەكتىن چىن سۆز


شېئىر شائىرنى يازىدۇ، شائىرنىڭ ھەيكىلى ئۆز شېئىرلىرى بىلەن تىكلىنىدۇ ..................... ئابدۇقادىر ھاشىم 41


### مەدەنىيەت - سەنئەت گېزىتى


مەدەنىيەت - سەنئەت ئۇچۇرلىرى ...... تۇرغۇن ئابدۇلئەزىز قانارلىقلار 56


### ئىبرەت ۋە ئۆزىنى تونۇش


ئۇنىۋېرسال مۇلاھىزىلەر .............. نوختى باقى ئارتىشى تەرجىمىسى 58


### دۇنيانىڭ ئىشلىرى


مەركىزىي ئاسىيالىقلار 21-ئەسىردە باشپاناھسىز قالامدۇ؟ ...... قۇربان تۇران تەرجىمىسى 74


### ژۇرنىلىمىزنىڭ شان - شەرىپى


شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە ئىجتىمائىي پەن ژۇرناللىرىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك «مۇنەۋۋەر تەھرىرلىك مۇكاپاتى»ۋە «مۇنەۋۋەر باش مۇھەررىر (ئىدارە باشلىقى) مۇكاپاتى»نى تارقىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى ................. رىسالەت مۇھەممەت 80


مۇقاۋىدا: خەلقىمىزنىڭ پەخىرلىك ئوغلانى، «پەلەك شاھى»ئادىل ھوشۇر. ئالىم خالىددىن فوتوسى.

مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: رىسالەت مۇھەممەت


باش مۇھەررىر: قۇربان مامۇت     مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: رىسالەت مۇھەممەت

www.uyghurkitap.com



# «پەلەك شاھى» ئادىل ھوشۇر يەنە بىرقېتىم دۇنيا جىنىس رېكورتى ياراتتى

ئىلھام ئىمىن

2000-يىل 6-ئۆكتەبىردە «پەلەك شاھى» ئادىل ھوشۇر ئۇزۇنلۇقى سەككىز مېتىر، ئېغىرلىقى12.5كىلوگرام كېلىدىغان تەڭشەكنى كۆتىرىپ، ھېچقانداق بىخەتەرلىك سىمى باغلىمىغان ئەھۋالدا، خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ خېڭشەن شەھىرىدىكى خېڭشەن تېغىنىڭ فۇرۇڭ چوققىسى بىلەن جۇرۇڭ چوققىسى ئارىلىقىغا تارتىلغان، ئۇزۇنلۇقى1399.6مېتىر، يەر يۈزىدىن ئېگىزلىكى 436مېتىر كېلىدىغان پولات ئارغامچىدىن غەلىبىلىك ئۆتۈپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ، جۈملىدىن تەڭرىتاغ پەرزەنتلىرىنىڭ قەھرىمانلىق ئوبرازىنى دۇنياغا يەنە بىر قېتىم نامايان قىلدى ھەم كۆكتە مېڭىش ئارىلىقى ئەڭ ئۇزۇن بولغان دۇنيا يېڭى جىنىس رېكورتىنى ياراتتى. (ئۇيغۇر خەلقىمىزنىڭ بۇ پەخىرلىك ئوغلانى 1997-يىلى 22-ئىيوندا چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ سەنشيا بوغىزىغا تارتىلغان سۇ يۈزىدىن 402مېتىر ئېگىزلىكتىكى، 640.7مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى پولات ئارغامچىدىن 13مىنۇت48سېكۇنتتا ئۆتۈپ ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى كوچرەين 1995-يىلى 28-ئۆكتەبىردە بۇ يەردە ياراتقان 53مىنۇت10سېكۇنتتا ئۆتۈشتەك دۇنيا جىنىس رېكورتىنى بىراقلا 40مىنۇت 3 سېكۇنت ئالدىغا سۈرۈش ئارقىلىق دۇنيا يېڭى جىنىس رېكورتى ياراتقانىدى. - مۇھەررىردىن).

6-ئۆكتەبىر (بېيجىڭ ۋاقتى بىلەن) سائەت ئۇچتىن 18مىنۇت ئۆتكەندە، ئادىل ھوشۇر ۋەتەن، خەلقىنىڭ ئۈمىدىنى ئېلىپ پولات ئارغامچىغا قەدەم تاشلىدى. ئۇ ئون مىنۇتتەك ماڭغاندىن كېيىن، تاغنى قويۇق تۇمان قاپلىۋېلىپ سىم-سىم يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئاجايىپ باتۇر ھەم پەم-پاراسەتلىك تەمكىن قىياپىتى ئاخىرقى نۇقتىغا 200نەچچە مېتىر قالغاندا كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇ ئاخىرقى نۇقتىغا تەڭشەكنى بېشىدىن ئارتىلدۇرۇپ مۇرىسىگە قويۇپ تەمكىن قەدەم بىلەن يېتىپ كەلدى. ئەتراپتا گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى. مۇخبىرلار تېلېكامېرا ۋە فوتو ئاپپاراتلىرىنى ئۇنىڭغا توغرىلىدى. دۇنيا جىنىس رېكورتى شاڭخەي باش شتابىدىن كەلگەن يولداشلار نەق مەيداندا ئادىل ھوشۇرغا: ئادىل ھوشۇر خېڭشەن تېغىدىكى ئۇزۇنلۇقى1399.6مېتىر، يەر يۈزىدىن ئېگىزلىكى 436مېتىر كېلىدىغان پولات ئارغامچىدىن 52مىنۇت 13سېكۇنتتا ئۆتۈپ، كۆكتە مېڭىش ئارىلىقى ئەڭ ئۇزۇن بولغان دۇنيا جىنىس رېكورتىنى ياراتتى، دېگەن گۇۋاھنامىنى بەردى. (M2)

## تەبرىك سەھىپە



# باتۇرلۇق قىسسىسى

ئابلجان ھېيت

بىر شائىر دېگەنكەن كۈيلەپ دارۋازىنى،
كىرپىككە ئېسىلغان سۆزۈك قەترە ياش.
مەن دەيمەن دارۋازىنى ـ تەن پەرۋازىنى
سۈپسۈزۈك ساماغا ئېسىلغان قۇياش!

* * *

تۇرىدۇ فۇرۇڭ چوققىسى بەھەيۋەت،
ئالەمگە بىر مەغرۇر نەزەردە بېقىپ.
قەد كېرىپ بىر ياقتا تۇرماقتا جۇرۇڭ،
كۆك يارغان قەددىدە ئايغا لەۋ يېقىپ.
زەن سالساڭ① كۆك ئاسمان دەرۋازىسىدىن،
بىر گۈزەل دۇنيادۇر بۇ سىرلىق ماكان.
سامادا ئەگىسە قۇش ـ قانات مەستخۇش،
تاغ ئاستى جىرادۇر قەدىمىي ئورمان.
ئەۋلىيا ئەزەملەر ياشاركەن بۇندا،
ساماۋى چۆچەكلەر تىنماي ئېيتىلىپ.
ئارمانلار پارتلار پوجاڭزىلاردا،
ھاجەتلەر سەھەر ـ كەچ تۇرار تىلىنىپ.
بوش تۇرساڭ گۈللەردىن ئىشقىلىق ئويغىنىپ،
ئەتراپتىن نېمىدۇر كېلەر ئىزدىگىلىك.
يىرتقۇچلار ھوۋلىشى تۈننى ئويغاتسا،
چۆشكۈسى ۋەھىمىگە جانان شېرىكلىك.
ئالقانچە ئاق يەرمۇ كۆرۈنمەس ئۇندا،
ئاسمان كۆك، زېمىن كۆك، تاغ كۆك، ھاۋا
كۆك.

ناھايەت پولات سىم چاتقان جۇپ چوققا
ئوخشايدۇ بىر دارغا ـ ئاجايىپ سۈرلۈك.

* * *

تۈن بوگۈن قان ئىچەر يالماۋۇز كەبى ـ
ئالغانمۇ قۇياشنىڭ نۇرىنى شوراپ؟
بۇلۇتلۇق تۇتەكلەر كېلىدۇ بېسىپ،
جۇدۇنلۇق ئەلپازدا قاتىلدەك قاراپ.
كىرگەن سوغ تەلەتكە تۇمانلىق ساما،
قوغۇشۇن رەڭگىدە ئاسمانۇ ـ پەلەك.

ياتىدۇ تاتارغان تاغلار قوچىقى،
قانسىراپ يىقىلغان مەختۇمسۇلادەك.
ئىككى تاغ قاپتىلى گويا ھاڭ ئېغىز،
ئۇنىڭ كالپۇكىدۇر ھەيۋەت جۇپ چوققا.
قۇياشنى دەم تارتقان ئەجدىھا كەبى،
چىرمىلىپ ياتقاندەك شۇ چىمەن تاغقا.
شۇ قەدەر سىرلىق تۇس ئالغان تەبىئەت،
ئەتراپنى چۇلغىغان ماتەم تەشۋىشى.
ئەۋلىيا ئەزەملەر تاشقا ئايلانغان،
دورۇتلار توختىغان، ھايات تىۋىشى.
تىنىقلار باغلانغان گويا ئادىلغا،
ئۇ تىنسا سوقاتتى جاھان يۈرىكى.
كۆزلەردىن ئۇچاتتى ياخشى نىيەتلەر،
ئادىلنى قوغدايتتى ئەگرى تىلىكى.

* * *

تۇيۇقسىز يەر-جاھان كەلدى لەرزىگە،
فۇرۇڭ چوققىسىغا چىققاندا ئادىل.
گۈلدۈرلەس ئالقىشلار، قىيا-چىيالار
ئالەمنى بىر ئالدى، مەھلىيا ھەر دىل.
ۋە لېكىن توختىدى يەنە شۇنچە تېز،
قۇلاقنى يارغىدەك چۇقان ـ سۈرەنلەر.
تىترىدى قىيالار، تاغلار، ئورمانلار،
قاپ يۈرەك ئوغلانلار،
نازلىق لىۋەنلەر. . .
ھېچ كىشى ئىشەنمەس ئىدى كۆزىگە،
ھېچ ئەقلى يەتمەيتتى ھەتتا خىيالى.
راستتىنلا ئۆتەرمۇ ئۇ، ياق ـ ياق دەيتتى،
راست ئۆتسە ئۇ ئەمەس ئادەم ئەۋلادى.
گۇمانلار يوقالدى خىيال پۈتكىچە،
قولىغا چىققاندا دارۋاز تەڭشىكى.
ئۇ تۇمان ئىچىگە قويغاندا قەدەم،

---

① كۆك ئاسمان دەرۋازىسى ـ جاي نامى.

www.uyghurkitap.com

ئېتىلدى ئالەمنىڭ ئىشىك - تۈڭلىكى.
ۋە لېكىن ئادىلدا ئوچۇق بىر پەللە،
قەلبىدە يورۇقلۇق، ئىشەنچ بىگۇمان.
ئاسماننىڭ كۆز يېشى كار قىلماس ئاڭا -
يىغلاڭغۇ بۇلۇتلار، قاتمۇ قات تۇمان.
ئۇ شۇنداق دەممۇ دەم ئۆرلەر پەللىگە،
ساماۋىي بوشلۇقتا ئاقار سەبرلەر.
ھەر قەدەم، شۇ قەدەم ئارىلىقىدا
ئۆتكەندەك تۈيۈلار ئاي، يىل، ئەسىرلەر.
خىسلەتلىك دەملەردىن پۈتكەن ئۇ قەدەم
يارىتار شۆھرەتلىك ھايات قەدرىنى.
ئاستىدا پىلسىرات ئۇ كىبلەر مەزمۇت،
ھەر تىنىق تەپتىدىن پاكلاپ قەلبىنى.

* * *

ئۇ شۇنداق يېتىلدى، ئۈستى قورقۇمسىز،
ئاستىدا ئوت كۆيۈپ، تۆپىسىدە زۇلمەت.
سىم ئارقان ئۈستىدە ياشار ئۇ شۇنداق،
قىل ئۇيان، قىل بۇيان كۆتەر مۇسىبەت.
بۇ دۇنيا تەڭشەكسىز بولغاچ، قەلبىنى -
تەبىئەت چاقمىسا چاقتى جەمئىيەت.
ئەقىدە يولىدا ئاتىسىمۇ جان،
مۇھەببەت ئورنىغا مەي تۇتتى ھەسرەت...
شۇندىمۇ ھە ئۇنىڭ پەرۋايى پەلەك،
ياشايدۇ¹ بېقىپ ئۇ گۈزەل ئىقبالغا.
ۋەھىمە سالالماس روھىغا قورقاق،
ئۆلۈممۇ كار قىلماس ياناس ئېگىزغا.
ئوت ئارا يېتىلگەن سەمەندەر كەبى،
باتۇر ئۇ تەڭداشسىز شىر يۈرەك ئوغلان.
شۆھرىتى جاھاننى تۇتقان مەردانىغا
قايىلدۇر كائىنات، قايىلدۇر ئىنسان.

* * *

پەرىشتە بولالماس ھەر قانداق ئىنسان،
دەيدىكەن ئۆلارنى ياشار ئەرىشتە.
سىم ئارقان ئۈستىگە قويغاندا قەدەم،
كىم دېمەس ئادىلنى ئەمدى پەرىشتە!؟
ھايات - مامات پەيتتە - دارنىڭ ئۈستىدە
بەندىلىك خاھىشلار ئۇندىن يوقالغان.
نە شەيتان، نە ھەۋەس ھەمدە شەخسىيەت،
ھە بەرى روھىدىن تۈگەل قوغلانغان.
ئۇ بىلمەس كەينىگە يېنىشنى زىنھار،
ئالدىدا كۈتسىمۇ ئۆلۈم چاقمىقى.
بۇ دۇنيا ئاجىزغا نەزەر سىپ قويماس،
يادىغا چۈرت كەلمەس جاننىڭ تاتلىقى.
ئۇ پەقەت بىلىدۇ قارشى قىرغاقنى،
ئۇ قىرغاق ئېگىدا نۇرغۇن مەنالار.
بىر ياخشى نىيەتتە مىڭبىر پەرىشتە،
ئەرىشتە يۈرگەنلەر ئاڭا بەنت، يار.

* * *

تۇمانلار ئىچىدە كۆرۈندى ئادىل،
نە تۇمان، تۇمانلىق ھاڭنىڭ ئاغزىدا.
تەگسىز ھاڭ روھسىز بىر ئەل قەلبى كەبى،
ئادىلنى دەم تارتىپ تۇرار ئارقىدا.
ئۇ تەمتەم ئىلگىرىلەر، ئېغىر قەدەمدە
تىترىتىپ، تەۋرىتىپ يەتتە ئىقلىمنى.
ئۇ سۆرەپ چىقماقتا شۇ تاپتا ھاڭدىن
ئۇنتۇلغان بىر روھنى، نىمجان قەۋمنى.
كۆزلەرگە تور تارتتى شۇ دەم، شۇ تىنىق،
ھاياجان كاناينى بوغقاندا مەھكەم.
تازام - تارام ياشتا يۇيۇندى دۇنيا،
تېكىستىسىز ناخشىدەك بوغۇلداپ ئەل ھەم...

* * *

شۇ ئىدى ئادىلنى بىنا قىلغان روھ،
كامىل ئىنسان ھەمدە دادىل قىلغان روھ.
ئۆلمەسلەر سۈيىدە سۇغۇرۇپ ئۇنى،
ئۆلۈمدىن ھېچ قورقماس ئادىل قىلغان روھ.
ئۇنىڭدا ھاياتنىڭ ھېكمەت ناخشىسى،
قۇياش تارىخىنى يېزىپ كەلگەن روھ.
ئۇ روھتا تۇپراق ھەم ئەجداد ئارزۇسى،
نەسەبى روھىنى تىرىلدۇرگەن روھ.
ئۇ روھتىن نۇر ئەمگەن ئادەم كەيگۈسى،
جاسارەت، ئەقىدە، مەردلىكتىن گۈلتاج.
بۇ روھسىز ياشىماق ئۆلۈمدۇر ئۆلۈم،
بۇ ئالەم ئەركەكلىك روھىغا موھتاج.
ئاشۇ روھ پەللىگە باسقاندا قەدەم،
ئېچىلدى ئالەمنىڭ چىراي-رۇخسارى،
سۆيۈندى بارچە ئەل، كۈلدى مەۋجۇدات،
قايتىدىن گۈل ئاچتى ئۈمىد گۈلزارى.

* * *

ئاداققى پەللىنى قۇچقاندا ئادىل،
ئېيتقۇسىز شادلىققا چۆمدى بۇ دۇنيا.
تەنتەنە ئىلكىدە قەلبلەر بىھوش،
سەزگىدەك سەزگۈلەر ئاڭا مەھلىيا.
گۈلدەستە ئېتىلار كۆككە، ھاۋاغا،
قىنىغا پاتمىغان ئەركە سادالار.
ئۆزئارا چىرمىشار ئىسسىق قۇچاقلار،
تاشلانغاندى بىر ياققا ھايالار.
شۇ لەۋلەر سۆيگەندە ئادىلنى تاتلىق،
ئۇيغۇركەن دېمىدى ياكى يات مىللەت.
ۋە بەلكى شۇ دەقىق سۆيگۈسى ئۈچۈن
«جانلار سادىغا» نى ئەيلىدى مەقسەت.
بۇ دۇنيا ئاجىزغا بىنەزەر دۇنيا،
قورقماسنىڭ مەشۇقى ئەبەدىلئەبەد.
شۇ دەمنىڭ ئۆزىدە پۈتكۈل جانلىقنى
بىر تاتلىق تۇيغۇغا سالدى مۇھەببەت.

2000-يىل 6-ئۆكتەبىر، خېيخشەن

---

ماۋزۇ سۈرىتىدە: ئاپتور، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى ئابلىجان ھېيت ئەپەندى «پەلەك شاھى» ئادىل ھوشۇر بىلەن خېيخشەن تېغىنىڭ جورۇڭ چوققىسىدا.

ئالىم خالىددىن فوتوسى(M2)



# ئاتائغا رەھمەت تەڭرىتاغ ئوغلانلىرى

## تەڭرىتاغ ئوغلانلىرى ئادىل ھوشۇر بىلەن ئابدۇراخمان ئابلىكىمگە تون كىيگۈزۈلدى

ئابدۇرېھىم توختى

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىپتىخارى، تەڭرىتاغ ئوغلانلىرى «پەلەك شاھى» ئادىل ھوشۇر بىلەن ئاسىيا بوكس چېمپىيونى ئابدۇراخمان ئابلىكىمنىڭ ياراتقان مۆجىزىلىرىنى قۇتلۇقلاش ئۈچۈن 18-ئۆكتەبىر كەچتە ئابلەت ھاجىم مېھمانسارىيىنىڭ «ئاققۇ» رېستورانىدا بۇ ئىككى ئەزىمەتكە تون كىيگۈزۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە ئىدارىسىنىڭ تەزكىرە تەتقىقاتچىسى، مەرىپەتپەرۋەر ياسىن قاسىم ئەپەندى بىلەن «ئاققۇ» رېستورانىنىڭ دىرېكتورى مەريەم خانىم خېكشەن تېغىدا يەنە بىر قېتىم دۇنيا گىننىس رېكورتىنى ياراتقان تەڭرىتاغ ئوغلانى، «پەلەك شاھى» ئادىل ھوشۇرنىڭ زەپەر، قۇچۇپ قايتىپ كەلگەنلىكىنى، ئاپتونوم رايونىمىزدىن ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا تۇنجى قېتىم قاتناشقان بوكس پالۋىنىمىز ئابدۇراخمان ئابلىكىمنى قۇتلۇقلاش يۈزىسىدىن ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ ئۇلارغا تون كىيگۈزدى. رېستوران خىزمەتچىلىرى گۈلدەستىلەرنى تەقدىم قىلدى. سورۇن ئەھلى كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا ئۇلار بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ قۇتلۇقلىدى.

مۇراسىمدا ئابلەت ھاجىم مېھمانسارىيىنىڭ باش دىرېكتورى سىدىق ھاجى ئەپەندى ئادىل ھوشۇر بىلەن ئابدۇراخمان ئابلىكىمنىڭ ھەر بىرسىگە 1000 يۈەندىن، شىنجاڭ تەنتەربىيە مەكتىپىدىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر 600 يۈەن، ئۈرۈمچى شەھىرى بۇلاقبېشى، شياۋشىمېن توپ سېتىش بازىرىدىكى سودىگەرلەر 500 يۈەن پۇل ئىئانە قىلدى.

مۇراسىمغا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مىجىت ناسىر ئەپەندى ئىشتىراك قىلدى ھەمدە بۇ ئىككى ئەزىمەتنى قۇتلۇقلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ سابىق مۇدىرى ئابلىز باقىئەپەندى سۆز قىلىپ، ئۇلارنىڭ شىنجاڭ خەلقىگە شان - شەرەپ كەلتۈرگەنلىكىگە تەشەككۈر ئېيتتى.

داڭلىق نەسىرچى ئەخمەت ئىمىن ئەپەندى بۇ ئىككى ئەزىمەتكە ئاتاپ يازغان «يىگىت» دېگەن نەسىرىنى ئوقۇپ كىشىلەرنى چوڭقۇر ھاياجانغا سالدى.

ئابدۇرېھىم توختى فوتوسى(M2)



# يىگىت

(نەسىر)

— «پەلەكشاھى» ئادىل ھوشۇر بىلەن بوكس پالۋىنى ئابدۇراخمان ئابلىكىمگە تون كىيگۈزۈش مۇراسىمىدا ئوقۇلغان

## ئەخمەت ئىمىن

ئوتتۇرسىدىكى چوڭقۇر ھاڭ بىلەن ھېچكىمگە ئارىمىزدىن ئۇدۇل يول بەرمەيمىز، دەپ گىدىيىپ ئىككى بۈيۈك چوققا ساڭا خىرىس قىلغانىدى، دارۋىزىم، سەن ئۇلارغا ئاجايىپ بىر نەزەر بىلەن قاراپ قويدۇڭ.

تۇتەك — تۇمانلار سېنىڭ كۆزۈڭنى باغلايمىز، دېگەنىدى، دارۋىزىم، سەن ئۇنىڭغىمۇ ئاجايىپ بىر نەزەر بىلەن قاراپ قويدۇڭ.

راست، سېنىڭ نەزىرىڭ ئاجايىپ ئىدى، ئۇنىڭدا بەنىستىمەسلىك ئەمەس، ئەستايىدىللىق بار ئىدى؛ ئۇنىڭدا ئىككىلىنىش ئەمەس، قەتئىيلىك بار ئىدى.

راست، سېنىڭ نەزىرىڭ ئاجايىپ ئىدى، ئۇنىڭدا تەۋەككۈلچىلىك ئەمەس، ئىشەنچ بار ئىدى؛ ئۇنىڭدا زەئىپلىك ئەمەس، پىداكارلىق بار ئىدى.

سەن سىم ئارقانغا قەدەم قويدۇڭ، دارۋىزىم، ھەرقانداق قولايسىزلىققا قارىماي قەدەم قويدۇڭ، چۈنكى سېنىڭ ئىرادەڭنى نامايىش قىلىدىغان ۋاقتىڭ توشقانىدى.

بىز سېنى ئاجايىپ بىر چېكىش ھېسسىيات ئىچىدە ئۇزىتىپ قويدۇق. سەن تەمكىن قەدەملىرىڭبىلەن مېڭىپ كەتتىڭ، يىراقلىدىڭ، ئاز ئۆتمەي تۇمان ئىچىگە كىرىپ كەتتىڭ . . .

ئاھ، دارۋىزىم، شۇ چاغدا سەنلا ئەمەس، بىزمۇ تۇمان ئىچىدە قالدۇق، كۆز كۆرەلمىگەن يامان ئىكەن. بىزنى تەشۋىش تۇمانلىرى چۈلغىۋالدى.

سىم تىترىگەندە يۈرەكلىرىمىز تىترىدى، يولۇڭغا يامغۇر تۆكۈلگەندە، كۆز ياشلىرىمىز تۆكۈلدى.

ھەمنەپەسلىك دېگەن شۇنداق بولىدىكەن: نەپەسلىرىڭ ئىتتىكلىگەندە نەپەسلىرىمىزمۇ ئىتتىكلىدى؛ نەپەسلىرىڭنى ئاڭلىيالمىغاندا، نەپەسلىرىمىز توختاپ قالغاندەك بولدى.

تىۋىشىڭنى دىرەكلەپ سىمغا قۇلىقىنى ياققان يالغۇز جۈپتى ھالالىڭ، ۋاپادار ئۆمۈر يولدىشىڭ ئىباگۇللا ئەمەس، مىللىتىڭ، خەلقىڭ شۇ دەقىقىدە تەڭلا شۇ سىمغا غايىبانە قۇلىقىنى ياقتى.

چايقىلىپ كېتىۋاتقان سىمنى ئىختىيارسىز چىڭ تۇتۇۋالغان يالغۇز ئىباگۇللا ئەمەس، دوست-بۇرادەر، قېرىنداشلىرىڭ، يىلتىزداشلىرىڭ شۇ دەقىقىدە تەڭلا شۇ سىمنى غايىبانە تۇتتى.

شۇ دەقىقىدە ئاۋازىڭ ياڭرىدى، شۇ ئاۋاز بىلەن تەڭ يالغۇز شۇ جىلغىدىلا ئەمەس، مىليونلىغان قەلبتە ئەكس سادا ياڭرىدى.

سەن سۆزلەپ كەلدىڭ، ياق، سۆزلەپ ئەمەس، ھاياتقا مۇھەببەت كۈيىنى كۈيلەپ كەلدىڭ.

سەن سۆزلەپ كەلدىڭ، ياق، سۆزلەپ ئەمەس، مەردانىلىق كۈيىنى كۈيلەپ كەلدىڭ.

— مانا يىگىت! — دېدى ئاقساقال بوۋاڭ.

— ياشا يىگىت! — دېدى ئاقباش موماڭ.

يىغلاپ تۇرۇپ كۈلدى ئاچا-سىڭىللىرىڭ؛ پەخىرلەندى، ئويلاندى، يەنە ئويلاندى ئاكا — ئىنىلىرىڭ.

«يىگىت! يىگىت!»

ھەممەيلەننىڭ قەلبىدە شۇ بىرلا سۆز!

سېنىڭ ۋەزنىڭنى ئىپادىلىگىنىمۇ شۇ بىرلا سۆز!

راست، يىگىت! «يىگىت» دېگەن بۇ سۆز سېنىڭ ۋەزنىڭنى ئىپادىلىدى، سەن ئۆز ۋەزنىڭ بىلەن يىگىتنىڭ ھەقىقىي، چىن مەنىسىنى ئىپادىلىدىڭ.

بىز سەندىن بىلدۇق: يىگىت دېگەن جەسۇرلۇق ئىكەن؛ يىگىت دېگەن تەمكىنلىك ئىكەن؛ يىگىت دېگەن پىداكارلىق ئىكەن؛ يىگىت دېگەندە نۇرغۇن — نۇرغۇن مەنا بار ئىكەن. . .

بۈگۈن ساڭا تون كىيگۈزۈلدى، ئۇيغۇرنى خەلقئارا بوكس سەھنىسىدە تونۇتقان ئابدۇراخماننىمۇ تون كىيگۈزۈلدى.

بۇ تون يىگىتلىك تونى، خەلقنىڭ ھەقىقىي يىگىتلىرىگە كىيگۈزىدىغان ئۇيغۇرنىڭ تونى!

سىلەر خەلقىڭلەرگە ھىممەت كۆرسىتىۋىدىڭلار، خەلق سىلەرگە ھىممەت كۆرسەتتى. خەلق ئۇلۇغلىغان ئادەم ئۇلۇغۋار قىممىتى بىلەن مەڭگۈ ياشايدۇ!

مۇبارەك بولسۇن، يىگىتلەر، خەلق كىيدۈرگەن مۇقەددەس توننى قانات قىلىپ، شان-شەرەپ كۆكىدە داۋاملىق زەپەر قۇچۇڭلار!

---

ئاپتور: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ كاندىدات ئالىي مۇھەررىرى

(M1) — ئالىم خالىددىن فوتوسى

 

# ئىككى مەشھۇر سەنئەتكارغا تەبرىك خەت

زۇنۇن قۇتلۇق
(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى)

## «ھىسام قۇربان چاقچاقلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»غا تەبرىك خەت

«ھىسام چاقچاقلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»غا ئىشتىراك قىلغان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى، ئىلى ۋىلايىتى، غۇلجا شەھىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، ئالىملار، ئەدىبلەر، سەنئەتكارلار، ھەرساھە زاتلىرى مېھمانلار:

غۇلجا شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرى جەمئىيىتى، «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى بىرلىشىپ ئاچقان «ھىسام چاقچاقلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»نى ئەڭ ياخشى تىلەكلىرىم بىلەن قىزغىن تەبرىكلەيمەن، يىغىن ئەھلىگە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن.

ئالەمگە مەشھۇر ئالىمزار، تۇلپار ماكانى، مەرىپەتلىك يۇرت، مۇقام - مەشرەپ، ناخشا-ئۇسسۇل دىيارى دەپ شۆھرەتلەنگەن ئىلىدا تارىختىن بۇيان كۆپلىگەن ئالىم - ئەدىبلەر، مەشھۇر مائارىپچىلار، ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ ئېپتىخارى ھېسابلانغان ئاتاقلىق مۇقامچىلار ۋە سەنئەتكارلار يېتىشىپ كەلدى ۋە كەلمەكتە. ھىسام قۇربان ئاكا بۇ خاسىيەتلىك دىيار ئىلىدا يېتىشىپ چىققان تەڭداشسىز قىزىقچى، خەلقىمىزنىڭ سۆيۈملۈك دىلكىشى، زامانىمىزدىكى نەسىرىددىن ئەپەندىسى، ئەل قەلبىدە مەڭگۈ يېقىلماس ھەيكەل تىكلىگەن بۈيۈك سەنئەتكار. ئۇ ئۆزىنىڭ جاپا-مۇشەققەتلىك، قايغۇ-ھەسرەت بىلەن خۇشاللىق گىرەلىشىپ كەتكەن مەنىلىك ئۆمۈر مۇساپىسىدە خەلق بىلەن تەقدىرداش بولۇپ، ئەلنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۇيىدە ئېقىپ، ئەل-ئاۋامغا دىلكەش، مۇڭداش، خۇشاللىقىغا پەيز قوشۇپ، ئۆزىنىڭ ئاجايىپ ئۆتكۈر مەنالىق، يۇمۇرلۇق تۇيغۇغا باي ھايات ھەقىقەتلىرىگە تويۇنغان تەڭداشسىز قىزىقچىلىق - چاقچاقلىرى بىلەن خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى بېيىتىپ كەلدى. ئەمگەكچان، سەنئەتخۇمار، مەرد، سېخىي خەلقىمىز ئۆزىنىڭ ھىسام قۇربان ئاكىدەك پۈتكۈل مەملىكەتكە ۋە دۇنياغا تونۇلغان بۇ مەشھۇر سەنئەتكارى بىلەن پەخىرلىنىدۇ.

ئاخىرىدا بۇ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ نەتىجىلىك ئۆتكۈزۈلۈشىگە تىلەكداشمەن. ھىسام قۇربان ئاكىغا سالامەتلىك، ئۇزاق ئۆمۈر تىلەيمەن.

2000-يىل 25-ئاۋغۇست

## «مۇھەممەتئېلى زۇنۇن ئىجادىيىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»غا تەبرىك خەت

شائىر، يازغۇچى، دراماتورگ مۇھەممەتئېلى زۇنۇن ئىجادىيىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ قەشقەردە ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن.

يولداش مۇھەممەتئېلى زۇنۇن يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن يېتىشىپ چىققان يېڭى ئەۋلاد ئەدىبلىرىمىزنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىللىرىدىن بىرى، تالانتلىق يازغۇچى، شائىر، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان تىياتىرچىلىقىغا ئۆچمەس تۆھپە قوشقان تۆھپىكار دراماتورگ، يېتىشكەن تىل ئۇستىسى.

يولداش مۇھەممەتئېلى زۇنۇن ئازكەم 50 يىللىق ئىجادىيەت ھاياتىدا خەلق بىلەن ھەمنەپەس - تەقدىرداش بولۇپ كۆپلىگەن نادىر - ئېسىل داستان، باللادا، شېئىر، ئۆلگىلىك ناخشا تېكىستلىرى ۋە ھېكايە-پوۋېستلارنى ئىجاد قىلىپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا مۇھىم تۆھپە قوشتى؛ «مۇقام ئۇستازى»، «جەنۇبتىكى جەڭ»، «مەسلىھەت چېيى»، «رابىيە - سەئىدىن»، «ئەزىزە»، «مۇقام يۇرتىنىڭ يېڭى باھارى» قاتارلىق داڭلىق دراما - ئوپېرالىرى ۋە تۈرلۈك ژانىرلاردىكى سەھنە ئەسەرلىرى بىلەن تاماشىبىنلار قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى يولداش مۇھەممەتئېلى زۇنۇننىڭ شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىگە قوشقان تۆھپىلىرىگە يۇقىرى باھا بېرىدۇ. مەن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرمىللەت سەنئەتچىلىرى نامىدىن ئۇنىڭغا ئېھتىرام بىلدۈرىمەن. بۇ تالانتلىق ئەدىب، تۆھپىكار دراماتورگنىڭ تېنىگە سالامەتلىك، ئىجادىيىتىگە يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەر تىلەيمەن.

2000-يىل 15-سېنتەبر (M2)



# غەلىبە، سەن نەدە؟!

— ئاسىيا بوكس چېمپىيونى ئابدۇراخمان ئابلىكىمنىڭ سىدنېيدا ئۆتكۈزۈلگەن 27-نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدىكى مەغلۇبىيىتىدىن تۇغۇلغان ئويلار

## ئابلەت ئابدۇرېشىت بەرقىي

1

شەرق ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرى ئادەمنىڭ تېنى بىلەن روھى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئات مىنگۈچى — چەۋەنداز بىلەن ئاتنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشاتقان، روھ چەۋەندازدۇر، تەن ئاتتۇر. چەۋەنداز زەئىپ بولسا، ئاتنىڭ ئىختىيارىغا چۈشۈپ قالىدۇ. چەۋەنداز كۈچلۈك بولسا، ئات ئىگىسىنى ئۇقۇر ياكى بىدە يېنىغا ئەمەس، ئىنسانىي كامىللىق مەنزىلىگە

### ئويلىنىش ۋە ئىزدىنىش

ئاپىرىدۇ.

تۈركىيىنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى ياشار كامال «كور ئوغلى» دېگەن داستانىدا : «ئات ئىگىسىگە باقىدۇ، ئاتقا مىنگەن ئادەم جەسۇر بولسا، ئاتمۇ جەسۇر بولىدۇ. قورقۇنچاق بولسا، ئاتمۇ قورقۇنچاق بولىدۇ، ئۈركىگەك بولسا، ئاتمۇ ئۈركىگەك بولىدۇ. قورقۇپ تىترىسە، ئاتمۇ تىترەيدۇ. خۇشال بولسا، ئاتمۇ خۇشال بولىدۇ» دەپ يازىدۇ.

ئات بىلەن چەۋەندازنىڭ تەڭلا كۈچلۈك بولۇشى ئىنسانىي كامىللىقنىڭ ئەڭ يۇكسەك پەللىسىدۇر. شەرق ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرى تەن بىلەن روھنىڭ مۇناسىۋەت دىئالېكتىكىسىنى مانا شۇنداق چۈشەندۇرگەن. تەننى تاۋلاش جەريانىنى ماھىيەتتە

تەن ئارقىلىق روھنى تاۋلاش جەريانى، روھ ئارقىلىق تەننى تاۋلاپ ئىنسانىي كامىللىققا يېتىشنى ھاياتنىڭ مەنىسى، دەپ قارىغان. ئىنساندىن ئىبارەت مەۋجۇدىيەتنىڭ تەن ۋە روھتىن ئىبارەت ئىككى تەرىپىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى دىئالېكتىكا شەرق ئىسلام پەلسەپىسىنىڭ ئىنسان ھەققىدىكى جەۋھەر قىسمى بولغان.

گەرچە بىزدە روھنى تاۋلاش ھەققىدىكى ئۇقۇملار خەلق ئارىسىدا كەڭ ئومۇملىشىپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ ، تەننى تەربىيىلەش، چېنىقتۇرۇش ھەققىدىكى گۈزەل ئۇقۇم ۋە كېيىن تەرەققىي قىلىپ مۇستەقىل بىر پەننىڭ نامى بولۇپ قالغان «تەنتەربىيە» خەلق ئارىسىدىكى ھەممە ئادەم بىلىدىغان ئۇقۇمغا ئايلانغان. تەننى تاۋلاش - چېنىقتۇرۇش دېگەن گەپلەرگە قارىغاندا، مەدەنىيلىك، ئىلمىيلىق تۈسى تېخىمۇ قويۇق بولغان تەنتەربىيە (تەننى تەربىيىلەش) ئۇقۇمى مىللىي مەدەنىيەت قاتلىمىمىزدىكى ئالاھىدە تەركىب ۋە ئالاھىدە مەزمۇن بوپقالغان.

ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ھەققىدە گەپ بولغاندا، ئات ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىدۇ، لېكىن ئىنسانلار ئاتچە ئېتىبار بەرمەيۋاتقان يەنە بىر مۇھىم ئامىلمۇ بار، ئۇ بولسىمۇ، ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخىغا قەدەم قويۇشى ۋە مەدەنىيەت تارىخىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تۈرتكە بولغان قەھرىمانلىق، باتۇرلۇق، قارامىلىق ئامىلىدۇر. قەھرىمانلىق، باتۇرلۇق، قارامىلىق ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى ، ئىنساننىڭ ئىنسانىي خاراكتېرىنى يارقىنلاشتۇرۇدىغان مۇھىم ئامىللار بولۇپ، ئىنسانىيەت تارىخى تا ھازىرغا قەدەر، باشقىچە نۇقتىدىن ئېيتقاندا، مۇشۇ ئامىللارنىڭ مەھسۇلى بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ گۈزەل مەزگىلى ئەپسانە، رىۋايەت دەۋرى. قەھرىمانلىق ئېپوسلىرى دەۋرى دەل مۇشۇ ئامىلنى ئۆزىگە مەنبە قىلغان. ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ئەڭ رومانتىك ۋە گۈزەل دەۋرى ئەدەبىيات - سەنئەت ئويغىنىشىدىن ئىلگىرىكى يايلاق ئىمپېرىيىلىرى - ئات مەدەنىيىتى دەۋرىمۇ بۇ ئامىللار ئارقىلىق رومانتىكلىققا، گۈزەللىككە ئىگە بولغان. ئىنسانىيەت قەھرىمانلىق، باتۇرلۇق، قارامىلىققا بىرخىل گۈزەللىك سۈپىتىدە چوقۇنغان.

ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىكى ئىلگىرىلەشلەر كېيىنكى مەزگىللەردە ، بولۇپمۇ 20-ئەسىرگە كەلگەندە قەھرىمانلىق، باتۇرلۇق، قارامىلىق يېڭى روھقا ئىگە بولدى. زامانىۋى ئىلىم-پەن قەھرىمانلىق، باتۇرلۇق، قارامىلىقتىن ئىبارەت روھنىڭ خاراكتېرىنى يېڭىلاپ، مەدەنىيەتتىكى ئىلگىرىلەش بۇ خىل روھقا يېڭى ھاياتىي كۈچ بېرىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ھايات-ماماتلىق جەڭگاھلاردىن تىنچلىقتىكى جەڭگاھ - تەنتەربىيە مەيدانىغا يۆتكىدى. بۇ خىل روھنىڭ ھايات-مامات جەڭگاھلىرىدىكى ئورنى ھوللىۋود ۋە شياڭگاڭلاردا ئىشلەنگەن شەخسىي قەھرىمانلىق، باتۇرلۇق، قارامىلىق تەسۋىرلەنگەن كىنولاردىلا قېلىپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئۆتمۈش ھەققىدىكى گۈزەل خىيالى بوپقالدى.

خۇددى پاكىستان تارىخچىسى، «ئىسلام دىنىنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن كىتابنىڭ مۇئەللىپى سەئىد فەيياز مەھمۇد«مۇھەممەدت ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىكى ئەرەب ئىمپېرىيىسى، ھىندىستاندىكى بۈيۈك موغۇل ئىمپېرىيىسى، ئوسمانىيلار ئىمپېرىيىسى دەسلەپتە شۇ دۆلەتلەرنى قۇرغۇچى مىللەتلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى قەھرىمانلىق، قورقۇمسىزلىق روھى بىلەن دۇنياۋى ئىمپېرىيىلەرگە ئايلانغان بولسا، ئۇلارنىڭ زەئىپلىشىشىنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرى مۇشۇ خىل روھنى يىتتىرىپ قويغانلىقىدىن بولدى» دەپ خۇلاسىلىگەندەك، 20-ئەسىرگە كەلگەندە بۇ خىل روھ دۆلەتچىلىك، مىللەتچىلىكتە ئىنسانىيەت ئورتاق چوقۇنىدىغان روھ بولۇشتىن قالمىغان بولسىمۇ، لېكىن خاراكتېرى باشقا نۇقتىغا يۆتكەلدى. ئەمدى سىياسىي ئىمپېرىيىلەرنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرىدىغان نۇقتا ئورتاق ئىدېئولوگىيە، ئىلىم - پەن، زامانىۋى تۈزۈم نۇقتىسىغا قاراپ تەرەققىي قىلدى. قەھرىمانلىق، باتۇرلۇق، قارامىلىق تەنتەربىيىدىن ئىبارەت يېڭى شەكىل بىلەن قايتا ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولدى. تەنتەربىيە ئومۇمىي خەلق ساپاسىنى ئۆلچەيدىغان، زامانىۋى پۇقرالىقنىڭ بىر مۇھىم شەرتى بوپقالدى. ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ۋە باشقا نۇرغۇن تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرى، تەنھەرىكەت تۈرلىرى بارلىققا كەلدى خەلقئارالاشتى. شەرق ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ تەن بىلەن روھنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويغان غايىلىرىنىڭ بىرى تەننى تەربىيىلەپ، روھنى كۈچەيتىپ كامىل ئىنسانلىققا يېتىشنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى تەننى تەربىيىلەش - دۇنياۋى غايىگە ئايلاندى. تەنتەربىيىدىكى كۈچلۈكلۈك دۆلەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك كۈچلۈكلۈكىدىكى مۇھىم تەرەپ بوپقالدى. 2000-يىلى سېنتەبىر سىدنېيدا ئۆتكۈزۈلگەن 27-نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ مىسلىسىز داغدۇغىسى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ، ئەلۋەتتە. بۇ مۇسابىقىغا ئىنتايىن قەدىمىي تارىخقا ئىگە، لېكىن ھازىرقى زامان ئالدىدا گۆدەك پېتى قالغان، جۇڭگودىكى نوپۇسى ئەڭ كۆپ ئازسانلىق مىللەتنىڭ بىرى، دۇنيادىكى تەخمىنەن 2500دىن ئارتۇق مىللەت ئىچىدە چوڭ-كىچىكلىك پەرقى بويىچە دەرىجىگە ئايرىغاندا100-دىن كېيىن قالمايدىغان ئۇيغۇر مىللىتىمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلدى. ئۇلار قانداقتۇر بىر نەرسىنى كۈتەتتى، نېمىدىندۇر ئۈمىدلىنەتتى. ئۇلارنىڭ چىرايىنى خۇشاللىق ئارىلاشقان بىر خىل ئەندىشە تۇيغۇسى قاپلىغانىدى.

## 2

ئۇيغۇرلار تارىختا قەدىمىي مىللەت بولۇپلا

www.uyghurkitap.com

قالماي، قەھرىمانلىق، باتۇرلۇق، قارامىلىققا چوقۇنۇپ كەلگەن مىللەتتۇر. قەدىمكى خەنزۇ، تىبەت، پارس، ئەرەب، غەربنىڭ تارىخىي مەنبەلىرىگە قارىغاندا، ئۇلارغا تەبىئەت كېلىشكەن قەددى-قامەت، ئېگىز بوي، قاۋۇل تەن ئاتا قىلغان. ئۇلارنىڭ ئويناق ئەقلى بىلەن چوڭقۇر تەپەككۇرى بۇخىل تەن ئەۋزەللىكىنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرغان. ئۇلار چوقۇنغان قەھرىمانلىق، باتۇرلۇق روھى بۇ خىل ۋۇجۇد ئەۋزەللىكىگە روھ ئەۋزەللىكىنى قوشۇپ، ئاتا-بوۋىلىرىمىزنى تارىختا كىشى پەخىرلەنگۈدەك مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئىگە قىلغان. شەرق ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ تەن ۋە روھنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى دىئالېكتىكىسىغا ئۇيغۇرلار ئۆز ئەقىل - پاراسىتى ئارقىلىق يېڭى مەنىلەرنى بېغىشلىغان.

يېقىنقى زامان تارىخىدىكى بېكىنمىچىلىك ۋە تەپەككۇر چۈشكۈنلۈكى قاتارلىق ھەر خىل ئىجتىمائىي، تەبىئىي ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن مىللىتىمىز 20-ئەسىرگە كەلگەندە قەھرىمانلىق، باتۇرلۇقتىن مېھرىنى ئۈزمىدىيۇ، لېكىن ئۇنى يېڭى مەنىلەر بىلەن بېيىتالمىدى. پۈتكۈل دۇنيانىڭ قەھرىمانلىق، باتۇرلۇق روھى تەنتەربىيە، سودا، تېخنىكا ئارقىلىق يېڭى چىقىش يولىغا ئېرىشكەن بىر پەيتتە ئۇيغۇرلار 21-ئەسىرنىڭ بوسۇغىسىغا كەلگەندە ئاندىن غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغاندى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى قەھرىمانلىق، باتۇرلۇق، قارامىلىق روھى مەھەللىۋى لۈكچەكلىك، ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ قېنىنى چېچىش، شارابخورلۇق، بەڭگىلىك، زەھەرلىك چېكىملىككە بېرىلىش، خوتۇنبازلىق شەكلىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. تەننى تەربىيىلەش، روھنى تاۋلاش خاھىشى، تەننى خارلاش، روھنى يىپى ئۈزۈلگەن لەگلەكتەك قويۇۋېتىش خاھىشىغا ئورۇن بەردى. روھتىكى ئاجىزلىق، تەننى ئۆز ئەركىگە قويۇۋېتىش خاھىشىغا ئورۇن بەردى. روھتىكى ئاجىزلىق، تەننى ئۆز ئەركىگە قويۇۋېتىش خاھىشى تەن بىلەن روھنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى دىئالېكتىكىغا تەسىر يەتكۈزۈپ، ئادەمنى ئات (يەنى روھنى تەن) ئوقۇرغا سۆرەيدىغان ھالەت ئومۇمىي مىللىي پىسخىكىغا ئايلاندى. يېمەك-ئىچمەك سانائىتىمىزنىڭ بىردىن تەرەققىي قىلىپ، ئۇيغۇرلاردىكى دېھقانچىلىقتىن كېيىنكى ئاساسلىق ئىگىلىك شەكلىگە ئايلىنىشى، مىللىتىمىزنىڭ ئىچكىرىدە كاۋاپچى، ناخشا-ئۇسسۇلچى، دەپ مەشھۇر بولۇشى، يېمەك - ئىچمەك ۋە كىيىم-كېچەك مودىسىنىڭ شەھەرلىرىمىزنى ئىستېلا قىلىشى بۇ خىل يۈزلىنىشنىڭ پولاتتەك دەلىلىدۇر. نەپسىنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ، ماددىي مەئىشەت ئالدىدا رەسۋا بولۇش، ھۆكۈمەت ۋە خەلقنىڭ ، ۋىجدان ۋە ئىماننىڭ ئالدىدا يەرگە قاراپ قېلىش بىزدە كەم تېپىلىدىغان ئەھۋال ئەمەس، ئەلۋەتتە.

«ئىنساننىڭ قىممىتى - ئاتنىڭ سۈرىتىنىڭ باھاسى ئەمەس، بەلكى ئات مىنگۈچىنىڭ ماھىيەت ۋەزنى» دەيدۇ ئىنسىكلوپېدىك ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2000-يىل 4-، 5- (قوشما) سانىدا بېسىلغان «ئارىفنامە» سىدە.

مىللەتنىڭ روھىدىكى كۈچ - مەنىۋى ئېنېرگىيىدۇر. مىللەتنىڭ ساپاسى مىللەت ئەزالىرى ساپاسىنىڭ يىغىندىسىدۇر. ئۇيغۇرلار بۇ نۇقتىنى 20-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىغا كەلگەندە قايتا ئەسكە ئالدى. دۆلەتنىڭ ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتى ئۇلارنىڭ مەنىۋىيىتىدىمۇ ئىسلاھات دولقۇنى قوزغىدى. ئۇلار ئىسلاھاتتىكى ئاكتىپ ئامىلغا ئايلىنىش ئۈچۈن ئۆزىنى، ئۆزلۈكىنى ئىسلاھ قىلمىسا بولمايتتى. چۈنكى ھەرقانداق بىر ئومۇمىي ئىسلاھات، جەمئىيەتنىڭ ئەڭ كىچىك بىرلىكى ئائىلە ۋە ئائىلىنىڭ ئەڭ كىچىك بىرلىكى ئادەم ئۆزلۈكىدىن باشلانمىسا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ. ئىسلاھاتتا ئۆزلۈك ئىسلاھاتىدىن ئىبارەت بۇ ئىجتىمائىي ئېھتىياج ئۇيغۇرلارغا يەنە تەن بىلەن روھنىڭ مۇناسىۋەت دىئالېكتىكىسىنى ئەسلەتتى. ئۇلار روھ ۋە تەننىڭ تەربىيىسىگە كۆڭۈل بۆلۈشكە باشلىدى. تەنتەربىيە تەننى تەربىيىلەشتىكى مۇھىم ئۇقۇم سۈپىتىدە كىشىلەرنىڭ كاللىسىدىن ئورۇن ئالدى. تەننى تەربىيىلەش، روھنى تاۋلاش ئېھتىياجىغا، تەننىڭ ئىچكى قىسمىدىكى باتۇرلۇق، قەھرىمانلىق، قارامىلىق روھنى قېزىش ئارقىلىق روھقا كۈچ-قۇۋۋەت بېرىش، روھ ئارقىلىق تەندىكى قەھرىمانلىق، باتۇرلۇق ھۆجەيرىلىرىنى ئويغىتىش بىر خىل زۆرۈر ئېھتىياجغا ئايلاندى. تەنتەربىيە مەيدانلىرىدا ئادەم، تەپەككۇر مۇنبەرلىرىدە روھ پەيدا بولدى.

«نوپۇس كۆپىيىۋاتىدۇ، ئەمما ئادەملەر ئازىيىۋاتىدۇ» دېگەندى يازغۇچىمىز ئابدۇللا ساۋۇت «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1997-يىل 6-سانىدا. بۇ يەردە يازغۇچىمىزنىڭ كۆزدە تۇتۇۋاتقىنى باتۇرلۇق روھى بار ئادەملەر، ئەلۋەتتە. دېمەك، روھنىڭ پەيدا بولۇشى بىر ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى بوپقالدى..

## 3

چېلىش ۋە بوكس - دۇنيا تەنتەربىيىسىدىكى ئەڭ جەلپ قىلارلىق تۈرلەرنىڭ بىرى. بولۇپمۇ بوكس تېخىمۇ شۇنداق. بۇ تۈر ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىنىڭ مۇھىم ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى بولغان قەھرىمانلىق، باتۇرلۇق، قارامىلىق، چىۋەرلىكنىڭ مەھسۇلى بولغان ئۇرۇشنىڭ - ئىنسانىيەتنىڭ مەۋجۇدلۇق يولىدىكى ئېلىشىشنىڭ تەنھەرىكەت تۈرلىرى ئارىسىدا ئانچە ئىسلاھ قىلىنماي ساقلىنىپ قالغان بىر تۈرى؛ قەھرىمانلىق، باتۇرلۇق، قارامىلىقنىڭ تەنتەربىيە سەھنىسىگە يىغىنچاقلىنىشى. تەنتەربىيە ئەڭ دەسلەپ بىر ئىلىم دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەندە نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنى قەھرىمانلىق، باتۇرلۇق، قارامىلىقنىڭ مەدەنىيلەشتۈرۈلۈشى، ئۇرۇش

ھەرىكەتلىرىنىڭ ھايات-ماماتلىق ئېلىشىشى، دەپ قارىماي بەلكى كۆڭۈل ئېچىش، تەننى تەربىيىلەپ روھنى تاۋلاش ئۈچۈن سەھنىگە ئېلىپ چىقىلىشى، دەپ قارىدى. ھەتتا يېقىنغىچە بەزى دۆلەتلەر بوكسيورلۇقنى مەدەنىيەتلىك ئەمەس، دەپ قاراپ چەكلەپ كەلدى. مەيلى قانداق قارىلىشتىن قەتئىينەزەر، بوكسيورلۇق ۋە چېلىشىش ھايات-ماماتلىق ئېلىشىشنىڭ مەدەنىيلەشتۈرۈلگەن بىر قىسمى شەكلىدە تەنتەربىيە ھەرىكەتلىرىنىڭ مۇھىم بىر تۈرى بوپقالدى. ئىنسانلار ۋۇجۇدىدىكى قەھرىمانلىق، باتۇرلۇق ۋە قارامىلىققا بولغان چوقۇنۇشنى ئۇرۇش كىنولىرىدىن باشقا بوكسيورلۇق مەيدانىدىكى ئېلىشىش ئارقىلىق بېسىپ كەلدى.

ئۇيغۇرلارغىچە جۇڭگو تەنتەربىيىسى مۇنبىرىدە 1950-يىللاردىن كېيىن چېلىشىش قاتارلىق تۈرلەردە كۆزگە كۆرۈنگەن بولسىمۇ، 1990-يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، رىقابەت كۈچى، خېيىم-خەتىرى ئىنتايىن كۈچلۈك، قەھرىمانلىق، باتۇرلۇق، ئەقىل-پاراسەت جەم قىلىنغان بوكستىن ئىبارەت تەنھەرىكەت تۈرى بىلەن تۇيۇقسىز پەيدا بولدى. ئابدۇشۇكۇر مىجىت جۇڭگو بوكس شاھى ئاتالدى. ئابدۇراخمان ئابلىكىم ئاسىيا بوكس چېمپىيونى بولدى. ئەكرەم قاتارلىق يەنە بىر قانچە بوكس ماھىرى مەملىكەتلىك بوكس مۇسابىقىلىرىدە ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى. تەنتەربىيە ئوبزورچىلىرى جۇڭگو بوكس تەنھەرىكىتىنىڭ ئۈمىدى غەربىي شىمالدا، دەپ باھا بېرىشتى. بۇ نەتىجىلەر بىر مىليارد ئىككى يۈز مىليون نوپۇسقا ئىگە، نوپۇس رىقابىتى ئىنتايىن كەسكىن جۇڭگودا بارلىققا كەلدى.

بۇ نەتىجىنى بىر مۆجىزە دەپ قارىماي بولمايتتى. كېيىن بۇ ماھىرلار دۇنيادا ۋە ئاسىيادا ئۆتكۈزۈلگەن بىر قىسىم مۇسابىقىلەردە ياخشى نەتىجە قازىنىپ ئابدۇشۇكۇر مىجىت، ئەكرەملەر ئاسىيا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا قاتنىشىش سالاھىيىتىگە ئېرىشتى؛ ئابدۇراخمان ئابلىكىم دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى - تۆت يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان 27-نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا قاتنىشىش ھوقۇقىغا ئىگە بولدى. بۇ شۇنداقلا ئابدۇراخماننىڭ ئېغىرلىق دەرىجىسىدىكى جۇڭگو بوكس ماھىرىنىڭ دۇنيا ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا تۇنجى قېتىم قاتنىشىشى بوپقالدى. جۇڭگو لەرزىگە كەلدى، ئۇيغۇرلار لەرزىگە كەلدى. ئۇيغۇرلار بارغانسېرى پاكارلىشىپ كېتىۋاتقان بويىنى ئېگىزلەپ قالغاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدى. قارىغاندا، ئۇيغۇرلار ئىسلاھاتتىن بىۋاستە نەپكە - روھ بىلەن تەننىڭ مۇناسىۋەت دىئالېكتىكىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، تەننى تەربىيىلەش، روھنى تاۋلاش، كۈچلۈك چەۋەنداز، قاۋۇل ئات دەۋرىگە يېقىنلاپ قالغاندەك قىلاتتى.

لېكىن 2000-يىل 18-سېنتەبىردە سىدنېيدىن شۇم خەۋەر كەلدى. پۈتكۈل ئۇيغۇر غايەت زور ئۈمىدلەرنى كۈتكەن ئابدۇراخمان ئابلىكىم نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى، ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىغىمۇ كىرەلمىدى. جۇڭگو مەتبۇئاتى ئابدۇراخمان ئابلىكىم بىلەن ياۋروپادا ئىككىنچىلىككە ئېرىشكەن پولشا ماھىرى پاكازىتىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇسابىقىنى بىر مەيدان كۈچلۈكلەر بىلەن ئاجىزلار ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان مۇسابىقە، دەپ تەسۋىرلىدى. تەسەللىي بېرىشنى مەقسەت قىلغاندەك كۆرۈنىدىغان بۇ خىل تەسۋىرلەش كىشىلەرنىڭ قايغۇلۇق، چۈشكۈن ھېسسىياتىغا ئامال قىلالمىدى. ئابدۇراخمان ئابلىكىم ئاسىيا چېمپىيونى بولغاندا تىكلەنگەن باشلار ئاپتاپتا قالغان نامازشام گۈلىدەك سولاشتى. كىشىلەر ئەزەلدىن بىرەر مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىپ باقمىغاندەك ھەم ئىككىنچى قېتىم بۇنداق پۇرسەت كەلمەيدىغاندەك ئۇھ تارتىشتى. بەلكىم بۇ مەغلۇبىيەت پۈتكۈل خەلققىلا ئەمەس، ئابدۇراخمانغىمۇ ئېغىر كەلگەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى. چۈنكى خەلقنىڭ روھىدىكى بۇ خىل ئۆزگىرىش ئابدۇراخمانغا تەسىر كۆرسەتمەي قالمايتتى.

سۈكۈت. . .

دەل مۇشۇ مىنۇتلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى يەنە بىر كېسەل ئاشكارا بولدى. 18-سېنتەبىرنىڭ ئالدى-كەينىدىكى ئومۇمىي خەلق كەيپىياتىدىكى زور ئۆزگىرىشلەر خەلقىمىز ۋۇجۇدىدىكى روھ-تەن دىئالېكتىكىسىنىڭ تېخى گۆدەك باسقۇچتا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئاشكارىلاپ قويدى. خەلقنىڭ روھىدىكى، غەلىبە ئالدىدا پۇۋلەنگەن شاردەك چوڭىيىپ، مەغلۇبىيەتتىن كېيىن پاس قىلىپ ئېتىلىپ كەتكەندەك بىر خىل كەيپىيات روھىمىزنىڭ تېخى پىشىپ يېتىلمىگەنلىكى، بەكمۇ خاملىقىدىن بىشارەت بەردى.

دەرۋەقە، بىزنىڭ ئۈمىدىمىزچە بولغاندا ئابدۇراخمان ئابلىكىم ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىدا ئالتۇن مېدالغا ئېرىشسە، ھەممە رەقىبىنى ئۇرۇپ ياتقۇزۇۋەتسە ياخشى بولاتتى. بىز پۇخادىن چىقاتتۇق. بۇ قېتىمقى ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە جۇڭگو 28 ئالتۇن مېدال، 16 كۈمۈش مېدال، 15 مىس مېدال، جەمئىي 59 مېدالغا ئېرىشتى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى جۇڭگو تېررىتورىيىسىنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. مۇشۇ نىسبەت بويىچە رايونىمىز جۇڭگو ئالغان مېدال سانىنىڭ ئالتىدىن بىرىگە ئىگە بولغان بولسا، بەكمۇ ياخشى بولاتتى. لېكىن بۇنداق خىيال پەقەت بالىلارچە شېرىن ئارزۇدىن ئىبارەت، خالاس. چۈنكى ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئالتۇن مېدالى تېررىتورىيە ۋە نوپۇس كۆلىمىگە ئاساسەن تەقسىم قىلىنىدىغان داشقازاننىڭ ئۇمىچى ئەمەس. ئۇنىڭغا كىمنىڭ ئىقتىدارى بولسا شۇ ئېرىشىدۇ. بۇ قېتىمقى ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلىدى. دۇنيادىكى نوپۇسى ئەڭ كۆپ، زېمىنى

www.uyghurkitap.com

كەڭرى دۆلەتلەرنىڭ بىرى ھىندىستان پەقەت بىر مىس مېدالغا ئېرىشەلىدى. كۇبادىن ئىبارەت كىچىك دۆلەت 11 ئالتۇن مېدال، 11 كۈمۈش مېدال، 7 مىس مېدال جەمئىي 29 مېدالغا ئېرىشتى.

ئابدۇراخمان ئابلىكىمنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن كېلىپ چىققان ئۈمىدسىزلىك ماھىيەتتە بىزنىڭ كۆڭۈل كۆزىمىزنىڭ تېخى كور، تەپەككۇرىمىزنىڭ ناھايىتى گال ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

4

مۇتەپەككۇرلار غەلىبە ھەققىدە سۆز بولغاندا ھامان: «مەغلۇبىيەت غەلىبىنىڭ ئانىسى» دېگەن ھۆكۈمنى تىلغا ئېلىشىدۇ. ئالىملار مۇۋەپپەقىيەت ۋە غەلىبە ھەققىدىكى مەسىلىگە ئامېرىكىلىق ئېدىسوننىڭ بىر يېڭى كەشپىيات يارىتىش ئۈچۈن مىڭ قېتىملاپ مەغلۇب بولغانلىقىنى، رۇسىيىلىك گوركىينىڭ بىر پارچە ئەسەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن نەچچە يۈز قېتىم ئۆزگەرتكەنلىكى ھەققىدىكى ۋەقەنى تىلغا ئېلىشىدۇ. دېمەك، روشەن كۆز بىلەن قارىغاندا، مەغلۇبىيەت مەغلۇبىيەت ئەمەس، ماھىيەتتە غەلىبىدۇر. چۈنكى مۇشۇ نۇرغۇن قېتىملىق مەغلۇبىيەت ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىگە ئاساس سالغاندى، ياكى غەلىبە بىناسىنىڭ ئۇلىنى بەرپا قىلغانىدى. شەرق ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرى ئاللادىن ئۆزىگە ياش ۋاقتىدا غەلىبە ئەمەس، مەغلۇبىيەت تىلەشكەن. دېمەك ئۇلار تىلەۋاتقان مەغلۇبىيەت ماھىيەتتە مەغلۇبىيەت ئەمەس، ئاچچىق ساۋاق ياكى دەرس ئىدى.

يىقىلغان ئادەم مەغلۇب بولغان سانالمايدۇ، ئورنىدىن تۇرۇشنى بىلمىگەن ئادەم مەغلۇب بولغان ئادەمدۇر؛ يىقىلىشنىڭ تەمىنى تېتىغان ئادەم قانداق ئورنىدىن تۇرۇشنى بىلىدۇ، غەلىبىنىڭ شېرىن تەمىدىن ھوزۇرلىنالايدۇ، دەيدۇ يەنە مۇتەپەككۇرلار.

تارىخ بىر ئۇرۇنۇش، سىناق جەريانىدۇر. تارىختىكى نۇرغۇن ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەر مانا مۇشۇ ئۇرۇنۇش جەريانىدا بارلىققا كەلگەن.

ئابدۇراخمان ئابلىكىمنىڭ مەغلۇبىيىتى ھەرگىز تاسادىپىي ئىش ئەمەس، بۇ ھەرگىز قەلەم تەۋرەتكۈچىنىڭ بىلەرمەنلىك قىلىشىدىن كېلىپ چىققان ھۆكۈمى ئەمەس. ئۇلۇغ غەلىبە نۇرغۇن ئامىللارنىڭ بىرىكىشىنىڭ مەھسۇلى. بىز بايا سىدنىي 27 ـ نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە جۇڭگونىڭ 28 ئالتۇن مېدالغا ئېرىشكەنلىكىنى تىلغا ئالدۇق ۋە جۇڭگو تېررىتورىيىسىنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدىغان رايونىمىزنىڭ مېداللارنىڭ ئالتىدىن بىرىگە ئۆلۈشكە ئىگە بولالمىغانلىقى ھەققىدە توختالدۇق. جۇڭگو ئالتۇن مېدال ئومۇمىي سانىدا دۇنيا بويىچە ئۈچىنچى بولۇشتەك غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. بۇ نەتىجە 1978 ـ يىلىدىن كېيىنكى ئىسلاھاتنىڭ، دۆلەت رەھبەرلىرى ۋە يۇقىرىلارنىڭ تەنتەربىيە ئىشىنىڭ ئۆسۈپ، تەنتەربىيە ھەرىكىتىنىڭ دۆلەتنىڭ ئومۇمىي سال كۈچى بايلىقى ۋە ئاھالە ساپاسىدا تۇتىدىغان مۇھىم ئورنىنى تونۇپ يەتكەنلىكىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى. ماھىيەتتە تەنتەربىيىمۇ بىر خىل ئىگىلىك. ئۇمۇ دۆلەتنىڭ سېلىنمىسى ۋە غەمخورلۇقىغا، ئالاھىدە سىياسەتلەرنى تۈزۈپ ئىلھاملاندۇرۇشىغا موھتاج. شۇ چاغدىلا يۇقىرىلارنىڭ تەنتەربىيە ئىشى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ ۋە بۇ خىل ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى تۈرتكۈلۈك كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشىمۇ تەنتەربىيىگە مەلۇم ئىجابىي تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ. چەت ئەللەردە تەنتەربىيە ھەرىكىتىنى ئىقتىسادىي ھەرىكەت، دەپ قارايدىغان ئەھۋالمۇ مەۋجۇد.

رايونىمىز نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، گەرچە بىز جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولساقمۇ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئوخشاش تەنتەربىيىگە ئەھمىيەت بېرىش، يېڭى ۋەزىيەتتىكى تەنتەربىيىنىڭ رولىنى تونۇپ يېتىش يېتەرلىك ئەمەس. تەنتەربىيىگە سېلىنغان سېلىنما نىسبەتەن ئاز. تەنتەربىيىنىڭ تەرەققىياتىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان يۇقىرىلارنىڭ تەنتەربىيە ئېڭى تۆۋەن ياكى ئويلىنىش باسقۇچىدا. ئۇنىڭدىن باشقا ، ئابدۇراخمان ئابلىكىم شۇغۇللىنىۋاتقان بوكس ھەرىكىتى شىنجاڭدا 1995 ـ يىللاردىن كېيىن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتتى. دۇنيا نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ياۋروپا، ئامېرىكىلارنى بوكسنىڭ ماكانى، مەكتىپى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇلاردا بوكس تەنھەرىكىتى خېلى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. دېمەك، بۇ ئۇزاق تارىخ ئۇلارنى تەجرىبە ـ ساۋاق ئۈستۈنلۈكى بىلەن تەمىنلىگەن. بۇ جايلاردىكى خەلقنىڭ بوكسقا بولغان تونۇشى، مۇھەببىتى خېلى چوڭقۇر. ئاسىيا ۋە جۇڭگوغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بوكس تەنھەرىكىتىنىڭ تارىخى ئانچە ئۇزۇن ئەمەس، خەلقنىڭ تونۇشىمۇ يېتەرسىز، تەجرىبە ـ ساۋاق ناھايىتى كەمچىل. سەۋىيىسى يۇقىرى مۇسابىقىلەرنىڭ ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرۇش قېتىم سانى ئاز. ئاتا ـ بوۋىمىزدىن قالغان «شەھەرنىڭ پىستىبىسى سەھرانىڭ يولۋىسىنى ئېلىپ قويىدۇ» دېگەن ھېكمەت بۇ ئەھۋالغا بەكمۇ ماس كېلىدۇ.

ئۇيغۇر بوكس ماھىرىنىڭ دۇنيا ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا تۇنجى قېتىم قاتنىشىشى ئۇيغۇرلارنىڭ تەنتەربىيە تارىخىدىكى بىر دەۋر بۆلگۈچ ۋەقە. بۇ، ئۇيغۇردىكى قەھرىمانلىق، باتۇرلۇق، قاراملىق روھىنىڭ ئويغانغانلىقىنىڭ بەلگىسى، شۇنداقلا ئۇيغۇر تەنتەربىيىسىنىڭ دۇنيا بوسۇغىسىدىن ئاتلىغانلىقىنىڭ بىشارىتى. ئۇيغۇرلاردا «بوسۇغا داۋان» دەيدىغان گەپ بار. ھەقىقەتەن سەپەر ئۈچۈن ئەڭ ئېگىز داۋان بوسۇغا داۋىنىدۇر. ئابدۇراخمان ئابلىكىم بوسۇغا داۋىنىدىن ئاتلىدى. گەرچە مەغلۇب بولغان بولسىمۇ ، دۇنياۋى بوكسنىڭ ئەڭ ئىلغار سەۋىيىسىنى ئۆز تېنى ئارقىلىق بىۋاسىتە تەجرىبە قىلىپ كۆردى. بۇ، ئابدۇراخمان ئابلىكىم ئۈچۈنمۇ، جۇڭگو بوكس تەنھەرىكىتى ئۈچۈنمۇ، جۇڭگولۇقلار ئۈچۈنمۇ چوڭ دەرس، تەرەققىي قىلىش

پۈرستى. ئۇيغۇردىن ئىبارەت بىر مىللەتنىڭ تەنھەرىكىتى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئابدۇراخمان ئابلىكىمنىڭ شۇ مۇسابىقىگە قاتنىششىنىڭ ئۆزى غەلىبە. بۇ ھەرگىز روھىي غالىبىيەتچىلىك ياكى ئۆزىگە تەسەللىي بېرىش ئۈچۈن ئېيتىلغان گەپ ئەمەس. ئابدۇراخمان ئابلىكىم ئەمدى تېخى 22 ياشقا، ئۇيغۇر بوكسچىلىقىنىڭ تارىخى ئەمدى ئون نەچچە يىلغا قەدەم قويدى. ئابدۇراخمان نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، 22 ياشقا كىرمەي تۇرۇپ مۇشۇنداق ئېسىل پۇرسەتلەرگە ئېرىششىنىڭ ئۆزى غەلىبە. ناۋادا ئۇ بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيەتتىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويمىسا، ئۇيغۇرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ بوكس تەنھەرىكەتچىسى بوپقېلىشىدا ئۈمىد زور. يەنە بىر ئۇلۇغ بوكسچى، ئۇيغۇر بوكس تەنھەرىكىتىنىڭ ئاساسچىسى ئابدۇشۈكۈر مىجىت ئەمدى 29 ياشقا كىرىدى. ئۇ، جۇڭگودىكى ئەڭ يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە (تولۇق كۇرس) تەنھەرىكەتچى بولۇش سۈپىتى بىلەن نۇرغۇن تەجرىبە - ساۋاقلارنى ھازىرلىدى. ئابدۇشۈكۈر مىجىتنىڭ بېسىپ ئۆتكەن يوللىرىنىڭ ئۆزى بىر ئەڭ ئېسىل قوللانما. ئۇنىڭ ئۆتكۈر ئەقىل-پاراستى، بوكس مەيدانىدىكى جانلىق پىكىر يۈرگۈزۈشى بوكس تىربىيىلىقىنىڭ تېپىلغۇسىز ياخشى ماتېرىيالى. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ ئوغلانلارنىڭ قولىغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيىتى ئۆز خەلقىغە ئىلھام بەردى، ئۇلارنىڭ قەلبىدە تەنتەربىيىگە بولغان مۇھەببەت، ئىشەنچ ئۇرغۇتتى. خەلقنىڭ قوللىشى، مۇھەببىتى تەنتەربىيە ئۈچۈن ئەڭ زور تۈرتكىلىك كۈچ. دېمەك ھازىر بىزنىڭ تەنتەربىيە ھەرىكىتىمىز ۋە ئۇنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولغان بوكسچىلىق ھەرىكىتىمۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى تەرەققىيات دەۋرىگە قەدەم قويدى. روھ بىلەن تەننىڭ مۇناسىۋەت دىئالېكتىكىسى ئۆز ئەسلىگە قايتىش يولىغا قەدەم قويدى. تەننىڭ تىزگىنى روھقا ئۆتكەندە، تەن كۈچلىنىپ روھنى ھەر مەنزىللەرگە يەتكۈزەلەيدىغان ھالغا يەتكەندە غەلىبە مۇقەررەر بىزگە مەنسۇپ بولماي قالمايدۇ؛ ئەڭ چوڭ مەغلۇبىيەت ۋە ئەڭ چوڭ بەختسىزلىك مەغلۇب بولۇش پۇرسىتىگىمۇ ئېرىشەلمەسلىكتۇر.

27-نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئاخىرلىشىپ 1-ئۆكتەبىردە ئامېرىكىدىكى «بۈگۈنكى ئامېرىكا گېزىتى» ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدىكى غەلىبە ۋە مەغلۇبىيەتلەر ھەققىدە «كىم ئەڭ مۇنەۋۋەر بولۇشى مۇمكىن» دېگەن نامدا بىر پارچە مۇلاھىزە ئېلان قىلدى. مۇلاھىزىدە بايان قىلىنىشىچە: «ھەربىي يۈرۈش جەريانىدا ئەسكەرلەر ناپالىيوندىن: ‹كىم ئەڭ مۇنەۋۋەر بولۇشى مۇمكىن؟› دەپ سورىغان. ناپالىيون قىلچە ئىككىلەنمەي: ‹غەلىبە قىلغۇچى› دەپ جاۋاب بەرگەن.

بىز ناپالىيوننىڭ جاۋابىنى توغرا ياكى خاتا دېيەلمەيمىز. چۈنكى بىز سىدنېي ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە نۇرغۇن ئويلىمىغان ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى كۆردۇق. دۇنيادىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر، نەچچە يىلدىن بېرى دۇنيا رېكورتىنى ساقلاپ كەلگەن تەنھەرىكەتچىلەر بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە مەغلۇب بولدى، ئۇلارنىڭ ئورنىنى يېڭى كۈچلەر ئىگىلىدى، بىز ناپالىيوننىڭ گېپى بويىچە ئۇلارنى مۇنەۋۋەر ئەمەس دېيەلەمدۇق؟

ناپالىيون قانداق ئويلىسۇن تەنتەربىيە مەيدانى جەڭ مەيدانى ئەمەس، تەنتەربىيە مەيدانىدىكى تىن رىقابەتتە ئەڭ مۇنەۋۋەرلىك نامى پەقەت غەلىبە قىلغان كىشىلەرگىلا مەنسۇپ ئەمەس».

گەرچە ئابدۇراخمان ئابلىكىم ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە يېڭىلىپ قالغان بولسىمۇ، ئۇ بىزنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر تەنھەرىكەتچىمىز. ئۇ، ئۆزىنىڭ قەھرىمانلىقى، باتۇرلۇقى بەدىلىگە - تاياق ئىچىدە روھ ۋە تېنىنى تاۋلاش بەدىلىگە بۇ پۇرسەتكە ئېرىشتى. يەنە بىر قېتىم تەكىتلىسەك: «ئەڭ چوڭ مەغلۇبىيەت ۋە ئەڭ چوڭ بەختسىزلىك مەغلۇب بولۇش پۇرسىتىگىمۇ ئېرىشەلمەسلىكتۇر».

2000-يىل 10-ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى

ماۋزۇ سۈرىتىدە: ئابدۇراخمان ئابلىكىم 27نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىدا

ئاپتور: شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ لېكتورى (M2)

باياننات

ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى ژۇرنىلىمىزغىلا تەۋە. خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ قانۇن بويىچە جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ!

- «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى

www.uyghurkitap.com



# پالۋانغا مەدەت كېرەك!

ئەركىن تاھىر

2000-يىل 15-سېنتەبىردە 27-نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى باشلاندى.

شۇ كۈندىن باشلاپ پۈتۈن دىققىتىمىز تېلېۋىزوردا بولدى. چۈنكى بۇ نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى بىز ئۈچۈن ئاجايىپ خاسىيەتلىك بىر مۇسابىقە بولۇپ، ئۇنىڭغا خۇددى «كروروەن گۈزىلى»نۇغقاندەك (مۇھەررىردىن) كۆك كۆز، سېرىق چاچ، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلى چىرايىنى ساقلاپ قالغان باھادىر ئوغلانىمىز، 22 ياشلىق بوكس پالۋىنى ئابدۇراخمان ئابلىكىم قاتناشقانىدى. ئۇ بىزگە ئاجايىپ خۇشاللىق ۋە ئۈمىد ئاتا قىلدى. چۈنكى ئۇ بىزنىڭ تەكرىناغدىكى ئۇيغۇرلار (باشقا ئەللەردىكى قېرىنداشلاردىن ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش سالاھىيىتىگە ئېرىشكەنلەر بارمۇ - يوق، بۇنىسى پېقىرغا نامەلۇم) دىن تۇنجى بولۇپ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتناشقان. لېكىن مەن تېلېۋىزورغا شۇنچە تەلمۈرۈپ ئولتۇرۇپمۇ ئابدۇراخمان مۇسابىقىگە چۈشكەن مەيداننى زادى كۆرەلمىدىم. ئەمەلىيەتتىمۇ مېدالغا ئېرىشەلمىگەن ھەرقانداق ماھىر تېلېۋىزوردا كۆرۈنمەيدۇ. ئابدۇراخماننىڭ قاچان مۇسابىقىگە چۈشكەنلىكى، قايسى دۆلەت ماھىرى تەرىپىدىن يېڭىلگەنلىكى، نېمە سەۋەبتىن ئۇتتۇرغانلىقىنى بىلىشكە بولغان ئىنتىلىشلىرىم بىر جاۋابسىز سوئال پېتى كاللامدا قاراڭغۇ ھالدا ساقلىنىپ قالدى. يالغۇز مەنلا ئەمەس، بۇ باتۇر ئوغلاننىڭ غەلىبە خەۋىرىگە تەلمۈرگەن مىليونلىغان يۈرەكلەر ئىنتايىن ئەپسۇسلاندى.

بۇلتۇر نويابىردا ئابدۇراخماننىڭ ئاسىيا بوكس چېمپىيونى بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغان چېغىمدا ئۇنىڭ دىدارىنى كۆرۈشكە تولىمۇ ئىنتىلگەنىدىم. ئەپسۇس، ماڭا ئوخشاش تالاي كىشىلەر ئۇنى پەقەت «ئارمان» شىركىتىنىڭ ئېلانى ئارقىلىقلا كۆرەلىدۇق. تەپسىلىي ئەھۋالى بىلەن بولسا بەزى گېزىت - ژۇرناللار ئارقىلىقلا تونۇشتۇق. ئەمما بۇ قېتىمقى ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ ھارپىسىدا بولسا: «ئابدۇراخمان بۇ مۇسابىقىگە قاتناشمايدىكەن» دېگەن لاۋزا خەۋەر تارقالدى. بىز باشتا بۇنىڭغا ئىشىنىپ قاپتۇق. نېمىشقا ئىشەنمىگۈدەكمىز؟ چۈنكى ئابدۇراخمان ئاسىيا بوكس چېمپىيونى بولغاندىن تارتىپ بۇ قېتىمقى ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتناشقىچە بولغان ئارىلىقتا گېزىت - ژۇرنال، رادىئو - تېلېۋىزىيەدىن ئابدۇراخمان توغرۇلۇق تۈزۈكرەك خەۋەر ياكى پروگراممىلارنى كۆرمىگەن تۇرساق. ھېلىمۇ ياخشى، تەلىيىمىزگە يارىشا شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ھەپتىدە بىر كۆرسىتىلىدىغان «تەلەپ ۋە تەقدىم» پروگراممىسى بىزنى گۇماندىن خالاس قىلدى: دەل ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ باشلانغان كۈنىگە توغرىلاپ ئابدۇراخماننىڭ ئاتا-ئانىسى ئوغلىنىڭ بۇ مۇسابىقىدە ياخشى نەتىجە قازىنىپ ۋەتەن، مىللەتكە شان-شەرەپ كەلتۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىپ ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىخى، قەھرىمانلىقى كۈيلەنگەن «ئالتاي» دېگەن ناخشىنى تەلەپ قىلغانىكەن، شۇ ناخشا ئارقىلىقلا ئاندىن ئابدۇراخماننىڭ مۇسابىقىگە قاتناشقانلىقىنى ئۇقتۇق. خۇداغا شۈكرى، ھېلىمۇ ئابدۇراخماننىڭ ئاتا-ئانىسى بار ئىكەن، بولمىسا بىز ئۇنىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىشقا ماڭغانلىقىنىمۇ ئۇقماسكەنمىز. رەھمەت سىلەرگە ئابدۇراخماننىڭ ئاتا-ئانىسى. سىلەر مۇشۇنداق بىر ئىپتىخارلىق، باتۇر ئوغلانىنى ۋەتەن، مىللەتكە تەقدىم قىلىپلا قالماي، رادىئو - تېلېۋىزىيە، گېزىت - ژۇرنال ۋە سەككىز مىليون يۈرەك قىلالمىغان ئىشنى قىلدىڭلار. ئاپىرىن سىلەرگە. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئابدۇراخماننىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە ئاتلانغانلىقىنى ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ تىلى بىلەن ناخشا ئارقىلىق شۇنداقلا ئېلان قىلغان بولسىمۇ، ئەپسۇسكى، خەلقىمىزگە ۋاكالىتەن ئايرىم پروگرامما ئىشلەپ ئەلنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى ئىزھار قىلىش ئۈيافىتا تۇرسۇن بىرەر ناخشىنىمۇ ھەقسىز سوۋغا قىلالمىدى. بىز چە بولسا، تەكرىناغ پەرزەنتلىرىنىڭ ئىپتىخارى، پەخرى بولغان ئابدۇراخماندەك بىر شىر يۈرەك ئەزىمەتنىڭ قىنتە ئاتلاپ ئۇيغۇرلاردىن تۇنجى بولۇپ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا قاتنىشىدىغانلىقىدەك خاسىيەتلىك كاتتا ئىشنى قۇتلۇقلاش يۈزىسىدىن كىچىكرەك بولسىمۇ بىر پروگرامما ئىشلىسەك يامان كەتمەيتتى. تېخىمۇ ئەپسۇسلىنارلىقى، ئابدۇراخمان ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ ئۇنى مەزمۇن قىلىپ ئىشلىگەن بىرەر خەۋەر ياكى پروگراممىنى كۆرەلمىدۇق. سىدنېيغا مۇخبىر ئەۋەتىش قولىمىزدىن كەلمىسىمۇ، كۆز ئالدىمىزدا ئۇياتلىق كۆزلىرى بىلەن: مېنى كەچۈرۈڭلار، دەپ تۇرغان پالۋىنىمىزغا: «ھېچقىسى يوق، ئەسلى بولسا سەن بىزنى كەچۈرۈشۈڭ كېرەك»، دەپ ئۇنىڭغا كۆڭۈل ئېيتالمىدۇق. مىللىتىمىزنىڭ ئاۋازى بولغان تەشۋىقىي - تەرغىبات، نەشرىي ئاپپاراتلىرىمىزنىڭ ئەھۋالى شۇنچىلىك تۇرسا، ئەل - ئاۋامنىڭ قانچىلىك بولماقچىدى؟

تەس ئىكەن بېھۇشنى ئىللاپ ئويغۇتۇش،

تەس ئىكەن ئۆلگەن يۈرەكنى ئويغۇتۇش.

بىر جاسارەت ئىگىسى تونۇلمىسا،

ھەر زامان غالىب كېلەركەن ھودۇقۇش.

(«ئاسمان شاھى» دىن)

بۈگۈن بىز ھودۇقۇپ يۈرگەن بولساق، ھازىر ئۆزىمىزنى ئاز-تولا ئوڭشىۋالدۇق. چۈنكى ئادىل ھوشۇر، ئابدۇشۈكۈر مىجىت، جۈرئەت ئوبۇلقاسىم، ئابدۇراخمان ئابلىكىمدەك تاغ يۈرەك پالۋانلار بىزنى جۇڭگو ۋە دۇنياغا تونۇتقاچقا بىزمۇ بېشىمىزنى ئۈستۈن كۆتۈرۈپ، مەيدىمىزگە ئۇرالايدىغان بولدۇق. لېكىن بىز ئابدۇراخمانغا نېمە ئىش قىلىپ بېرەلىدۇق؟! ئابدۇراخماننىڭ تېخى تولۇق قانمىغان ئەزىز تېنىنى دەھشەتلىك مۇشتلارغا بەدەل قىلىشى بىزنى دۇنياغا تونۇتۇش ئۈچۈنمىغۇ؟ ئابدۇراخماننى كۆتۈپ تۇرۇۋاتقىنى دۇنيادىكى ئەركەكنىڭ ئەركىكىنى، نوچىنىڭ نوچىسىنى، پالۋانلارنىڭ سەرخىلىنى تاللايدىغان رەھىمسىز جەڭ مەيدانىغۇ، ئاخىر؟!

ۋاقتىكى، خەيرلىك ئىشلارغا ھېلىھەممۇ كېچىكمىدۇق. ئەي ئەزىز خەلقىم سىلەرگە مۇراجىئەتىم شۇكى: پالۋانغا ئەلدىن مەدەت كېرەك!

---

ئاپتور: شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى مىللىي ئاخباراتچىلىق 98-يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى (M1)



# سىپىل ۋە سىپىل مەنتىقىسى

ـ كىتاب ئوقۇش تەسىراتىمدىن تامچە:
ئەنئەنە ۋە ئېتىقاد ھەققىدە ئويلىغانلىرىم

**ئابدۇراخمان ئابلىكىم**

ـ «ئادەمدىن ھايا كەتسە، ئورنىغا بالا كېلۇر»

ـ ئۇيغۇر خەلق ماقالى

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بىز ياۋايىلارچە، ھەر خىل خىيمخەتەر ئىچىدە، ئۆزىمىزنىڭ كىملىكىنىمۇ بىلمەي نادانلىقتا ياشاۋاتقان چېغىمىزدا بىر ئۇلۇغ ئادەم ھاياتلىق ماكانىمىز ۋە تىنچ ئامانلىقىمىز ئۈچۈن بىزگە ئەڭ مۇستەھكەم سىپىل سېلىپ بەرگەنىكەن. سىپىلنىڭ ئۈچ تەرىپى ئىنتايىن خەتەرلىك دەريالار بىلەن قورشالغان بولۇپ، بۇ ھەيۋەتلىك سىپىل دەريالاردىكى زەھەرلىك دۈتنىڭ بىزنى زەھەرلەپ قويۇشىدىن، كەلكۈن كەلگەندە بولسا دەريالار تېشىپ بىزنى غەرق قىلىۋېتىشىدىن ساقلاش ئۈچۈن سوقۇلغانىكەن. ئۇلۇغ ئادەم بىزنى مەڭگۈ سىپىلنى قوغداشقا، سىپىلدىن چىقماسلىققا دەۋەت قىپتۇ. شۇنداق قىلغاندىلا ئەلدە تىنچ ـ ئەمىنلىك ۋە بەرىكەت بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئۇلۇغ ئادەمنىڭ دېيىشىچە، بۇ سىپىل ئىنتايىن مۇستەھكەم ۋە بىخەتەر بولۇپ، بىز ئىزدەيدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى سىپىل ئىچىدە بار ئىكەن. ئۇ زاتى مۇبارەك يەنە بۇ سىپىلنىڭ دۈشمىنى سىپىلنى يالاپ ئاقىدىغان ئەشۇ خەتەرلىك دەريالاردۇر، دەپتۇ ۋە يەنە سىپىلنىڭ دەريا يالاپ ـ چېقىپ ئاقىدىغان يەرلىرىنى قانداق پۇختىلاش چارىلىرىنى ئۆگىتىپ قويۇپ بىز بىلەن خوشلىشىپتۇ.

شۇندىن باشلاپ بىز بۇ سىپىل ئىچىدە بىخەتەر ـ خاتىرجەم، ئىناق، بەختلىك ياشاپتۇق. ئۇلۇغ ئادەمنىڭ نەسىھىتى بويىچە سىپىلنى مەزمۇتلاشنى ئۈزۈلدۈرمەي داۋام قىپتۇق. بىزدىكى بۇ بەختلىك ھايات تالاي يىللار داۋاملىشىپتۇ. كېيىنچە، بارا-بارا سىپىل سىرتىدا يەنە باشقا شەھەرلەرمۇ قۇرۇلۇشقا باشلاپتۇ. زامان ئۆزگىرىپتۇ. سىپىلدىكى بەزى ئادەملەر سىپىل سىرتىدىكى شەھەر كىشىلىرىنىڭ باشقىچە بىر خىل ئەركىن تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى، ئۇلار سىپىلنى قورشاپ تۇرغان دەريالاردا ئەر ـ ئايال دېمەي ئۈزۈپ ئويۇن ـ تاماشا، ئىشقىۋازلىق قىلىشىدىغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇلۇغ كىشى: بۇ دەريالارنىڭ سۈيى بەكمۇ خەتەرلىك، ئۇلاردا ئېقىۋاتقىنى سۇ ئەمەس ئەيش-ئىشرەتتىن ئاققان قان ـ يىرىڭدۇر، دەپ نەسىھەت قىلغانىكەن. ئۇزۇن يىللار داۋاملاشقان تىنچ ـ ئەمىنلىك بۇ نادانلارنى بىخوتلاشتۇرغاچقا ئۇلار كەلگۈسى خىيمخەتەرنى ئۇنتۇپتۇ؛ غەپلەت پەردىسى كۆزلىرىنى توسۇۋېلىپ دەريادىكى قان ـ يىرىڭنى سۈزۈك سۇ قىلىپ كۆرسىتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىرلەپ-ئىككىلەپ سىپىلدىن چۈشۈپ، دەريادا چۆمۈلۈپتۇ. ئۇلار دەريا سۈيىدە ئۆزلىرىنى تولىمۇ ئەركىن ـ ھۇزۇرلۇق سېزىشىپتۇ. يىللار-قەرنەلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بۇ نادانلارنىڭ سانىمۇ كۆپىيىپتۇ. ئەجدادلار نەسىھىتىنى ئۇنتۇشقا باشلاپتۇ. سىپىلدىن چۈشكەن ئادەملەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ئۇلار چۈشكەن جاي شورا بوپتۇ. بۇ نادانلار شورىنى ئېتىشنىڭ ئورنىغا تالاغا چىقىشىمىزغا ئەمدى ئاسان بولدى، دەپ خۇش بوپتۇ. ئاخىرى بىر كۈنى سىپىلنىڭ بىر تەرىپى ئۆرۈلۈپ چۈشۈپتۇ. دەريا سۈيى شەھەرگە بېسىپ كىرىپتۇ. كىشىلەر ئەمدى دەريالارنىڭ ئۆز ئىشىكلىرى ئالدىدا ئاققىنىدىن شادلىنىپتۇ. گەرچە بەزىلەر دەريا سۈيىدە ئېقىپ كېتىپ تۇرسىمۇ ھېچكىم ئىبرەت ئالماپتۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ دەريا ئۇلارغا قورقۇنچلۇق تۇيۇلمايدىغان بوپتۇ. دەريادىن چىققان زەھەرلىك دۈت ئۇلارنىڭ ئەقلىنى كېسىپتۇ. شۇنداق قىلىپ تولا كىشىنىڭ دەرياغا بولغان كۆز قارىشى ئۆزگىرىپ سىپىلنىڭ ئەھمىيىتىنى ئۇنتۇپتۇ؛ سىپىلنى پۇختىلاش ئىشى تاشلىنىپ قاپتۇ. گەرچە بەزى ئەقلى ئويغاق، ئىمانى كامىل كىشىلەر سىپىلنىڭ ئەھمىيىتىنى ئېسىدىن چىقارمىغان، سىپىلنى مۇستەھكەملەشنى داۋام قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ ھەممە ئادەم بىللە قىلمىغاچقا ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمىغاننى ئاز دەپ ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ مەسخىرىسىگە ئۇچراپتۇ. يەنە تالاي يىللار ئۆتۈپ سىپىلنىڭ ئىككىنچى، ئۈچىنچى بۆلىكىمۇ ئۆرۈلۈپ چۈشۈپتۇ. ئەقىل ـ ھوشى جايىدا كىشىلەر قايغۇرغان بولسىمۇ ئامالسىز قاپتۇ. شۇنداق قىلىپ كىشىلەر سىپىلنىڭ يوقاپ كېتىۋاتقانلىقىنى تۇيمايلا قاپتۇ. سىپىلنىڭ يوقاپ بېرىشىغا ئەگىشىپ ئادەملەردىن ئىنساب، ديانەت، شەرم ـ ھايا، يۇرتتىن بەرىكەت كۆتۈرۈلۈپ، نىزا ـ ئاداۋەت، جەڭگى ـ جېدەل، ئوغرى ـ يالغان، زىنايى ـ ھارام، بەڭگىلىك باش كۆتۈرۈپ، يوقۇملۇق كېسەل، ئاغرىق ـ سىلاق ئاۋۇپ كېتىپتۇ. روھى ساغلام، تەندۇرۇست ئادەملەر ئاز قاپتۇ. دەريادىن كۆتۈرۈلگەن زەھەرلىك دۈت ئادەملەرنى سېھىرلەپ، دىللىرىنى كور قىلىپ، ئۆڭنى تەتۈر، رۇستنى قىڭغىر كۆرۈدىغان قىلىپ قويۇپتۇ. لېكىن تالاي كىشىلەر بۇ ئاپەتلەرنىڭ سىرىنى بىلەلمەپتۇ. بىلگەنلەرنىڭ گېپىگە ئەتراپىدىكىلەر ئىشەنمەپتۇ.

كېيىن سىپىلنىڭ بىر بۇرجىكىلا قاپتۇ. شۇ بۇرجەككە قاراپ تۇرغۇن كىشىلەر يەنىلا ئۆزىنى سىپىلدىكى ئادەملەر دەيدىكەن. لېكىن بۇ كىشىلەرنىڭ سىپىل سىرتىدىكى ئادەملەردىن قىلچە پەرقى يوق ئىكەن.

بىز ھەممىمىز ئۆزىمىزنى سىپىل ئىچىدىكى ئادەملەر دەيمىز. لېكىن قېنى بۇ سىپىلىمىز؟ پەقەت ئۆرۈلۈپ چۈشەي دەپ قالغان سىپىل پارچىسى بىلەنلا ئۆزىمىزنى سىپىلدىكى ئادەملەر دېيەلەمدۇق؟

ھازىر ئالدىمىزدا ئىككى يول تۇرۇپتۇ: بىرى، ئەسلى تەبىئىتىمىزدىن ياتلاشقان، ساختىلىق، ئەقىدە ـ ئېتىقادسىزلىق، رىياكارلىقتىن بۇلغانغان ۋۇجۇدىمىزنى پاكلاپ ئۆزىمىزنى ھەقىقىي تونۇش؛ يەنە بىرى گۇمراھلىق يولىغا مېڭىپ ئاخىرى بىر كۈنى دەرياغا غەرق بولۇش. ياكى بولمىسا ئىككى پۇتىمىز گۆرگە ساڭگىلىغاندا ئاندىن دەريانىڭ ماھىيىتىگە يېتىپ، سىپىلىمىزگە سېغىنىش.

دەريا بىزگە قاراپ ئېتىلماقتا. نادان كىشىلەر دەريادا ئېقىۋاتقىنى ھاياتلىق سۈيى دەپ قارىماقتا. سىپىلنىڭ ئاخىرقى بۇرجىكى ئۆرۈلۈپ تۈگىمەكتە. ●. ئاز ساندىكى بىر قىسىم كىشىلەر سىپىل سوقۇش بىلەن ئاۋارە. لېكىن ئۇلار دەريا دولقۇنى ئالدىدا ھالسىز ۋە ئاجىز...

2000-يىل سېنتەبىر، سىدنېي

ماۋزۇ سۈرىتىدە: ئابدۇراخمان ئابلىكىم تون كىيگۈزۈش مۇراسىمىدا. ئالىم خالىددىن فوتوسى

---

بۇ يازما بوكس چېمپىيونىمىزنىڭ تۇنجى ئەسىرى(M2)

www.uyghurkitap.com



# بۇلارنىڭ تەقدىرىگە كىم مەسئۇل؟

جۇرئەت دۆلەت، ئابدۇرېھىم دۆلەت

ـ تېخىچە ھويلا-ئارامىلارنى سۈپۈرۈپ بولالماپسىزغۇ؟ نېمە ئىش قىلدىڭىز بۇ كەمگىچە؟ بالىنىمۇ قېلىنىراق يۆگەپ قويماپسىز. چىشىمنىڭ ئېقىنى كۆرسىتىپ قويسام بۇرنۇمغا چۈلۈك ئۆتكۈزىمەن دېمەك ھە! سىزدەكلەردىن نەچچىنى كۆرگەنمەن.

-قاراپ تۇرۇسىزغۇ گۆشۈيۈپ، ئەخلەتنى تۆكۈۋەتمەي؟

* * *

-ھەيي، «باۋمۇ» دېگەن ھامىنى «باۋمۇ»، مىڭنى قىلغان بىلەن بىكار. بېرىدىغان پۇلنى ئازايىتساق بولغۇدەك جۇمۇ، قوۋۇرغىسىغا ياغ تۇشۇپ قالغان ئوخشايدۇ بۇ قەلەندەرنىڭ...

-بولدى قىلە، كىچىك ئەمەسمۇ؟ تېخى ئەمدى كەلدى، ئاستا-ئاستا ئۆگىنىپ قالار.

-بۇ مەينەتكە ئىش ئۆگىتىمەن، دەپ چېچىم ئاقىرىپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ. ئېسىت، مەكتەپتىن ئاجرىتىمەن دەپ ماڭغان يوللىرىم. باشقا بىرسىنى تاپساق بولغۇدەك.

ـ نېمە دەۋاتىسەن، ھېلىمۇ بالا بىر ياشقا كىرمەي تۇرۇپ ئۈچىنى ئالماشتۇرۇپ بولدۇق. خەقنىڭ بىكار قالغان قىزى يوق، بارساڭ بېرىۋېرىدىغان. مەكتەپتىن ئاجرىتىمەن دەپ كىملەرگە سارغىيىپ يۈرىمەن؟ بولدى قىلە ئەمدى.

-ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟ ئىدارىمىزدىكى ئايگۈلمۇ ئالتىنى يەڭگۈشلەپتىغۇ. ھە راست، ھېلىقى تۇغقىنىڭىزنىڭ قىزى بار ئەمەسمۇ. مەكتەپتىن ئاجراتقىلى بولارمۇ؟

-بولماسمىكى، ھازىر مەكتەپتىن ئاجرىتىش بەك تەس بوپكەتتى.

-سىزچۇ، ئۇ بولماسمىكى، بۇ بولماسمىكى دەپلا يۈرىسىز. ئەر كىشى دېگەنچۇ، غاچ-غۇچ بولىدىغان. مېنىڭ جاپا تارتىشىم بىلەنغۇ كارىڭىز يوق. بالا باقىمەن دەپ قېرىپ كېتىدىغان ئوخشايمەن. ∞∞

مەكتەپنىڭ مۇدىرى ساۋاقدىشىم دەۋاتاتتىڭىزغۇ، شۇنىڭغا دەپ بېقىڭا، ساۋاقداش بولغاندىكىن...

-ھېلىمۇ ئىككىنى شۇنىڭغا دەپ ئەكەلگەن، يەنە نېمىدەپ بارىمەن ئۇنىڭ يېنىغا؟ قايسى كۈنى: «ھازىر تۇزۇم بەك چىڭىپ كەتتى، مەكتەپتىن بالا ئاجرىتىش بەك تەس» دەۋاتاتتى.

-ئىشقىلىپ، بىر ئامال قىلىپ باقامسىز.

## سادا

ھەراست، بىر دوستۇم: «شەھەردىكى مەكتەپتە ئوقۇيدۇ» دەپ خەت ئېلىپ ئاجرىتىۋالدىم، دېگەنتى. يابولمىسا ×× مەكتەپنىڭ مۇدىرىنىڭ ئايالى بىزنىڭ «چۆرگىلىمەك» تە، شۇنىڭغا دەپ بىر ئامال قىلالايلىمىكى. . .

* * *

بۇ دىئالوگلار ئوقۇرمەنلىرىمىزگە ئانچە ناتونۇش ئەمەس، بولۇپمۇ پەرزەنتلىكلەرگە.

چۆچەك ـ ھېكايىلەردىن ئۆتمۈشتە پادىشاھ-بەگلەرنىڭ، سودىگەر-بايلارنىڭ ئۆيلىرىدە ئۆي ئىشى قىلىدىغان دېدەكلەرنىڭ بارلىقىنى ئوقۇغان، بىراق بىز بۇلارنىڭ بۈگۈنكى كۈندىمۇ مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماپتىكەنمىز.

مەسىلىنىڭ ھېس قىلىنماسلىقى ئۇنىڭ ئازلىقىدىن ياكى يېڭىدىن پەيدا بولۇۋاتقانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى بىزنىڭ ئادەتلىنىپ كەتكەنلىكىمىزدىن. چۈنكى ئادەتلىنىپ قېلىش ئادەمنىڭ پىكىر قاناتلىرى ،ھېس-تۇيغۇلىرىنى بوغۇپ قويىدۇ.

بىز بۈگۈن دەل مۇشۇ دېدەكلەر ھەققىدە، پەرزەنتلىرىمىز، ئائىلە تەربىيىمىز، ئانىلىرىمىز، ئاياللىرىمىز ھەققىدە كۆڭۈلنى ناخۇش قىلىدىغان بەزى گەپلەرنى قىلماقچى بوپقالدۇق.

## 1.ئۇچۇر دەۋرىدىكى دېدەكلەر

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك «دېدەك» دېگەن بۇسۆز (ئاتالغۇ) پادىشاھ ـ ۋەزىرلەرنىڭ، ئەمەلدار-بەگلەرنىڭ، زەردار-بايلارنىڭ ئوردا-سارايلىرىدا ئۆي ئىشى قىلىدىغان نامراتلارنىڭ قىزلىرىنى كۆرسىتىدۇ. باۋمۇ-« 保姆 » خەنزۇچىدىن تىلىمىزغا ئۆزلەشكەن سۆز بولۇپ، بىزچە مەنىسى «بالا باققۇچى» . ئىككىسىنىڭ پەرقى شۇكى، «دېدەك» لەر مۇقىم ئۆي ئىشى قىلىدۇ ۋە خانىش-خېنىملارغا ھەمراھ بولىدۇ. خانزادە، بەگزادىلەرنى بۇلار باقمايدۇ. «باۋمۇ» لار بالا باقىدۇ دېگەن چىرايلىق سەۋەب بىلەن ئەپكېلىنگەندىن كېيىن، بالا بېقىش ۋە ئۆي ئىشى قىلىشتىن ئىبارەت قوش ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. دېمەك، بۇلارنىڭ ئورنى فېئودالىق جەمئىيەتتىكى «دېدەك» لەرنىڭ ئورنىدىن تۆۋەن.

ئەسلىدە «دېدەك» لەر ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىدىكى ئىقتىسادىي پەرقنى ئۆلچەم قىلىپ ئايرىلغان سىنىپىي جەمئىيەتنىڭ، يەنى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە ئىگىلەر (بايلار)، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىدىن مەھرۇملار (نامراتلار) دەپ ئايرىلغان جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، بۈگۈنكىدەك سىنىپ يوقىتىلغان سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ماس كەلمەيتتى. ئەپسۇس، ئۆلچەمدە شۇنداق بولغان بىلەن ئىش يۈزىدە ئەكسىچە ئىكەنلىكىنى كىم ئويلىغان؟

فېئودالىق جەمئىيەتكە تەۋە بۈگۈنكى بۇ رېئاللىقنى فېئودالىق ئامىللار كەلتۈرۈپ چىقارغان، دەپ كېسىپ ئېيتالمىساقمۇ، لېكىن ئىجتىمائىي قۇرۇلما ۋە ئۇنىڭ فونكسىيىلىرىدە، جەمئىيەت ئورگانىزملىرىدا بۇ پاجىئەگە سەۋەب بولۇۋاتقان ئامىللارنى ئىقرار قىلماي ئامالىمىز يوق. «پاجىئە» دېگىنىمىزگە ھەيران قالماڭ، پەقەت ئادەم ئۆلسىلا، قاتناش ھادىسىسى، ئوت ئاپىتى يۈز بەرسىلا پاجىئە ھېسابلىنىدىغان ئىش يوق. سىزچە، مىللەتنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىنى سالماقلىق دەرىجىدە بەلگىلەپ قويۇدىغان نەچچە ئون مىڭلىغان ئانىلىرىمىزنىڭ ئوقۇشسىز قېلىشى، شۇ بىلىمسىز پېتى ئانا بوپقېلىشى پاجىئە ئەمەسمۇ؟ زىيالىيلىرىمىزنىڭ پەرزەنتلىرىنى بالا تەربىيىسىدىن قىلچە ساۋادى يوق قىزچاقلارغا تاشلاپ قويۇشى پاجىئە ئەمەسمۇ؟

ئىلگىرى، نامرات دېھقانلارنىڭ پەرزەنتلىرى باي-پومېشچىكلارنىڭ ئۆيىدە چاكار ئىشلەپ تۇرمۇشنى قامدايتتى. ماركسىستىك سىياسىي قاراش بويىچە ئېيتقاندا، بۇ، سىنىپىي ئېكسپولاتاتسىيە ھېسابلىنىدۇ. بۇلارغا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن باشلاپ خاتىمە بېرىلگەن. شۇنداقتىمۇ خەلقنىڭ ھازىرقىدەك ھال-كۈنى ئۆڭشىلىپ، تۇرمۇشى ئىلگىرىكىدىن كۆپ ياخشىلانغان ھەم پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى يولغا قويۇلۇپ، ئازتۇغۇش، سۈپەتلىك تۇغۇش قانۇن-تۈزۈملەشتۈرۈلگەن، دۇنيا ئۇچۇر دەۋرىگە قەدەم قويغان، بىلىم ئىگىلىكى سانائەت ئىگىلىكىنىڭ ئورنىنى ئېلىۋاتقان، مائارىپقا يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىلىپ، تەربىيىسىز قېلىش كىرىزىس، دەپ قارىلىۋاتقان بۈگۈنكىدەك بىر دەۋردە بۇ مەسىلىنىڭ بىزدەك ئەنئەنىۋى ساۋاتسىزلار مۇتلەق كۆپ سانىنى، ھازىرقى زامان ساۋاتسىزلىرى %98نى ئىگىلەيدىغان بىر مىللەت ئارىسىدا قايتا ئوتتۇرىغا چىقىشى كىشىنى ھەقىقەتەنمۇ چۆچۈتىدۇ، ئويغا سالىدۇ.

بۇلار پاكىت، بۇلار رېئاللىق! بۇ «باۋمۇ» قىزلار ئۆيلىرىمىزدە قاچا-قۇچا، كىر-قات يۇيۇپ، بالا بېقىپ بۆشۈك تەۋرىتىپ، زەھەردەك ئاچچىق تىللارنى ئىشىتىپ ئولتۇرماقتا. ئۇلار ئەمدى ئوقۇيالمايدۇ. چۈنكى ئۇلاردىن بۇ پۇرسەت تارتىۋېلىنغان. ئۇلار ئەمدى كىتاب ـ ژۇرنال كۆرەلمەيدۇ، كومپيۇتېرنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ. ئۇستەل ئالدىدا قايتا ئولتۇرالمايدۇ. ساۋاقداشلىرى، دوستلىرى بىلەن بىرگە ئۆتكەن كۈنلەر مەڭگۇ قايتىلانماس شېرىن چۈشكە ئايلانغان. «باۋمۇ» ئاتالغان بۇ قىزچاقلار ئەمدى قۇربانلىق «مال» . ئۇلار ئازغىنە پۇل ئۈچۈن ھازىرقى زاماننىڭ شاھزادە-مەلىكىلىرىگە يېشىغا توشمىغان قوزىدەك «قۇربانلىق» قىلىنغان. ئۇلارنىڭ تۇرمۇش شەكلى سىزىپ بېرىلگەن، ئۇنىڭ سىرتىغا چىقالمايدۇ. ئەمدىلىككە كەلگەندە، بۇ سىزىق ئۇلارنىڭ مېڭىسىگە، يۈرىكىگە، روھىغا تامغىدەك ئورناپ قالغان. ئۇلار ئەمدى سىزىقنىڭ سىرتىدىكى دۇنيانى كۆرەلمەيدۇ. سىزىق سىرتىدىكى دۇنيانىڭ خۇشاللىقىنى ھېس قىلالمايدۇ. چۈنكى ئۇلار

www.uyghurkitap.com

كۆرەلمەس، ھېس قىلالماس قىلىۋېتىلگەن. ئۇلارنىڭ ئۆز دۇنياسى تارتىۋېلىنغان. ئىلگىرى ئۇ مەكتەپكە باراتتى، مانا ئەمدى ئۇ مەكتەپكە كېتىۋاتقانلارنىڭ كەينىدىن توپىدىن ئايرىۋېتىلگەن قويدەك تەلمۈرۈپ قارايدۇ. ئۇ كەلگۈسىدە دوختۇر بولماقچىدى، ئوقۇتقۇچى بولۇشنى ئارزۇ قىلغان، قېنى ئۇ دوختۇرلۇق، قېنى ئۇ مۇئەللىملىك؟ ئەمدى بۇ خىياللار چۈشكە ئايلاندى.

ئانىسى ئۇنىڭغا: «قىزىم، سېنى شەھەردىكى مەكتەپتە ئوقۇتىمىز، يا ھۈنەرگە بېرىمىز، شۇڭا مەكتەپتىن ئاجراتتۇق، شەھەردىكى تۇغقانلارنىڭ ئۆيىدە يېتىپ ئوقۇيسەن» دېگەنتىنغۇ؟ «خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويماقچى، ئۆز بالىسىدەك كۆرمەكچى» دېگەنتىنغۇ؟ قېنى ئۇ مەكتەپ، قېنى ئۇ خىزمەت!

«غىچىر-غىچىر». ئۇ، بۆشۈك تەۋرىتىشكە باشلىدى... ئۇ، دوستلىرى بىلەن يولدا يۈگرۈشۈپ ئوينىغاچ مەكتەپكە كەلدى، سىنىپقا كىردى، دەرس باشلاندى:

-تۈنۈگۈن «شەپقەت ھەمشىرىسى رىزۋانگۈل» دېگەن دەرسنى ئۆگەنگەندۇق، قېنى قايسىڭلار تەكرارلاپ كەلدىڭلار؟

بۇ ھېلىقى ئۆزى ھەمىشە ئوقۇيدىغان تېكىست ئەمەسمۇ؟ مانا رىزۋانگۈل ياردارلارنى ئاكۆپقا سۆرەپ ئېلىپ كىردى. «گۇم!» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ھۇشىدىن كەتتى. «رىزۋانگۈل، رىزۋانگۈل! كۆزىڭىزنى ئېچىڭ...» ئۇ، ئاستا كۆزىنى ئاچتى.

..

-قېنى، قايسىڭلار سۆزلەپ باقىسىلەر؟

ئۇ، خىيالدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ مۇئەللىمگە قارىدى، قولىنى كۆتۈردى.

-قىزىم، -دېدى بىر كۈنى ئانىسى، -بۇيىل بۇغدايغا ھال چۈشۈپ ئانچە ئوخشىمىدى، پاختىنىڭمۇ باھاسى چۈشۈپ كېتىپتۇ. بار-يوق پۇلنى جەرىمانىگە تۆلىدۇق. كىتاب پۇلى، ئوقۇش پۇلى، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش پۇلى دېگەنلەر ×× كويغا بارىدىكەن. ھازىر يەنە پىلە ئۇرۇقى سېتىپ بېرىمىز دەيدۇ. نەق پۇل بولمىسا بولمايدىكەن. مېنىڭغۇ سېنى ئاخىرىغىچە ئوقۇتقۇم بار ئىدى، لېكىن سەنمۇ بىلىسەن قىزىم، پۇلغا چىقىنالمايدىكەنمىز. ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ ئالىي مەكتەپكە بارساڭمۇ نەچچە مىڭ كوي كېتەرمىش. بۇنچىۋالا جىق پۇلغا چىقىش قىلالمىغىدەكمىز. ئۆتكەن ھەپتە شەھەردىكى تۇغقانلىرىمىز كەپتىكەن، سېنى بىزنىڭ ئۆيدە تۇرسا، بىز بىرەر ھۈنەرگە بەرسەك، كېيىن ئامال قىلىپ خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويساق، دەيدۇ. بىر كىچىك بالىسى بار ئىكەن، شۇنىڭغا قارىشىپ بەرگىدەكسەن، ساڭا ئايدا 50كوي بېرىدىغان بولدى، ماقۇل دېدىم.

ئۇ، نېمىمۇ دېيەلەيتتى؟ ئەھۋال ئانىسى دېگەندەك تۇرسا. ئۇ، مېنى قايسى ھۈنەرگە بېرەر، قانداق مەكتەپتە ئوقارمەن، تېلېۋىزور كۆرەلەرمەن-مۇ، دېگەندەك قىزىقىش بىلەن شەھەرگە كەلدى. ئۇ، خاتا ئويلىغىنىنى، 50كويىنى بىكارغا ئالمايدىغانلىقىنى بىلدى. ئانىسىنىڭ ئۆزىنى ئالدىغىنىغا ئاچچىقى كەلدى. يەنە توختاپ قالدى، ئانامدا نېمە چارە؟ دادامنى مۇشۇ تۈك قىشتا يەر ئاچقىلى ھاشارغا ئەپكەتتى، بارمىسا جەرىمانە. ئۇ يەنە ساۋاقداشلىرىنى ئويلىدى.

– مۇئەللىم، بىزگە بۈگۈن قالتىس بىر چۆچەك ئوقۇپ بەردى، سىلەرگىچۇ؟

كوچىدىن ئاڭلانغان بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ كۆزى تۇمانلىشىشقا باشلىدى. ئۇ ئىلگىرى ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا يېتىپ چۆچەك ئاڭلايتتى، ئەمدى تېلېۋىزوردىن ئۆزى خالىغىنىنى كۆرەلمەيدۇ. ئۇ يەنە ئانىسىنى، قەھرىتان سوغۇقتا كەتمەن چېپىۋاتقان دادىسىنى ئويلىدى.

-ھە، نېمە بولدى، يىغلاپسىزغۇ؟ جىن تەگدىمۇ بۇنىڭغا. يەنە ئاتا-ئانامنى كۆرگۈم كەپكەتتى، دەپ ئۆيگە بارماقچىمۇ، تېخى ئەمدى ئۈچ ھەپتە بولدى.

..

-بۇ «باۋمەك» ئۆيدە بولغان بولسا، توپىدائېغىناپ، ئەتىگىنى يېسە كەچلىكىگە يوق ئاچ-توق يۈرەتتى تايىنلىق. مانا ھازىر ئوبدان يەپ، ياخشى كىيىپ، چىرايىغا قان يۈگرۈپ قېلىۋېدى، يېگەن ئاش-نان مەيدىسىگە تېپىپ، ھە دېسە ئۆيۈمگە بېرىپ كېلەي، ئاتا-ئانامنى كۆرگۈم كەپكەتتى، دەۋاتقان. ئەمدى مەينىتىدىن ئادالاپ ئادەم سىياقىغا كىرگۈزۈپ قويۇۋېدىم، ئانام ھۈنەرگە بېرىمەن، تويىڭىزنى قىلىمەن، دەيدۇ، گەپ قىلمىسا ماۋۇ سەھرالىق!

## 2.باۋمۇلار نەدىن كەلگەن؟

كېسىپ ئېيتىمىزكى، «باۋمۇلار» نامراتلىقتىن – نامرات، قولى قىسقا، يوقسۇز دېھقانلىرىمىزنىڭ ئۆيىدىن كەلگەن. ھەرگىزمۇ بەزى ساددا كىشىلىرىمىز ئويلىغاندەك دېھقانلارنىڭ بىر ئوبدان ئوقۇۋاتقان باللىرىنى ئوقۇشتىن ئاجرىتىپ «باۋمۇ» لىققا بېرىشى قانداقتۇر ئۇلارنىڭ «ئاڭسىز» لىقى، «نادان» لىقىدىنلا ئەمەس. ھەقىقەتەنمۇ ئۇزاق مۇددەت تارىخي بېكىنمىچىلىكتە جاھاندىن بىخەۋەر قېلىش ۋە يېقىنقى زامان تارىخىدىكى ئەزگۈچىلەرنىڭ خەلقنى نادانلىقتا تۇتۇش سىياسىتى تۈپەيلىدىن خەلقىمىز، خەلقىمىزنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولغان دېھقانلىرىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدا بەزىبىر ئەجەللىك مەنىۋى-ئىدىيىۋى ئۆسمىلەر ئۆسۈپ، ئۇلارنى ئۆزىگە مەنپەئەتلىك نەرسىلەرنى باللارچە ساددىلىق بىلەن تاللايدىغان، ئىلىم-مەرىپەتكە گۇمانىي قارايدىغان، ئىنتىلمەيدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزلىرىنىڭ يۈرەك پارىسى بولغان قىزلىرىنى ئۆزى خالاپ خەققە «باۋمۇ» لىققا تۇتۇپ بېرىدىغان

بىقۇۋۇل ناكەسلەرگە ئايلاندۇرۇپ قويغىنى يوق. شۇنى يۇرەكلىك بىلەن تەسەۋۋۇر قىلالايمىزكى، ناۋادا ئۇلار ئۆز ئائىلىسىنىڭ يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك ئېھتىياجىدىن ئېشىنالىغان بولسا، ھەرگىزمۇ ئۆز جىگەرپارىلىرىنى ئوقۇشىمىز قويمىغان، 40-50 يۇەنگە باشقىلارغا «باۋمۇ» لۇققا بەرمىگەن بولاتتى. بىراق ھازىر نېمىشقا باللىرىنى بىر ئامال قىلىپ مەكتەپتىن ئاجرىتىۋالىدىغان بوپقالدى؟ خەلقىمىز ئەزەلدىن پەرزەنتلىرىنى بىرەر تىرىكچىلىك يولىغا ئۇلاشتۇرۇپ قويۇشنى، چوڭ بولسا ئۆي-ئوچاقلىق قىلىپ قويۇشنى كۆزىنىڭ ئوچۇقىدىكى ئەڭ مۇھىم قەرزلىرىدىن بىرى ساناپ كەلدى. بۇجەھەتتە تېپىك شەرقچە جاھاندارچىلىق ئۇسۇلى بىلەن غەربلىكلەردىن ماھىيەتلىك پەرقلىنىدۇ. ئۇلار پەرزەنتلىرىنى غەربلىكلەردەك ئازراقلا ئەقلىنى تاپسا ئۆزكۈنىگىنى ئۆزۈڭ ئال، دېمەيدۇ. بۇ جەھەتتىكى مەسئۇلىيەتنى ئاتا-ئانىنىڭ پەرزەنت ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتى، دەپ قارايدۇ. شۇڭا خەلقىمىز پەرزەنتلىرى قىلىۋاتقان ئىشلاردىن باللىرىغا نان تېگىدىغان-تەگمەيدىغانلىقى بىلەن ھېسابلىشىدۇ. پەرزەنتلىرىنىڭ كەلگۈسىدىكى بەختى-ئىستىقبالىنى ئوقۇشتىن ئىزدىگەن دېھقان ئاتا-ئانىلار ئۈمىدىنى مائارىپقا باغلىدى؛ باللىرىنىڭ مائارىپتىن ئەقىل تېپىپ، ئۇلارنىڭمۇ كادىرلارنىڭ باللىرىدەك ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ كادىر بولۇپ مائاش ئېلىشىنى، ئۆزلىرىدەك دېھقان بوپقالماسلىقىنى ئۈمىد قىلدى، بىراق. . .

مانا، بىر بالىسى تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلدىيۇ، بىراق ئۇ ھۆرۈن، ئاقنانچى چىقىپ قالدى، بەزىدە تېخى مەستمۇ كېلىدۇ. تېخى بەزىدە نامرات ئاتا-ئانىسىنى كۆزگە ئىلمايمۇ قويىدۇ. يەنە بىر بالىسىنى ئوقۇش ھەققى ۋە كىتاب پۇللىرىغا چىقىنالماي، ھەم ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىغا يالغۇز يېتىشىپ بولالماي مەكتەپتىن ئاجرىتىۋالغانىدى، ئۇ ھازىر خېلى ئەسقېتىپ قالدى. دادىسى بولماي قالسىمۇ يوقلۇقىنى چاندۇرمايدۇ. دادىسىنىڭ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولۇپ دادىسىنىڭ خېلىلا ھاردۇقىنى چىقاردى. دادىسىنىڭ ئورنىغا ھاشارغا بارالايدۇ. يەنە بىر بالىسىنى ياغاچچىلىققا شاگىرتلىققا بېرىۋېدى، ھازىر دۇكان ئېچىپ چىقىشقا ئاز قالدى، قولىمۇ ھۈنەرگە ئوبدانلا كەپقالدى. ئۆز كۈنىنى ئۆزى ئالالىشىدىن خېلىلا ئۈمىد بار.

مانا بۇ، يېزىلاردىكى ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋال. قېنى، كىم ئۇنداق ئەمەس دېيەلەيدۇ؟ ئەمدى سىز ئۆزىڭىزنى شۇ دادىنىڭ ئورنىغا قويۇپ ئويلاپ بېقىڭە، قايسىسىنى تاللايسىز؟ ئوقۇتۇشنىمۇ ياكى ھۈنەرگە بېرىشنىمۇ؟ شۇنى بىلىش كېرەككى، نامرات كىشىلەر ئەمەلىي نەپ كېيىن چىقىدىغان ئىشلاردا سەبرچان بولالمايدۇ. شۇڭا، ئۇلارنى «قالاق»، «نادان» دەۋېرىش ئادىللىق ئەمەس، بەلكى ئۇچىغا چىققان ھاماقەتلىكتۇر. بۇنداق ئۇزاق مۇددەتلىك بېھۇدىلىكنى نامرات خەلق كۆتۈرەلمەيدۇ. ئۇلارغا نىسبەتەن ئەڭ مۇھىمى، تۇرمۇشىدىكى ئەمەلىي قىيىنچىلىقنى ھەقىقىي تۈردە-ۋاقتىدا ھەل قىلىشكى، ھەرگىزمۇ سۈت چىقىپ قالارمىكىن، دەپ قۇرۇق ئېمىزگىنى ئاغزىغا سېلىپ قويۇش ئەمەس.

ئۇنداقتا، مائارىپ قانداق بولۇشى كېرەك؟

بىز بۇيەردە مائارىپ ھەققىدە ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئىزاھ-چۈشەنچىلەرنى سۆزلەپ ئولتۇرمايمىز. مائارىپ ئادەمگە ياشاشنى، قانداق ياشاشنى ئۆگىتەلىشى كېرەك. بىز بۇ زاكوننى ئۆلچەم قىلىپ تۇرۇپ، ئەۋۋەل دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئەمەلىي ئېھتىياجىغا، ئاندىن ئوقۇغۇچىلارغا ئۆگىتىلىۋاتقان بىلىملەرگە قارىتىپ، ئاندىن كېيىن كۆرگەن، ھېس قىلغانلىرىمىز ھەققىدە ئىنساب بىلەن ئويلىنىپ خۇلاسە چىقارساقلا مەسىلىنىڭ قەيەردىلىكىنى بايقىمىقىمىزتەسكە چۈشمەيدۇ. خەلق (دېھقانلار) نىڭ ئەمەلىي ئېھتىياج-قىيىنچىلىقلىرىدىن كۆرە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە ئۆگىتىلىۋاتقان پەن-مەدەنىيەت بىلىملىرى خېلىلا ھالقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز.

بەزى پىكىر ئىگىلىرىمىز ئېيتىۋاتقان مائارىپ بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئايرىم-ئايرىم ئىككى لاگىر بوپقېلىشى دەل مائارىپنىڭ جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيا ئېھتىياجىغا، كونكرېت تەلەپلىرىگە لايىقلىشالمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل تەتۈر مۇناسىۋە مائارىپنىڭ مەغلۇبىيىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ھازىرقىدەك ئۆزگىرىش، تەرەققىيات سۈرئىتى تېز بولۇۋاتقان جەمئىيەتتە، يېڭى تەلەپ-ئېھتىياجلار ئۈزلۈكسىز پەيدا بولۇپ تۇرغان بۇنداق ئەھۋالدا مائارىپ ئۆز مېخانىزمى، يېتەكچى ئىدىيىسىنى پائال تەڭشەپ ئۆزگەرتىپ، ئېھتىياجغا ماسلاشتۇرۇپ، لايىقلاشتۇرۇپ تۇرۇشى، ئۆزگىرىشلەرگە نىسبەتەن سەزگۈر ئىنكاس قايتۇرالىشى، ئىلاستىك-ئەۋرىشىم بولۇشى كېرەك. مائارىپنىڭ جەمئىيەتنى ئۆزگە ماسلاشتۇرماقچى بولۇشى خام خىيالدۇر. ناۋادا مائارىپ ئۆز سەزگۈرلىكى، ماسلىشىشچانلىقىنى يوقىتىدىكەن، ئۇ ۋاقىتتا بۇ مائارىپتىن تەربىيە ئېلىۋاتقان مىللەتنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ بىلىم ئېلىشتىن بۆلەك يولى قالمايدۇ. ھازىر جەمئىيەت توشقاندەك يۈگۈرسە، بىزنىڭ مائارىپ قۇلۇلىدەك مېڭىۋاتىدۇ. بىزدە مائارىپنىڭ تەربىيە مەزمۇنى، پەن-مەدەنىيەت دەرسلىكلىرى ئوقۇغۇچىلارنى شۇ پەندە مۇتەخەسسىس قىلىپ چىقىش يېتەكچى ئىدىيىسىدە تۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ پەن-مەدەنىيەت بىلىملىرى خەلقنىڭ ئاچقان يېرىگە بارمىغاچقا، كونكرېت-ئەمەلىي تەلەپ-ئېھتىياجلىرىنى ۋاقتىدا ھەل قىلالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇنداق مائارىپ ئۆز خەلقىگە تولۇق يۈزلىنەلمىگەن مائارىپ بوپقالىدۇ. مائارىپ مەزمۇنىنى جەمئىيەت ئېھتىياجى بەلگىلىشى كېرەك ئىدى (لېكىن بىزدە بۇنى سىياسىيئونلارنىڭ ئىدىيىسى، دۆلەتنىڭ ئېھتىياجى بەلگىلەيدۇ). بىزدە 11يىل ئوقۇپ ئېتىزلىققا قايتىپ كەلگەندىن قانچىلىكى ئۆگەنگەنلىرىدىن پايدىلىنىپ دېھقانچىلىقتا

www.uyghurkitap.com

ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلالايدۇ؟ ئۇلار ئۆزى ئۆگەنگەن ماتېماتىكا، گېئومېترىيە، فىزىكا، خىمىيە، بوتانىكا، زوئولوگىيە بىلىملىرىدىن پايدىلىنىپ تۇرمۇشىدا ئۇچرىغان قىيىنچىلىقلاردىن قانچىلىكىنى ھەل قىلالايدۇ؟ ئۆگەنگەنلىرى تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتە ھەقىقىي ئەسقاتامدۇ؟ قانچىلىكى ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلالايدۇ؟ مائارىپنىڭ بىر مەقسىتى مەدەنىيەتلىك، تەربىيە كۆرگەن دېھقان يېتىشتۈرۈش ئەمەسمىدى؟ نېمە ئۈچۈن نىشان مەزمۇنغا ماسلاشمىدى؟

ئوقۇتۇش مەزمۇنىنى تەكشۈرۈپ باقساقلا، دەرسلىكلەرنىڭ ئاساسەن دۆلەتلىك ئىمتىھاندىن ئۆتۈشنى نىشان قىلىپ تۈزۈلگەنلىكىنى، پۈتكۈل مائارىپ ئورگانىزمىنىڭ ئالىي مەكتەپلەرگە ئۆرلەپ ئوقۇيدىغانلار ئۈچۈن مىدىرلاۋاتقانلىقىنى بىلەلەيمىز. ئۇنداقتا، ئالىي مەكتەپلەرگە ئۆتەلمىگەنلەر نېمە ئىش قىلىدۇ؟ مۇقەررەركى، يېزا مەكتەپلىرىدە دۆلەتلىك ئىمتىھاندىن ئۆتۈدىغانلار ئىنتايىن ئاز ساندا. مۇتلەق كۆپچىلىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەسلىكى پاكىت. بۇ مۇقەررەرلىك چوقۇم نەزەردە تۇتۇلۇشى كېرەك ئىدى. دېھقانلار پەرزەنتلىرىنى 11 يىل چىقىمىنى كۆتۈرۈپ، جاپا تارتىپ ئوقۇتۇپ ئېرىشكىنى شۇ بولسا، ئوقۇتمىسامۇ بولۇپتىكەن، ھۈنەرگە بەرگەن بولسام بۇ كەمگىچە نېنىنى تېپىپ يېيەلەر ئىدى، دەپ پۇشايمان قىلماي قالامدۇ؟ ئەجىبا، بۇ مائارىپ پەقەت دۆلەتلىك ئىمتىھاندىن ئۆتەلەيدىغان بىر قانچە ئوقۇغۇچىنىڭلا مائارىپىمۇ؟

بۇ خىل يامان سۈپەتلىك ئايلىنىشنىڭ بارا-بارا جەمئىيەتلىشىشى سەۋەبلىك دېھقانلىرىمىز: بالىلىرىمىز ھەر قانچە ئوقۇسىمۇ كادىر بولالمايدىكەن، ھامىنى كەتمەن چاپىدىكەن، ئۇنىڭدىن كۆرە بالدۇرراق بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتۇپ پۇل تېپىپ، يوقىمىزنى يەڭگىللەتكەچ تۇرسۇن، دەپ ئويلايدىغان بوپقالغان. ھەتتا بەزى دېھقانلار قىزىمىز «باۋمۇ» بولسا، ھېچ بولمىسا ئۈچ ۋاق تامىقىنى شۇ يەردىن يەپ قورسىقىنىڭ غېمىدىن بولسىمۇ قۇتۇلىدىكەنمىز، دەپ قارىغان.

مائارىپىمىزدا لاچىنغا قويۇلغان تەلەپ بىلەن كەپتەرگە قويۇلغان تەلەپ ئوخشاش بولغانلىقتىن، بۇ رىقابەتتە لاچىن مۇقەررەر يوسۇندا ئۇتۇپ چىقىپ، كەپتەرنى لاچىنغا ئايلىنىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلىدۇ. قايتا-قايتا مەغلۇبىيەت قاتتىق ئۈمىدسىزلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كەپتەر ئىگىلىرى كەپتەرنى لاچىن بىلەن بەسلەشتۈرۈدىغان ئەخمەقانىلىقنى سادىر قىلىشۋەرمەسلىك قارارىغا كېلىدۇ. بىزدە: «جىگدە ياغىچى بادىر بولماس، دېھقان بالىسى كادىر بولماس» دېگەن ماقال قارىسىغىلا چىققان گەپ بولماستىن، بەلكى دېھقانلىرىمىزنىڭ ئالدىدىن تالاي قېتىملاپ ئۆتكەندىن كېيىن چىققان. جىگدە شېخىنى ھەر قانچە چاتاپ تۇرسىمۇ بادىرا بولالمايدىغانلىقىنى كۆرگەن دېھقانلار بالىلىرىنىڭ تەقدىرىنى شۇ جىگدە شېخىغا ئوخشىتىپ، تەسادىپىي ئامەت كېلىپقالسىلا بالىلىرىنىڭ كادىر بولالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە دېھقانچىلىق مىراسخورلۇق شەكلى بويىچە داۋاملىشىۋاتىدۇ. شۇنداقلا كادىرنىڭ بالىسى كادىر بولىدىغان ئەنئەنە باركى، ھەرگىز دېھقان بولىدىغان ئەنئەنە يوق.

گەپنى يىغقاندا، دېھقانلىرىمىز مائارىپتىن گۇمانلاندى، ئىشەنچ قىلىشۋېرىشكە تاقىتى ھەم جۈرئىتى قالمىدى. پايدىسى يوق نېسى سودىنى ھېچكىم قىلمايدۇ-دە. خەلقىمىز ھەرگىزمۇ بىلىمنىڭ قەدرىگە يەتمەيدىغان «قاششاق»، «نادان»، «قالاق»-قاتماللاردىن ئەمەس. «ئەر كىشىگە 70 تۈرلۈك ھۈنەر ئاز» دېگەندەك ھېكمەتلەرنى بىز يات تىللاردىن تەرجىمە قىلىپ ئەكىرمىگەن.

دېمەك، دېھقانلارغا پۇل لازىم. بالىلىرىغا ۋاقىتلىق بولسىمۇ تىرىكچىلىك يولىنى تېپىپ بېرىشى، بۇنىڭ غېمىنى بالدۇرراق قىلىشى كېرەك. ئاچ قورساققا گەپ خۇش ياقمايدۇ. شۇڭا «باۋمۇ» لار باشتا ئېيتقىنىمىزدەك نامراتلىقتىن-نامرات، قولى قىسقا، يوقسۇز دېھقان ئۆيلىرىدىن كەلگەن.

## 3. «باۋمۇ»لار زادى قانچىلىك؟ ئۇلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى قانداق؟

بىز «باۋمۇ» لارنىڭ كۆپ بولماسلىقىنى، ئۇلارنىڭمۇ ئوقۇشى، ئۆز ئىستىقبالىنى ئۆزى ئىزدىشى، ئۆز تەڭتۇشلىرى بەھرىمەن بولىۋاتقان پۇرسەتتىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتۇق.

تۆۋەندە بىز ئوقۇرمەنلىرىمىزگە كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان سانلىق مەلۇماتلارنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز. ئىمكانىيىتىمىز خوتەن شەھىرىگىلا يېتىكىنى ئۈچۈن شۇنىلا ئەۋرىشكە قىلىمىز.

خوتەن شەھىرىدە 108 ئىدارە-ئورگان بار. بۇ ئىدارە-ئورگانلار ئىچىدە ئادىمى ئەڭ كۆپلىرىنىڭ 200گىچە، ئەڭ ئازلىرىنىڭ تۆت-بەشكىچە خىزمەتچىسى، يوق دېگەندىمۇ ھەر بىر ئىدارىدە تەخمىنەن بەشتىن «باۋمۇ» بار. شەھەر ئىچىدىلا ئەڭ تۆۋەن مۆلچەرلىگەندىمۇ 545تىن كۆپرەك «باۋمۇ» بار. بىز بۇنى ئىككىگە كۆپەيتىمىز. چۈنكى تەكشۈرۈشىمىزدىن قارىغاندا، مۇتلەق كۆپچىلىك ئائىلىدە بىر «باۋمۇ» ئاخىرىغىچە تۇرالمايدۇ. ئاز دېگەندىمۇ چوقۇم يەنە بىرىگە ئالماشتۇرۇلىدۇ. شىنجاڭدا خوتەندىن چوڭراق شەھەردىن 16 سى بار. شۇ شەھەرلەرنىڭ ئونىدا ئۇيغۇرلار ياشايدۇ، دەپ ھېسابلىغاندا بۇ شەھەرلەردىكى «باۋمۇ» لارنىڭ سانى 50-60 مىڭدىن ئاشىدۇ. ئەلۋەتتە، «باۋمۇ» لار شەھەردىلا بار ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالماڭ. ئۇلار ناھىيە تۇگۇل يېزىلاردىمۇ بار. ھەتتا بەزى ئائىلىلەردە بىردىن ئېشىپ ئىككىسى بار. ناھىيىمىز لوپنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندىمۇ پەقەت ناھىيە بازىرى

ئىچىدىلا ئاز دېگەندە 70 «باۋمۇ» بار. ھەربىر يېزىدا ناھايىتى ئاز ھېسابلاپ بەشتىن بار دېگەندىمۇ، توققۇز يېزىدا جەمئىي 45نەپەر، شۇ ھېساب بويىچە ناھىيىمىزدىلا 115نەپەر «باۋمۇ» بار. بۇنى يەنە بايامقى ئۇسسۇلىمىز بويىچە كۆپەيتىپ ھېسابلىساق، بىر ناھىيىدە 230دىن كۆپرەك «باۋمۇ» بولغان بولىدۇ. ئەڭ تۆۋەن مۆلچەر بىلەن ھېسابلاپ ، شىنجاڭدىكى ھەر بىر ناھىيىدە كەم بولغاندا 200دىن «باۋمۇ» بار دېگەندىمۇ، ھەممىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا تەخمىنەن 50ناھىيىدە (بۇ يەردە ئۇيغۇرلار ئاساسلىق ئولتۇراقلاشقان ناھىيىلەرنى نەزەردە تۇتتۇق) ئاز دېگەندە 10مىڭ نەپەر، بۇنىڭغا شەھەرلەردىكى 60مىڭ «باۋمۇ» نى قوشقاندا پۈتكۈل شىنجاڭدا يوق دېگەندە 70مىڭدىن كۆپرەك «باۋمۇ» بولغان بولىدۇ. دېمەك 70مىڭدىن كۆپرەك قىزىمىز يىگىتچە قىياپەتتە ياشاۋاتىدۇ.

ئويلاپ بېقىڭ، بىزدەك نوپۇسى ئاران 8مىليونغا يېتىدىغان بىر مىللەتكە نىسبەتەن 70مىڭ دېگەن ئاز سانمۇ؟ بۇ كىمنى ئويلاندۇرمايدۇ؟ كىمنى ئېچىندۇرمايدۇ؟ بۇ پەقەت ۋىجدان - ۋۇجۇدى ئۆلگەن كىشىلەرنىلا ئويلاندۇرماسلىقى مۇمكىن. (دىققەت: بۇ سان كىچىكرەك ناھىيىلىرىمىزدىن ئىككىسىنىڭ نوپۇسىغا تەڭ كېلىدۇ).

توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى يولغا قويۇلدى، «مەجبۇرىيەت مائارىپى قانۇنى» ئىجرا قىلىنىۋاتىدۇ. «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتى ئىشلىنىۋاتىدۇ. «پەن - تېخنىكا، مائارىپ بىلەن دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش» ئاساسلىق دۆلەت سىياسىتى قىلىپ بەلگىلەندى. مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش شوئارلىرى تىنماي توۋلىنىپ، ھەرخىل چارە-تەدبىر، سىياسەتلەر تۈزۈلىۋاتىدۇ. بىزدە ئوقۇشقا تېگىشلىك تۇرۇپ ئوقۇمىغانلارنىڭ سانى يەتكۈچە بار. مەزكۇر مەسىلە بۇ قېتىم «ساۋاتسىزلىقنى ئاساسەن تۈگىتىش ۋە توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئاساسەن ئومۇملاشتۇرۇش» تىن ئىبارەت «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتىنىڭ ئاكتىپنى ئىشلىگەن ئوقۇتقۇچىلىرىمىزغا ئەكمۇ ئايدىڭ. ئەلۋەتتە، بۇ ساننىڭ ئىچىگە «باۋمۇ» لارمۇ كىرىدۇ. بۇنىڭدا مائارىپ ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى - جاۋابكارلىقى بارمۇ - قانداق؟ بۇ سوئال نېمە ئۈچۈن تىزگىنلەنمەيدۇ؟ مائارىپقا ئائىت قانۇن - سىياسەتلەر تۈزۈلگەن، يولغا قويۇلغان تۇرۇقلۇق نېمە ئۈچۈن بۇ خىل يامان سۈپەتلىك ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ؟ باللارنى مەكتەپتىن ئاجرىتىۋېلىش شۇنچە ئاسانلىشىپ كەتتىمۇ؟ بۇنىڭ يوللىرى شۇنچە كۆپمۇ؟

ئەلۋەتتە، بۇنى بىز يالغۇز مائارىپ تارماقلىرىنىڭلا مەسئۇلىيىتى دېمەكچى ئەمەسمىز. بۇ بىر ئىجتىمائىي مەسىلە. ئىجتىمائىي مەسىلىلەردە سەۋەب - مەسئۇلىيەتنى بىرلا ساھەدىنلا سۈرۈشتۈرۈش ئانچە ئاقىلانىلىق ئەمەس. ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدا كۆپ قاتلاملىق، كۆپ مەنبەلىك سەۋەب - ئامىللار بولىدۇ. لېكىن بىرەر ئامىل چوقۇم يادرولۇق، ماھىيەنلىك ئورۇندا بولۇپ، قالغانلىرى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

مەسىلىنىڭ خاراكتېرى، باشقۇرۇش دائىرىسىدىن قارىغاندا، بۇ، مائارىپ ساھەسىدىكى ئىش. مەسئۇلىيەتنى باشتا شۇنىڭدىن سۈرۈشتۈرۈش ئەقىلگە ئەڭ مۇۋاپىق. لېكىن بىز مەكتەپ مۇدىرلىرىنىڭ قوللىرىدا پالانى يېزا باشلىقىنىڭ خېتى، پۈستانى سېكرېتارىنىڭ تەستىقى دېگەندەك مۇقەددەس «خەت» ۋە «تەستىق» بىلەن مەكتەپتىن ئاجرىتىلغان باللارنىڭ ئىسىملىكىنى ئۇچرىتىپ قالدۇق. ئىگىلىشىمىزچە، ھازىرغا قەدەر بىرەر ئورگان بۇ مەسىلە ھەققىدە يىغىن ئېچىپ، بىرەر قېتىممۇ «باۋمۇ» لارمەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىشىپ باقمىغان. كونكرېت تەدبىر ئويلىشىپ باقمىغان. كىم بىلىدۇ، شۇ كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىدە يەنە قانچىدىن «باۋمۇ» بار تېخى؟

تەكشۈرۈشىمىزدىن قارىغاندا، «باۋمۇ» لارئاساسلىقى تۆۋەندىكى يوللار بىلەن كەلگەن:

**1. بىر ئاماللارنى قىلىپ بالىنىڭ ئىسمىنى مەكتەپنىڭ تىزىملىكىدىن چىقىرىۋالىدۇ.** بۇ «بىر ئاماللار» بىر قەدەر چۈشىنىكسىز ۋە سىرلىق بولۇپ، زادى قانداق ئامال ئىشلەتكىنى ئېنىق بولمىسىمۇ، لېكىن باللارنىڭ مەكتەپتىن ئاجرىتىۋېلىنغىنى ئېنىق.

**2. ھەيۋەتلىك، مۇقەددەس «تامغا» «خەتلەر» بىلەن ئاجرىتىۋېلىنىدۇ.** بۇنىڭغا نىسبەتەن مەكتەپ مۇدىرى، ئىلمىي مۇدىردا نېمە ئۈچۈن؟ سەۋەبى نېمە؟ دەپ سۈرۈشتە قىلىدىغان ھوقۇق بولسىمۇ، بۇ ھوقۇقنى ئىشلىتىدىغان جۈرئەت بولمايدۇ. باشلىقنىڭ تەستىقى بولغىنى ئۈچۈنلا ئۇ ئىجرا قىلىشقا تېگىشلىك مۇقەددەس پەرمانغا ئايلىنىدۇ. باشلىقلارنىڭ نېمە سەۋەبتىن بۇنداق «خەت» لەرنى يېزىپ، «تامغا» لارنى باسىدىغانلىقىنى چۈشىنىش ئوڭاي ئەمەس. يەنە كېلىپ مۇناسىۋەتلىك كادىرلىرىمىز بۇنداق سۈرلۈك «تامغا» ۋە «خەت» لەرنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىشنى خالىمايدۇ، چۈنكى.

..

**3. باشقا مەكتەپكە ئالماشتۇرۇپ ئوقۇتۇش باھانىلىرى بىلەن ئاجرىتىۋېلىنىدۇ.** بۇنىڭدىمۇ «بىر ئاماللار» نى قىلىپ باشقا مەكتەپتە ئوقۇيدىغانلىق خېتى قولغا چۈشۈرۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ قۇربانلىق ھېچكىم غىڭ-پىڭ قىلالمايدىغان يوسۇندا «بوغۇزلىنىدۇ».

**4. «ئۆرۈمچىدىكى تۇغقانلارغا بالا قىلىپ بەردۇق، شۇ يەردىن خىزمەت تېپىپ بېرىدىغان بولدى» دەپ ئاجرىتىۋېلىنىدۇ.** گەرچە مائارىپ قانۇنىمىزدا «ئۆرۈمچىلىكلەرگە بالا قىلىپ بېرىلسە، ئاجرىتىپ بېرىشكە بولىدۇ» دەيدىغان نىزام، ماددا بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ ئۇسۇل «ئۆرۈمچى» دېگەن سۆزنىڭ سۈرى، ھەيۋىسى بىلەن خېلى ئېقىش تاپقان. بۇمۇ تەبىئىي ھالدا ئەقىلگە مۇۋاپىق، دەپ قارىلىدۇ.

ئۇ يەردىكى كىشىلەر «ئۈرۈمچىدىكى تۇغقانلار»نى باشلىقلار، چوڭ ئادەملەر، دەپ چۈشىنىدۇ. ئۈرۈمچىلىكلەر ئۇلارنىڭ نەزىرىدە مۇھىم، قالتىس ئادەم. مائارىپ ئورگانلىرىمۇ «ئۈرۈمچىدىكى تۇغقانلار» بۇ قىزلارنى ئۈرۈمچىدە ئوقۇتقىلى ئەپچىقىپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىغان چېغى. ئەمەلىيەتتە ئۈرۈمچىگە ئەپچىقىلغان قىزلارمۇ «باۋمۇ»لارنىڭ بېشىغا كېلىدىغان تەقدىردىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ھازىر جەنۇبىي شىنجاڭ ئۈرۈمچىنىڭ زىيالىيلىرىنى «باۋمۇ» بىلەن تەمىنلەيدىغان بازىغا ئايلىنىپ قالدى (ئاڭلىساق، ئۈرۈمچىدىمۇ بۇلارنىڭ سانى كۆپ ئىكەن. ئەمەلىي تەكشۈرۈشكە ئىمكانىيەت بولمىغانلىقتىن، ئۈرۈمچىدىكى كونكرېت ئەھۋاللارنى ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلىشالمايمىز).

**5. كېسەللىك باھانىسى بىلەن ئاجرىتىۋېلىنىدۇ.** بۇنىڭدا يەنە بىرنېمىلەرنى قىلىپ يۈرۈپ كېسەللىك ئىسپاتى يازدۇرۇلىدۇ. ئەلۋەتتە، دىئاگنوز نەتىجىسى بالا مەكتەپتە ئوقۇمىسا ساقىيىدىغان، ئوقۇسا ساقايمايدىغان كېسەل بولۇپ چىقىدۇ. بۇمۇ ھېچكىمنى پەلەن-پەشمەت دېگۈزمەيدىغان ئاجرىتىۋېلىش يولىدۇر.

بەلكىم مەكتەپتىن بالا ئاجرىتىۋېلىشتا بىز تېخى ئاڭلىمىغان «ئىجادىيەت»لەر، بايقاپ ئۈلگۈرمىگەن يېڭى ئۇسۇل - چارىلەر بولۇشى مۇمكىن. يۇقىرىقى ئاجايىپ چارە-تەدبىرلەرگە ئەقىل كۆزىمىزنى بىرلا يۈگۈرتسەك، مەسىلىنىڭ كەينىدىكى مەسىلىنى غىل-پال كۆرۈپ قالىمىز. نېمە ئۈچۈن مائارىپنىڭ يىلتىزىغا پالتا ئۇرۇدىغان شۇنداق ئۇسۇل - چارىلەرنىڭ بازار تېپىشىغا ئىمكانىيەت، مۇھىت بار؟ دېگەندەك سوئاللارنىڭ جاۋابىنى ئىزدىسەك، بۇنىڭغا ئالاقىدار كىشىلەرنىڭ ۋەتەن - مىللەتنىڭ ئىستىقبالى، تەقدىرى ھەققىدە قىلچىمۇ ئويلانمايدىغانلىقىنى، بۇ مەسىلىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ نەزىرىدە قىلچىمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرمايدىغانلىقىنى، ئۆنچىلىك قۇربانلىقنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق، دەپ قارىلىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. بۇ مەكتەپ مۇدىرى نېمە ئۈچۈن بۇنداق «تامغا»، «خەت»لەرنى يۈرەكلىك ھالدا: بۇ خاتا، ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنى مەكتەپتىن ئاجرىتىشقا بولمايدۇ، مەن بىر مەكتەپكە - ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەربىيىسىگە مەسئۇل ئادەم دېيەلمەيدۇ؟ ئۇ نېمىسگە مەكتەپ مۇدىرى بولغان؟ يا ئۇ، باشلىقلار زىياپەتتە كەيپىلىكتە بېكىتىۋەتكەن مۇدىرمۇ؟ ھېلىقى باشلىقلار، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، ساۋاقداش، ئەل - ئاغىنىلىرى، يېقىن - يۇرۇق، تونۇش - بىلىشلىرى پالانىنى مەكتەپتىن ئاجرىتىدىغان ئىشنى بىر ئامال قىلساق دېگەندە، بۇ بالا ئوقۇمىسا بولمايدۇ، بۈگۈنكى دەۋردە تەربىيىسىز - مائارىپسىز قېلىش تاماقسىز قالغان بىلەن باراۋەر، دېيەلمەيدۇ؟ ئۇ يېزىدىكى سېكرېتار، يېزا باشلىقى دېگەنلەرنىڭ شۇنچىلىكمۇ ئاڭ-سەۋىيىسى، ئادىمىي ۋىجدانى يوقمۇ؟ نېمىشقا ھېلىقى دوختۇرمۇ: توختاڭلار، بۇ بالا كېسەل ئەمەس، دېيەلمەيدۇ؟

ھازىر بۇ سوئاللار بىزگە خۇددى كىچىك بالىلارنىڭ «ئادەم نېمىشقا ئۇچمايدۇ؟» دەپ سوئال قويغىنىدەك كۈلكىلىك ئاڭلىنىدۇ (گەرچە بۇ سوئالدا ھېكمەت بولسىمۇ). بىزدە بۇ سوئالنى جاھاننىڭ رەپتارىنى «بىلمەيدىغانلار»، جەمئىيەتنى «چۈشەنمەيدىغانلار»، ئىشنىڭ ئېپىنى «ئۇقمايدىغانلار»، ھەممىدىن قاقشاپ ئۆزىنى ئۆپرىتىپ يۈرۈدىغانلار، سىڭگەن نېننى يېمەيدىغان «ئەخمەق»لەر سورايدۇ.

ئەمەلىيەتتە بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى بىلمەك تەس ئەمەس. گەپنىڭ راستىنى دېگەندە مۇدىرلارغىمۇ تەس. ئۈستىدىكىلەرنىڭ لەۋزىنى ئالمىسا، باپلىنىپ كېتىشتىن ۋايىم يەيدۇ. يەنە مۇدىرلار «كۆڭۈلچەك» دوستلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپ قويۇشتىن قورقىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كۆزگە كۆرۈنمەس، ھەممىلا ئادەم بىلىپ كەتمەيدىغان، قاتناش قائىدىسى، قاتناش ساقچىسى يوق بىر يول بار. ھەممىدىن يامىنى مۇدىرلار «ھاجەتمەن»لەرنىڭ داستىخىنىدا ئولتۇرۇپ سالغان. «ئېغىز يېسە يۈز ئۇيۇلار»، «يېگەن تىل باغلىنار» (مۇھەررىردىن) دېگەندەك نۆۋەتتە كەلگەندە يېگەن - ئىچكىنى كۈچىنى كۆرسىتىدۇ. ئەلۋەتتە، تاماقتا زەھەر يوق، لېكىن غەرەز بار. مانا شۇ كۆڭۈللەرنىڭ ئازار يېمەسلىكى، مۇبارەك چىرايلارنىڭ تۈرۈلۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن سانسىز سەبىي كۆز قارىچۇقلىرىمىز قۇربان قىلىنىدۇ. بۇ نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق قۇربانلىق؟ نېمىدېگەن زور بەدەل؟!

بۇ قىزچاقلارنىڭ زىيالىيلىرىمىزنىڭ بوۋاقلىرىنى بېقىش ئۈچۈن مەكتەپتىن ئاجرىتىلىدىغانلىقى، ئاجرىتىپ كېلىنگەندىن كېيىن بولسا ئۇلارغا تۈگىمەس-پۈتمەس ئۆي ئىشلىرىنىڭ يۈكلىنىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. ئۇلارنىڭ ئۇخلاشتىن باشقا چاغدا «ئۇھ» دېگۈدەك ۋاقتى يوق. ئۇلار ھەرۋاقىت قول قوشتۇرۇپ پەرمان كۈتۈپ تۇرىدۇ. پۇقرانىڭ بىكار قېلىشى زالىم پادىشاھقا نىسبەتەن خاتىرجەمسىزلىك، تەھدىت بولغىنىدەك، ئۇلارنىڭ بىكار قېلىشىمۇ «خانىش»قا تەھدىت. مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئائىلە خوجايىنلار «باۋمۇ»لار بىكار قالسا ئەسكىلىشىۋالىدۇ، ئىش ئۇقۇپ قالىدۇ، كالىدەك ئىشقا سالمىغاننىڭ جېنى بىكار دېيىشىدۇ. بۇ خانىشلار: «باۋمۇ دېگەنلەر ئۆيىمىزدە تۇرغىنىغا خۇدا بەختىنى بەردى، دەپ خۇش بولۇپ، ھازىرقى كۈنىگە مىڭ مىراتەم شۈكۈر قىلسا بولىدۇ، ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىدە بولغان بولسا، بۇنداق ئېسىل يېيەلمەيتتى، كىيەلمەيتتى، ئۆيىمىزگە كېلىپ مەينىتى ئېرىپ ھازىر خېلى ئىسكەت كىرىپ قالدى» دېيىشىدۇ. ئۆز ئۆيىنى ئۇلارنىڭ جەننىتى، دەپ قارايدۇ. «خانىش»لار بۇ قىزچاقلارنىڭ ئېتىز-ئېرىقلاردا قىيغىتىپ ئوينىغاندىكى خۇشاللىقىنى، ئاتا-ئانىسى، قېرىنداشلىرى بىلەن سۇپىدا ئولتۇرۇپ يېگەن زاغرىلارنىڭ خانىشلارنىڭ دەككە-دەشناملىرى بىلەن بەرگەن پولو - لەغمەنلىرىدىن لەززەتلىك ئىكەنلىكىنى، دۈم يېتىپ ئىچكەن ئېرىق سۈيىنىڭ

www.uyghurkitap.com

بۇ ئۆيدىكى قايماق چاي، سۈت چاي، خۇشپۇراق چايلاردىن لەززەتلىنىش ــ شېرىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالمايدۇ. «يامانغا ياغ، ئۆچكىگە تاغ ياراشمىغان» دەك، «خانىش» لار بۇ «باۋمۇ» لارنىڭ يىراق سەھرادىكى ئاتا-ئانىسى، تۇپا ئۆرلەپ تۇرغان ئۆيىنى سېغىنغانلىقىدىن ھەيران.

* * *

ــ بۇ قېتىم ئەكەلگىنىڭ قانداقراق؟ كۆنۈپ قالدىمۇ؟

ــ ئىمدى ھەپتە بولدى، ھازىرچىغۇ يامان ئەمەستەك تۇرىدۇ، كېيىن خۇي چىقىرىۋالمىسا. ھە، سىلەرنىڭچۇ، نەدىن ئەكەلدىڭلار؟ تەسكە چۈشمىگەندۇ؟

ــ نەدىكىنى، ئاران تاپتىم.

* * *

ــ ئادىل، ئايالىڭ يەڭگىي دېگەندۇ؟

ــ تېخى تۆت ــ بەش ئاي بار.

ــ ۋاقتىدا بىرەر «باۋمۇ» ئۇقتۇشۇپ قوي، كېيىن ئالدىراپ قالمىسەن.

* * *

ــ خوتۇن بۇ قېتىمقىنىمۇ قوغلىدى، توڭلاتقۇدىكى كاۋابنى يەپ قويۇپتىكەن، «قولى ئەگرىكەن، ئۆيدە ئىشىنىپ بىر نېمە قويغىلى بولمىغۇدەك» دەيدۇ.

ــ ئۇنداقلىرى چاتاق جۇمۇ، يە باشتا بىلگىلى بولمىغان.

* * *

ئاساسەن ئەھمىيەتلىك پاراڭ چىقمايدىغان زىيالىيلىرىمىزنىڭ گەپلىرىگە يۇقىرىقىدەك غەيۋەتلەر قوشۇلۇپ، تېتىقسىز پاراڭلار خېلى غولدايدۇ. ئاياللىرىمۇ كىيىم-كېچەك، ئۇپا ــ ئەڭلىك ۋە ئەرلەرنىڭ ئۇزۇن-قىسقا پاراڭلىرىدىن كېيىن تەبىئىيلا ئۆيلىرىدىكى «باۋمۇ» لارنىڭ غەيۋىتىگە چۈشىدۇ.

ــ ئۆيىڭىزدىكى «باۋمۇ» قانداقراق؟ قولىقى يۇمشاق چىقتىمۇ؟

ــ نەدىكىنى. بۇرنى جىگدە چېچىكى پۇراپ قاپتۇ. پات-پات ئەينەككە قارايدىغان بوپقالدى.

مانا بۇ گەپنى قىلىۋاتقانلار ھۈنەرۋەن ــ تىجارەتچىلىرىمىز ئەمەس، بەلكى بىزنىڭ ئالىي مەلۇماتلىق زىيالىيلىرىمىز ۋە ئۇلارنىڭ «خانىش» لىرى.

ئوقۇرمەنلىرىمىزگە مەخپىي قالمىغايكى، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئائىلىدە بىر «باۋمۇ» ئاخىرىغىچە تۇرالمايدۇ (بۇنى باشتىمۇ دېگەنىدۇق). خوتۇنپەرەس ئادەم خوتۇن ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشقا خۇمار بوپقالغاندەك، «خانىش» لىرىمىزمۇ «باۋمۇ» ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشقا ئۆگىنىپ قالغان. ئۇلارچە «باۋمۇ» لار پۇتۇنلەي ئۆزلىرىنىڭ دېگىنىدەك چىقىشى كېرەك. «خانىش» لار «باۋمۇ» لاردىن ئايرىلىپ قالسا، ئائىلە، پەرزەنت، خىزمەت توپەيلى «قانداق ئادەم بولسا مەيلىتى» دەپ پۈتى كۆيگەن توخۇدەك ئۇياق ــ بۇياققا يۈگرەيدۇ. «باۋمۇ» تېپىلىپ ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، يەنە قوسۇر چىقىرىشقا باشلايدۇ.

دېمەك، بىر ئائىلىدە بىرەر بالا چوڭ بولۇپ، مەكتەپ يېشىغىچە ئەڭ ئاز دېگەندە ئىككى، بولمىسا ئۇنىڭدىن كۆپ «باۋمۇ» ياللىنىدۇ. بىر زىيالىينىڭ دەپ بېرىشىچە، ئۇ بىر ئاي ئىچىدە سەككىز «باۋمۇ» تېپىپتۇ. يەنە بىر بالىسى ئۈچ ياشقا كىرىپ بولغىچە «باۋمۇ» دىن 11نى ئالماشتۇرۇپتۇ. شۇنى بىلىش كېرەككى، «باۋمۇ» لۇق قىلىش ئۈچۈن مەكتەپتىن زورمۇ زور ئاجرىتىلغان «باۋمۇ» ئىشتىن بوشىتىلغاندىن كېيىن قايتا مەكتەپكە بارمايدۇ. يۇقىرىقى مىسالدىمۇ پەقەت ئىككى بالا ئۈچۈنلا 19نەپەر قىزچاقنىڭ ئىستىقبالى نابۇت قىلىنغان. ئېنىقكى، بۇ خېلى ئومۇملاشقان ئەھۋال.

يەنە بىر ئېچىنىشلىق ئەھۋال شۇكى، بۇ «باۋمۇ» قىزچاقلار شۇنچە بىلىملىك ــ ئوقۇمۇشلۇقلارنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپمۇ ئازراقمۇ كىتاب ئوقۇش، ئۆگىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ. خوجايىنلار «باۋمۇ» قىزچاقلارغا نىسبەتەن بىلىمنى بىھاجەت، دەپ قارايدۇ. «باۋمۇ» قىزچاقلار يېگەن-ئىچكەننى تىلغا ئېلىپ يۈرمەيلى، ئۇلارنىڭ ھېچ بولمىسا ئاز تولا كىتاب كۆرەلمەسلىكى ۋە شۇنىڭغا ئىلھاملاندۇرۇلماسلىقى، بۇ ئاتالمىش تەربىيە كۆرگەن «زات» لارنىڭ ئۇلارنىڭ نادان قېلىشىغا شۇنچىلىك پەرۋاسىز قارىشى ئادەمنى ھەقىقەتەن ئېچىندۇرىدۇ. ئەسلىدە زىيالىي دېگەننىڭ ئۆيىدىن قويۇق ئىلمىي كەيپىيات چىقىپ تۇرۇشى، بۇنداق ئائىلىگە كىرگەن ئادەممۇ يېڭىچە بىر تەسىر ئېلىپ چىقىشى كېرەك ئىدى. ئەپسۇسكى، بۇنداق ئۆيلەردىن سۆز ئېچىش قىيىن. مۇتلەق كۆپ ساندىكى زىيالىيلىرىمىزنىڭ ئۆيىدە بىرەر كىتاپ جازىسىنىڭ يوقلۇقىغا ھۆددە قىلالايمىز.

جەمئىيىتىمىزدە بىلىمنىڭ مۇھىملىقى، قەدرىنى ئاشۇ ئالىي مەلۇماتلىق زىيالىيلىرىمىز چۈشەنمىسە، كىچىك تۇرۇپلا بىلىم، ئەقىل يولى ئۈزۈپ تاشلانغان ئاشۇ «باۋمۇ» قىزچاقلىرىمىز چۈشىنەمدۇ؟ ئۆمۈر بويى تۈگىمەس ھاشار، ئاتىسىدىن بالىسىغىچە مىراس قالىدىغان جاپالىق ئەمگەكتىن ئۆرە كەلمىگەن، تېخى قورسىقى تۇزۇك تويمىغان، تىرىكچىلىك غېمىدە بېشىنى قاشلىغىلى چولىسى يوق ساۋاتسىز دېھقانلىرىمىز چۈشىنەمدۇ؟ ياكى جاڭگال، تاغ-يايلاقلاردا پادىلار ئارىسىدا ئۆمرى ئۆتۈۋاتقان پادىچى ــ چوپانلىرىمىز چۈشىنەمدۇ؟ بىلىمنى شۇلار تارقىتامدۇ؟ بۇ قاراپ تۇرۇپ بىرىنى دەپ يەنە بىرىنى قۇربان قىلىشقۇ؟ بۇ قىزچاقلار كىم؟ بۇلار كىمنىڭ قىزلىرى؟ ئۇلار بىزنىڭ ھازىر قىزلىرىمىز، سىڭىللىرىمىز، پات ئارىدىكى ئاچىلىرىمىز، ئانىلىرىمىز ئەمەسمۇ؟ شۇلارنىڭ غېمىنى بىز يېمىسەك كىم يەر؟ زىيالىيلىرىمىزنىڭ بالىلىرى ئادەم، دېھقانلىرىمىزنىڭ بالىلىرى ئادەم ئەمەسمۇ؟

## 4. ئەمىسە بىزگە نېمە ئامال؟

ــ ئەمىسە بىز قانداق قىلىمىز؟ بالىلىرىمىزغا كىم قارايدۇ؟ ياكى بالىلارنى ئاتا-ئانىلارغا

www.uyghurkitap.com

باقتۇرامدۇق؟ ھېچ ئىلاج بولمىسا بالىلارنى دەپ خىزمەتنى تاشلايلىمۇ؟ زادى بىزگە نېمە ئامال؟

بۇ گەپلەر كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان پاكىت، رېئاللىق. ھېچكىم ئۇنداق ئەمەس دېيەلمەيدۇ. بىز بۇ مەسىلىدىكى جاۋابكارلىقنىڭ ھەممىسىنى زىيالىيلارغا ئارتىپ قويۇپ، ئۇلارنىڭمۇ ھەل قىلالمايۋاتقان، بېشى قېتىۋاتقان نۇرغۇن غەملىرى، قىيىنچىلىقلىرىنى كۆرمىسەك ئاقىللىق بولمايدۇ. راست، ئۇلار زادى قانداق قىلىدۇ؟ ئايال خىزمەتتىن قالسا، ئەرنىڭ مائاشى ھېچنېمىگە دال بولمايدۇ. بۇيەردە شۋېتسارىيە، ياپونىيلەردىكىدەك ئايالى تۇغسا ئېرىنىڭ مائاشىغا مائاش قوشۇپ بېرىدىغان ئىش يوق. «بەزى دۆلەتلەر ئاياللارغا مۇكاپات بەرگەن: شۋېتسارىيىدە ھۆكۈمەت خىزمەتچىسى تۇغسا400فرانك، شۋېتسىيىدە بوۋاقنىڭ چوڭ بولۇشى ئۈچۈن ھۆكۈمەت توققۇز ئايلىق مائاشقا تەڭ خىراجەتنى ئاتا-ئانىسىغا بېرىدۇ. بىراق بۇ يەردە ياردەم ئۇياقتا تۇرسۇن، مائاش، مۇكاپات تۇتۇپ قېلىنىدۇ، بۇنىڭدىن ئارتۇق بىمەنىلىك بولمىسا كېرەك» (ۋاڭ دۇڭخۋا: «ئۇنتۇلغان ئانىلار»، سىچۈەن خەلق نەشرىياتى1999-يىل سىنتەبىر1-نەشرى 164-بەت). تۇغۇتتىن كېيىنكى ئۈچ ئايلىق دەم ئېلىش توشسا، خىزمەتكە بارماي ئامال يوق. بۇ يەردە خىزمەت ھەممىدىن ئەلا، بۇ يەردە بالا تەربىيىلەشنىڭ مۇھىم خىزمەت ئىكەنلىكىنى، بالىنى كىم باقار دېگەنلەرنى ئەسلا ئويلاشمايدۇ. «بالىلار يەسلىسى ئاساسەن ئۈچ ياشتىن ئاشقان بالىلارنى قوبۇل قىلىدىغان بولغاچقا» (قۇندۇز مۇھەممەت: «ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلەيلى»، «شىنجاڭ ئاياللىرى» ژۇرنىلى 2000-يىل 4-سان) بۇ قىيىنچىلىق زىيالىيلارنى «باۋمۇ» ئىزدەشكە مەجبۇر قىلغان.

مەزكۇر ماقالىنى يېزىۋاتقىنىمىزدا، خۇددى توغرا كەپقالغاندەك بىراۋنىڭ مەلۇم بىر قىزچاقنى «ئۆپكە تۇبىركىليوز» دېگەن نام بىلەن مەكتەپتىن ئاجراتقىنىنى ئاڭلىدۇق. چۈنكى بۇ كېسەل يۇقۇملۇق بولغاچقا، ئەمدى مەكتەپتە ئوقۇسا باشقا بالىلارغا كېسەل يۇقىدىغان سەۋەبلىك ئوقۇسا بولماسمىش.

تۆۋەندە بىز ئىككى دۆلەتنىڭ بۇ ھەقتىكى چارە-تەدبىرلىرىنى قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتىمىز:

**شۋېتسارىيە:** شۋېتسارىيىدە كىشىلەر بالىلىرىنى باشقىلارنىڭ تەربىيىلىشىنى خالىمايدىكەن، شۇڭا بالىلار يەسلىسى يوق ئىكەن. پەقەت چوڭ شەھەرلەردىكى سىرتتىن كېلىپ خۇسۇسىيلارنىڭ زاۋۇتلىرىدا ئىشلەۋاتقانلارلا بالىلىرىنى زاۋۇتلاردا شەخسلەر ئاچقان بالىلار يەسلىسىگە بېرىدىكەن، لېكىن ھەققى يۇقىرى ئىكەن. شۋېتسارىيىدە ئومۇملاشقىنى «تەييارلىق سىنىپ» بولۇپ، بالىلار ئوقۇش يېشىغا توشۇشتىن بىر-ئىككى يىل ئىلگىرى (بەش - ئالتە ياش ئەتراپىدا) قوبۇل قىلىنىپ، تەربىيىلىنىدىكەن. ئوغۇللار خىزمەتكە چىقىپ توي قىلىپ، بالا-چاقىلىق بولغاندىن كېيىن مەلۇم مىقداردا (ئادەتتە30-40-پىرسەنت ئەتراپىدا) مائاش قوشۇپ بېرىدىكەن. قىزلار بولسا خىزمەتتىن توختاپ، ئائىلىدە بالا تەربىيىلەيدىكەن. ئومۇمەن شۋېتسارىيىدە يىگىت-قىزلار توي قىلىپ بالىلىق بولغاندىن كېيىن ھۆكۈمەت ئۇلارغا بالىلىرىنى بېقىش خىراجىتى بېرىدىكەن. ئادەتتە بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى%100 ئىكەن. «توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى» يولغا قويۇلغان بولۇپ، پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتمىغان ئاتا-ئانىلارغا ۋە ئوقۇمىغان بالىلارنى ئىشلەتكەن كىشىلەرگە يۇقىرى ئۆلچەمدە جەرىمانە قويۇلىدىكەن. شۇڭلاشقا، بارلىق كەسپلەردە ئوقۇش يېشىدىكى بالىلار ئىشلىتىلمەيدىكەن. بالىلار تەييارلىق سىنىپقا كىرگەندىن تارتىپ تاكى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگىچە كېتىدىغان پۈتكۈل خىراجەتنى ھۆكۈمەت ئۆز ئۈستىگە ئالىدىكەن. ئۇلار خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن ھەر يىلى بىر قېتىم دۆلەتكە مائارىپ ھەققى (بېجى) تاپشۇرىدىكەن. بۇ، بىر ئايلىق مائاشقا توغرا كېلىدىكەن. ئائىلە ئىشلىرى ئىجتىمائىيلاشقانلىقتىن ئادەتتە ئائىلە خىزمەتچىسى ئىشلەتمەي، بەزىدە ئالاھىدە ئالدىراش ۋاقىتلاردا بىرەر ئايالنى قارىشىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىپ، ئىشلىگەن ۋاقتىغا قاراپ ھەق بېرىدىكەن (خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىغا كەلگەن شۋېتسارىيىلىك بىر مۇئەللىمنىڭ ئېيتقانلىرىدىن).

**ئەنگلىيە:** ئەنگلىيىنىڭ ئوقۇشتىن ئىلگىرىكى تەلىم-تەربىيە مائارىپى بىر ياشتىن بەش ياشقىچە بولغان بالىلار مائارىپىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن بۇ دۆلەت قانۇنىدا بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيەت مائارىپى باسقۇچىغا تەۋە بولمايدۇ. ئەنگلىيىنىڭ ئوقۇشتىن ئىلگىرىكى تەلىم-تەربىيە ئورگانلىرى تۆت تۈرگە ئايرىلغان: 1. ئاسراش-تەربىيىلەش مەكتىپى. بۇ مەكتەپ ئاساسەن مائارىپ ۋە ئىلىم-پەن مىنىستىرلىكىنىڭ مەسئۇللىقىدا بولىدۇ. 2. ئاسراش - تەربىيىلەش سىنىپى. بۇنىڭغىمۇ مەزكۇر مىنىستىرلىك مەسئۇل بولىدۇ. 3. كۈندىلىك يەسلى مەركىزى. ئاساسەن سەھىيە، پاراۋانلىق مىنىستىرلىكى مەسئۇل بولىدۇ. 4. ئويۇن گۇرۇپپىسى. ئائىلە باشلىقى مەبلەغ چىقىرىدۇ ۋە باشقۇرىدۇ.

ئاسراش - تەربىيىلەش مەكتىپى مۇستەقىل بالىلار مائارىپى ئورگىنى بولۇپ، ئىككى ياشتىن بەش ياشقىچە بولغان بالىلارنى قوبۇل قىلىدۇ. ئاسراش-تەربىيىلەش سىنىپى باشلانغۇچ مەكتەپلەردە تەسىس قىلىنىپ، ئۈچ ياشتىن بەش ياشقىچە بولغان بالىلارنى قوبۇل قىلىدۇ. كۈندىلىك يەسلى مەركىزى. بۇ، ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش تارماقلىرى ئەپكەلگەن ياكى ئاتا-ئانىسى سىرتقا خىزمەتكە چىقىپ كېتىپ، قارىغۇچىسى بولمىغان بەش ياشتىن تۆۋەن بالىلارنى قوبۇل قىلىدۇ. ئىلگىرى بۇلار نۆل ياشتىن بەش ياشقىچە بولغان بالىلارنى قوبۇل قىلاتتى. لېكىن ئەنگلىيىنىڭ بىر قانۇنىدا «ئىككى ياشتىن كىچىك بالىلاردىن ئاتا-ئانىسى خەۋەر ئېلىشى كېرەك» دەپ

بەلگىلەنگەن. ھازىر ئىككى ياشتىن بەش ياشقىچە بولغان بالىلار قوبۇل قىلىنىدۇ. كۆپىنچىسى پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدە، ناھايىتى ئاز بىر قىسمى يېرىم كۈنلۈك تۈزۈمدە. بۇ يەسلىلەرنىڭ بالىلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشتىكى نىشانى تۆۋەندىكى بەش جەھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1. بالىلارنىڭ زېھنىنى يېتىلدۈرۈش. 2. ئىجتىمائىي كەيپىياتىنى يېتىلدۈرۈش. 3. گۈزەللىك ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش. 4. فىزىئولوگىيە جەھەتتە يېتىلدۈرۈش. 5. ئىجادكارلىق ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش.

بۇ يەسلىلەرنىڭ خىراجىتىنى يەرلىك ھۆكۈمەت، زاۋۇت - كارخانىلار ۋە شەخسلەر ئىئانە قىلىدۇ. تەربىيىچى سېستىرا ياكى ياردەمچى تەربىيىچىنىڭ شەرتى بىر قەدەر كەڭرەك بولۇپ، PCSC، NNEB قاتارلىق دەرسلەرنى ئوقۇپ، ئىمتىھان ئارقىلىق دىپلوم ئالغان بولسا بولىدۇ («ئىنگلىزلار بالىلارنى قانداق تەربىيىلەيدۇ؟» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى).

**ئەمدى بىز ياپونىيىنىڭ پەرزەنت تەربىيىسىگە نەقەدەر ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتىمىز:**

ياپونىيە تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىنىڭ بىرى ئۇلارنىڭ قىزلار ۋە پەرزەنتلەر مائارىپىدۇر. 19-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى مىڭجى يېڭىلىققا كۆچۈش ئىسلاھاتىدىن كېيىن ياپونىيىنىڭ مۇتەپەككۇرلىرى نەزىرىنى بۇ ساھەگە ئاغدۇردى.

ياپونىيىلىكلەر پەرزەنت تەربىيىسىدە ئەڭ ئەۋۋەل ئانىلار تەربىيىسىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويدى. 1945-يىلى تاجاۋۇزچىلىق مەغلۇبىيىتىدىن كېيىن قايتا قۇرۇلغان مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى قىسقىغىنا بىر ئاي ئىچىدە بەش قېتىم ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ: «ئائىلە مائارىپ سورۇنىدۇر. ئاتا - ئانىنىڭ ئاڭلىق تەربىيىلىنىشى بولسا خەلق ئەخلاقىنى بەرپا قىلىشنىڭ ئاساسى» دەپ كۆرسەتتى. ئۇرۇشتىن كېيىن «ئانىلار سىنىپى» دېگەندەك قىسقا مۇددەتلىك كۇرس، ھەتتا ئالىي مەكتەپلەرنى تەسىس قىلىپ بۇ ھەقتە نۇرغۇن دەرسلىكلەرنى تۈزدى.

ھازىرغىچە ياپونىيىدە توي قىلغان ئاياللارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئىناق ئائىلە بەرپا قىلىش ۋە پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلەش. ئايالى تۇغسا ئېرىنىڭ مائاشىغا ئايالىنىڭ مائاشى قوشۇپ بېرىلىدۇ، ئايال خىزمەتتىن چېكىنىپ ئائىلىدە بالا تەربىيىلەيدۇ. ياپونىيە ئانىلىرى بۇ جەھەتتە پۈتكۈل دۇنيا ئانىلىرىغا ئۈلگە بولالايدۇ. ئانىلار مائارىپى، پەرزەنت مائارىپى دېگەنلەر ياپونىيىدە مەملىكەت مىقياسىدا ئورتاق تونۇشقا ئايلانغان بولۇپ، ئىنتايىن كەڭ ۋە چوڭقۇر ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە («ئۇنتۇلغان ئانىلار» دىن).

ياپونىيىنىڭ قايتا تۈزۈلگەن «بالىلار يەسلىسى مائارىپ پروگراممىسى» نىڭ 1-بابىنىڭ بېشىدا: «بالىلىق دەۋرىدىكى مائارىپ ئىنتايىن مۇھىم، يەسلى بىلەن ئائىلە ھەمكارلىشىپ بالىلارنىڭ پۈتكۈل ھاياتىغا ياخشى ئاساس سېلىشى، يەسلى ئاساسلىق پىرىنسىپلارغا ئاساسەن يەسلى تۇرمۇشىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق ياشاش ئىقتىدارىنىڭ ئاساسىنى سېلىشى، مەكتەپ مائارىپ قانۇنىدا بەلگىلەنگەن نىشانىنى تىرىشىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇشى كېرەك» دەپ كۆرسىتىلگەن. ياپونىيە مائارىپ ئىسلاھاتىدا «ئازادە مۇھىت ئىچىدە بالىلارنىڭ ياشاش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك»، «بۇ يەردىكى ياشاش ئىقتىدارى ئادەتتىكى تۇرمۇش ئىقتىدارى ئەمەس، بەلكى مەسىلىلەرنى مۇستەقىل بايقىيالايدىغان، پىكىر قىلالايدىغان، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۆكۈم چىقىرالايدىغان ۋە لايىقىدا بىرتەرەپ قىلالايدىغان ئىقتىدارى بولۇشنى ھەمدە ئاڭلىق، باشقىلار بىلەن ماسلىشالايدىغان، باشقىلارنىڭ غېمىنى يەيدىغان، ھېسسىياتلىق، ئادىمىيلىككە ۋە ساغلام بەدەنگە ئىگە بولۇشنى كۆرسىتىدۇ» («ئوقۇشتىن ئىلگىرىكى مائارىپ تەتقىقاتى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە) 2000-يىل 2-سان) دەپ تەكىتلىگەن.

* * *

يېتەرلىك ماتېرىياللارغا ئىگە بولالمىغىنىمىز ئۈچۈن بۇ ھەقتە تەپسىلىي توختىلالمىدۇق. ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ توغرا چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

دېمەك، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلىرىمىزنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش مەسىلىسىنى زىيالىيلىرىمىز كۆڭۈلدىكىدەك ھەل قىلالمىسا، «باۋمۇ قىزلىرىمىزنىڭ سانى ھەرگىز ئازايمايدۇ. شۇڭا بىز مەرىپەتپەرۋەر سودا-سانائەتچىلىرىمىزنىڭ بۇ ساۋابلىق ئىشقىمۇ قاراپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز. قۇندۇز مۇھەممەت ئوتتۇرىغا قويغان: «ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلارنى بۇ ئىشقا تەشكىللەپ، ئىمكانىيەت بولسا ئۇلارغا يەسلى قۇرۇپ بېرىش» تەكلىپى («ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلەيلى»، «شىنجاڭ ئاياللىرى» ژۇرنىلى 2000-يىل 4-سان) ئىنتايىن ياخشى چارە. بۇنىڭدا بىر قانچە مەسىلىنى ، بولۇپمۇ ياشلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ، زىيالىيلارنىڭ بالا بېقىش قىيىنچىلىقىنى ئاز-تولا بولسىمۇ ھەل قىلغىلى بولاتتى.

## ئائىلە تەربىيىسى ۋە بىز

كېسىپ ئېيتالايمىزكى، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدە تىلغا ئالغىدەك ئائىلە تەربىيىسى يوق. تىلغا ئالغىدەك نەرسىنىڭ بولماسلىقى بىزنى بۇ ھەقتە تېخىمۇ جىق گەپلەرنى قىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. جان بېقىش ھەلەكچىلىكىدە ھەر كۈنى ئالدىراشچىلىقتا ئۆتۈپ، بۇ ھەقتە ئويلىنىش تۈگۈل باش قاشلاشقىمۇ ۋاقىت چىقىرالمايدىغان دېھقانلىرىمىزغا بۇ مەسىلە ھەققىدە ئارتۇقچە تەلەپ قويۇشقا ھەقلىق ئەمەسمىز. لېكىن تەربىيە كۆرگەن - ئوقۇمۇشلۇقلار سانالغان زىيالىيلىرىمىزدىكى ئائىلە تەربىيىسىنى كۆزىتىپ بېقىشقا ، بۇ ھەقتە ئىككى ئېغىز ھەق گەپ قىلىشقا تامامەن ھەقلىقمىز.

ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئازساندىكى روھى ئويغاق، ئىمانى ئەركەك زىيالىيلىرىمىزدىن باشقىلىرىنىڭ بالا تەربىيىسىگە قارىتا ھەقىقىي تۈردە كۆڭۈل بۆلگىنىنى، ئۈنۈملۈك چارە-تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويالىغانلىقىنى كۆرمىدۇق. ئاتا-ئانىلارنىڭ ئائىلىدىكى كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلىرى ئىچىدە قانداق قىلغاندا پەرزەنتنى ياخشى تەربىيىلىگىلى بولىدۇ؟ دېگەن مەسىلە بالىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش، تۈرلۈك كەچكى ئولتۇرۇش، ھەرخىل «ئەھمىيەت»لىك كۈنلەرنى تەبرىكلەشلەرنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمەيدۇ. ئەلۋەتتە، بىز پەرزەنت تەربىيىسى دەپ بالىنى ئاچ-يالىڭاچ قويماي، كېسەل قىلىپ قويماي بېقىشنىلا دېمەكچى ئەمەس، بەلكى قانداق قىلغاندا كىچىكىدىن باشلاپ ئىقتىدارىنى بالدۇرراق يېتىلدۇرۇپ، تۈرلۈك مەسىلىلەرگە قارىتا مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزىدىغان، ئۆزى ھەل قىلىپ باقىدىغان، دادىل، ئەقىللىق، ئېتىقادلىق، ئەخلاقلىق، تەرەققىياتقا ماسلىشالايدىغان قىلىپ تەربىيىلەشنى كۆزدە تۇتىمىز. گەرچە، بالا تەربىيىلەشنىڭ مۇقىملاشقان قېلىپى بولمىسىمۇ لېكىن مەلۇم ئۆلچەملەردىن خالىي ئەمەس. ئاتا-ئانا بۇ مەسىلىدە بالىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى، ئادەملىك ئۆلچىمى، جەمئىيەت ئېھتىياجى گەنلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلىشى كېرەك.

ئۇيغۇر ئاتا-ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە قانچىلىك كۆيۈنىدىغانلىقىنى سۆزلەش ھاجەتسىز. ئاتا-ئانىلىرىمىز بىز توي قىلغىچە، ھەتتا بالا-ۋاقىلىق بولغاندىن كېيىنمۇ ھالىمىزدىن خەۋەر ئېلىشنى ئۆز قەرزى، دەپ ھېسابلايدۇ، بۇلارنى ئادا قىلىشنى ئۆزىنىڭ ئەقەللىي بۇرچى، دەپ بىلىدۇ. ئەلۋەتتە، بىز شۇنداق كۆيۈمچان ئاتا-ئانىلىرىمىزنىڭ بارلىقىدىن پەخىرلىنىمىز، لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن ئۆزىمىزنى بەك خۇشال تۇتۇشقا، چوڭ سۆزلەشكە ئاساسىمىز يوق. ئۆز پۇشتىغا كۆيۈنۈش پۈتكۈل مەخلۇقاتقا ئورتاق. ئاچ-يالىڭاچ قويماسلىق، خېيىم-خەتەردىن ساقلاش، ساق-سالامەت چوڭ قىلىش دېگەنلەردە بىز ھايۋانلار بىلەن ئوخشاش. ئالايلۇق، مىكىيان چېغىدا چۈجىلىرىگە قانچىلىك كۆيۈنىدىغانلىقى، چۈجىلىرىنى تۈرلۈك زىيانداشلاردىن قوغداش ئۈچۈن نەقەدەر باتۇرلىشىپ كېتىدىغانلىقى ھەممىمىزگە ئايان. بۇ يەردە، ئادەمنىڭ ھايۋاناتتىن پەرقى، پەرزەنتنى مەنىۋى جەھەتتە قانچىلىك يېتەكلىگەن - يېتەكلىمىگەنلىكىدە. مانا بۇ ھەقىقىي كۆيۈنۈش، ھەقىقىي تەربىيە ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى ئىنساننى ئىنسان قىلىپ تۇرۇۋدىغىنى جىسمى ئەمەس، بەلكى روھىدۇر.

«تىلغا ئالغىدەك ئائىلە تەربىيىسى يوق» دېگەن گەپ نۇرغۇن زىيالىيلىرىمىزنىڭ كۆڭلىگە كېلىشى مۇمكىن. ئۇنداقتا تۆۋەندىكىلەرگە جاۋاب بېرىپ بېقىڭ؟

1. پەرزەنت تەربىيىسىگە ئائىت بىرەر پارچە كىتاب سېتىۋالدىڭىزمۇ؟

2. ئەر-ئايال ئىككىڭلار پەرزەنت تەربىيىسىگە ئائىت سىستېمىلىق پىلان تۈزۈپ باقتىڭلارمۇ؟

3. باشقىلار بىلەن پەرزەنت تەربىيىسىگە ئائىت تەجرىبە ئالماشتۇرۇپ باقتىڭىزمۇ؟

4. پەرزەنت تەربىيىسى جەريانىدا ئىلمىي سىناق، تەجرىبە قىلىپ باقتىڭىزمۇ؟

يۇقىرىقى سوئاللارنىڭ ئىككىسىگە «ھەئە» دەپ جاۋاب بېرەلەمسىز؟ ناۋادا دۇدۇقلىماي «ھەئە» دېيەلىسىڭىز سىزنى خېلى مەسئۇلىيەتچان ئاتا-ئانا دېيىشكە بولىدۇ. لېكىن كۆپ ساندىكىلىرىمىز بۇنداق دېيەلمەيمىز.

بىزنىڭ خېلى-خېلى ئادەملىرىمىز بىرىيەرگە كەلسە، ئۆيىدە قانداق قۇش-ھايۋانلار، گۈل-گىياھلارنى باققانلىقىنى، ئىتنىغاقانداق گەپ ئۆگەتكەنلىكىنى؛ كەپتىرىنىڭ مۈرىسىگە ھۈركىمەي قونۇدىغانلىقىنى، ھەتتا بەزىلىرى نەچچە مىڭ يۈەنگە ئىت - كەپتەر سېتىۋالغانلىقى، قوي-كالىلىرىنى قانداق سەمرىتكەنلىكىنى زوق-شوق بىلەن سۆزلىشىدۇ، تەجرىبە ئالماشتۇرۇشىدۇ. لېكىن بالىلىرىنى قانداق چارە-ئۇسۇللار بىلەن تەربىيىلەۋاتقانلىقى ھەققىدە گەپ قىلمايدۇ. چۈنكى دېگۈدەك ھېچنېمە يوقتە! ئۆيىدىكى ھايۋانات، گۈل - گىياھلارنى باققاندا توپلانغان تەجرىبىدەك تەجرىبە يوق. بالا دېگەنگە قاپاقنى ئاچمىغۇلۇق، نېمە دېسە شۇنى قىلىپ بەرگۈلۈك ئەمەس، دېگەندەك ئىلمىيلىككە تولىمۇ يات «تەجرىبىلەر»لا بار. كۆپلەر ئاغزىدا شۇنداق دەيدۇ-يۇ، ئوينايمەن دېسە ئويۇنچۇق ماشىنا، تاپانچا، قونچاقلارغا، كىيىمەن دېسە رەڭگا رەڭ كىيىم-كېچەكلەرگە، يەيمەن - ئىچىمەن دېسە پېچىنە-پىرەنىك، «ۋاخاخا»، «جىياجىياگەي»، كوكا-كولالارغا كۆمۈۋېتىدۇ. ئەجەبا بالىلىرىمىز پەقەت مۇشۇلارغىلا ئېھتىياجلىقمىدى؟!

ئائىلە تەربىيىسى دېگەن سۆزنى تىلغا ئالغىنىمىزدا، تەبىئىي ھالدا «ئانا» دېگەن ئۇلۇغ زات ئېسىمىزگە كېلىدۇ. بۇ، ئىلمىي نەزەرىيىلەردە يەكۈنلەر بىلەن ئىسپاتلاش تەلەپ قىلمايدىغان، ئاددىي، ئۇلۇغ، بىراق كىشىلەر بولۇپمۇ ئاياللار تولا ھاللاردا سەل قاراپ قالىدىغان ھەقىقەت. يېقىنقى دەۋرلەردە بىزدە پەرزەنت تەربىيىسىدىكى بايراقدار ئانىلارنىڭ تولىمۇ ئاز چىقىشى، تەبىئىي ھالدا ئانا قىممىتىنىڭ كىشىلەر نەزىرىدىكى كىرىزىسىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

شۇ كۈنلەردە قانچىلىغان ئەر زىيالىيلىرىمىز پەرزەنت تەربىيىسىنىڭ گېپى بولسىلا ئايالىدىن رازى ئەمەسلىكىنى يوشۇرمايدۇ. قارىشىمىزچە، بۇ مەسىلىدىكى جاۋابكارلىقنى يەككىلىك بىلەن ئاياللارغىلا ئارتىپ قويۇش ئادىللىق بولمايدۇ. ھەقىقەتەن ئىش شۇنداق بولغاندىمۇ ئەر بولغۇچى چوقۇمكى پەرزەنت تەربىيىسىدە ئايالىغا ياخشى مەسلىھەتچى بولسا بېرىشى، قولىدىن كەلسە ئۆگىتىشى كېرەك. چۈنكى ئەرنىڭ ئايالىغا بىلمىگىنىنى بىلدۈرۈش، ياخشىلىققا يېتەكلەش، يامان ئىشتىن

توسۇش، توغرا يول كۆرسىتىش مەجبۇرىيىتى بار. لېكىن بىزدە بۇنداق مەجبۇرىيەتنى ھەقىقىي ئادا قىلالايدىغان ئەرلەر ئازىيىپ كەتكەندەكلا.

دېمەككى، پەرزەنت تەربىيىسى ئەر - خوتۇن ئىككەيلەننىڭ ئورتاق جاۋابكارلىقى ۋە مەسئۇلىيىتىدىكى ۋىجدانىي مەجبۇرىيەت. بولۇپمۇ ئايالغا نىسبەتەن بۇ مەسئۇلىيەت تېخىمۇ يېقىن، تېخىمۇ مۇقەددەسراق.

بىراق ئانىلىرىمىز بۇ تەخىرسىز مەسىلىگە زادى قانداقراق پوزىتسىيە تۇتۇۋاتىدۇ؟ بىزدە بۇ روھىيەت بىناكارلىقىنىڭ بۈيۈكلىكىنى، ئىلاھىي تەقسىمات ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەنلەر زادى قانچىلىك؟ ساناپ باقساق جەزمەن بىرقانچە بارمىقىمىز ئېشىپ قالىدۇ. كېسىپ ئېيتىمىزكى، كۆپ سانلىق ئۇيغۇر ئانىلىرىغا نىسبەتەن بۇ خىزمەت ئۇنىڭ باشقا ئىشلىرىدەك مۇھىم ئورۇندا تۇرمايدۇ؛ «تەربىيە كۆرگەن» زىيالىي ئانىلىرىمىزدىمۇ شۇ: يېڭى پاسوندىكى بىرەر خىل كىيىم، ئاياغ چىقىقىنىنى ئاڭلىسا، شەھەر - بازارلارنى سېرىپ ئالا قويماي ئاختۇرۇشتىن قىلچە زېرىكمەيدۇ. پىيادە ماڭسا ئاسانلا ھېرىپ قالىدىغان ئېسىلزادە خانىملىرىمىز دۇكان ئارىلاشقا كەلگەندە نەچچە كىلومېترلاپ يولنى ھالسىرىماي باسالايدۇ. ئۆزلىرىنى «گۈزەل» لەشتۈرۈش ئۈچۈن قانچىلىك پۇل خەجلىگىنىنى ، قانچىلىك ۋاقىت ئىسراپ قىلغىنىنى ئۆزلىرىمۇ بىلمەيدۇ. بالىلىرى سورىغان سوئالغا جاۋاب بېرەلمىگىنى بىلەن، قايسى رېستۇراننىڭ ھەممىدىن كۆركەم، تاماق-قورۇمىلىرىنىڭ تۈرى كۆپ، ئۇسسۇلچى - ناخشىچىلىرىنىڭ داڭلىقلىقىنى، ساتىراشخانىلاردىن قايسىسىنىڭ چاچنى ئوبدان سارغايتىدىغانلىقىنى، قايسىسىنىڭ ئوبدان بۇدرە قىلىدىغانلىقىنى، ھۆسن تۈزەش دۇكانلىرىدىن قايسىسىنىڭ قىسىق كۆزنى بولاق كۆزگە ئايلاندۇرالايدىغانلىقىنى بەشقولدەك بىلىدۇ. زەرگەرلەردىن قايسى ھالقىغا، قايسى زەنجىرگە، قايسى ئۈزۈككە، يەنە قايسى بىلەيزۈككە ئۇستىلىقىنى؛ قايسى سودىگەرنىڭ مالنى نەدىن ئەكىلىدىغانلىقىنى ، قايسىسىنىڭ رەختىنىڭ جىڭ-جالىقىنى بەشقولدەك بىلىدۇ. قانداق، ئانىلىرىمىز ئەقىللىقمىكەن؟ زەرگەر ئالدىدا سائەتلەپ ساقلاپ ئولتۇرالايدۇ، قايتا-قايتا كېلەلەيدۇ. ئىشقىلىپ، ئۆزىنى ياساش، ئويۇن-تاماشا، تۈرلۈك ئولتۇرۇش - چايلارغا شۇنچىلىك قىزغىن، شۇنچىلىك كۆڭۈل بۆلىدۇ. بالىلىرىدىن زېرىكسە زېرىكىدۇكى، ھەرگىز بۇلاردىن زېرىكمەيدۇ (بەلكىم بۇ ئاياللارنىڭ تەبىئىتىدۇ. لېكىن ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ھەممىسى ياخشى بولىدىغان بولسا، ئادەم ۋەھىيگە، تەربىيىگە موھتاج بولماس ئىدى) .

نېمە ئۈچۈن ئانىلىرىمىز ئۆز يۈرەك پارىلىرىنى تەربىيىلەشكە ئانچە قىزغىن ئەمەس؟ ئانىلىرىمىز قاچانمۇ ھامىلدارلىق مەزگىلىدە نېمىلەرگە دىققەت قىلىمەن، دەپ دوختۇردىن مەسلىھەت سورار؟ كۆز ئاچقۇسى ھاياتلىق ئۈچۈن كۆرپە-ياستۇق، بۆشۈكتىن باشقا نەرسىمۇ تەييارلارمىزمۇ؟ بالام ئۈچۈن، دەپ بىرەر پارچە كىتاپ سېتىۋېلىپ كۆرەرمىزمۇ؟ تەجرىبىلىك ئانىلاردىن مەسلىھەت سورارمىزمۇ؟

تەرەققىيات بىزنى نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئېرىشتۈردى. پۇللا بولسا خالىغىنىمىزنى بىمالال سېتىۋالالايمىز. بىراق، ئېيتىڭلارچۇ؟! سۈپەتلىك بالىلارنى قايەردىن ئالىمىز؟ قەيەردىن «سېتىۋالىمىز»؟ ماللار سۈپەتلىك بولسىلا، قىممەت بولسىمۇ سېتىۋالدۇق، بىراق خۇدا ھەقسىز بەرگەن پەرزەنتلىرىمىزنىڭ سۈپىتىنى كىم ئويلاشتى؟ ھەممە نەرسىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇت قۇرۇلدى، لېكىن سۈپەتلىك بالىلارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇت قۇرۇلدىمۇ؟

بۇ زاۋۇت باشقا ھەرقانداق زاۋۇت قۇرۇلماستىلا قۇرۇلغان. لېكىن زاۋۇت باشلىقى ۋە تېخنىك - ئىنژېنېرلىرىنىڭ ئىقتىدارسىزلىقى، زاۋۇت قانۇنىيىتىنى چۈشەنمەسلىكى، سۈپەت ئۆتكىلىنى قانداق تۇتۇشنى بىلمەسلىكى ۋە مەسئۇللۇقنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بەرگەنلىكى تۈپەيلىدىن بىزدىكى زاۋۇتلاردىن سۈپەتلىك ماللاردىن كۆرە سۈپەتسىز ماللار كۆپرەك چىقىۋاتىدۇ. بۇ زاۋۇت دەل ئائىلىدىن ئىبارەت.

دۇنيا ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەۋاتىدۇ. بۇ، ھەممىمىزگە يېڭى تەلەپ-ئۆلچەملەرنى شۇنداقلا يېڭى مەسىلىلەرنى ئەپكەلدى، پەرزەنتلەرگە يېڭى تەلەپ قويۇلىۋاتىدۇ. بۇ، مۇقەررەر يوسۇندا ئانىلارغىمۇ يېڭى تەلەپلەرنىڭ قويۇلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بىراق بىزدەك ئەسلىدىكى مەسىلىلىرى ئۈستىدە ئويلىنىشنى ئەمدىلەتىن باشلىغان (ھەل قىلىش تېخى يىراقتا) مىللەتكە نىسبەتەن يېڭى تەلەپلەرگە لايىقلىشىش، بۇ تەلەپلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش پەقەتلا ئادەمنى تىت-تىت قىلىدىغان مەسىلىدىن ئىبارەت. ئانىلىرىمىز ھازىرقى ئەھۋالى بىلەن بۇ تەلەپلەرگە لايىقلىشالارمۇ؟ بىزدە ھەمىشە ھەقىقەتنى تونۇشقا بىر ئەۋلاد، قوبۇل قىلىشقا بىر ئەۋلاد، ئىجرا قىلىشقا بىر ئەۋلاد كېتەرمۇ؟

ئانىلىرىمىز يېڭى تەلەپلەر ئۈستىدە ئاز-تولا ئويلاندىمۇ؟ ئەلۋەتتە، بۇنى بالىلىرى ئىسپاتلايدۇ. جەمئىيەتنىڭ يېڭى تەلەپلىرىگە ھەقلىق يوسۇندا ، مۇۋاپىق لايىقلىشىش مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئاساسىدۇر. ئاشخانىلار رېستورانلارغا، رەڭسىز تېلېۋىزور رەڭلىككە، 286تىپلىق كومپيۇتېر 686تىپلىققا ئۆزگەردى؛ مېخانىك سائەت ئېلېكترونلۇق سائەتكە، توپا يوللار ئاسفالت يوللارغا ئۆزگەردى. ئەجەبا، بىزنىڭ ئانىلىرىمىز يېڭىلىنىشقا، يېڭى ئىدىيە، يېڭى روھ، يېڭى ئېتىقاد، يېڭى بىلىم بىلەن قوراللىنىشقا موھتاج ئەمەسمۇ؟ ياكى ئۇلار ئاللىقاچان قوراللىنىپ بولدىمۇ؟!

پەرزەنت تەربىيىسىگە پەقەت ۋە پەقەت ئانىلارلا ئەڭ ھەقلىق ۋە تېگىشلىك. بۇ قىلچە مۇنازىرە، ئويلىنىش تەلەپ قىلمايدۇ. «ئەر كىشى تالانىڭ ئادىمى» دېگەندەك، ئائىلىدا دادا كۆپىنچە تۇرمۇش

ھەلەكچىلىكى، ئىش-ئوقەت، بار-يوقنىڭ غېمى بىلەن كۆپ ھاللاردا سىرتتا بولىدۇ، ئۆيدە تۇرالمايدۇ. ئۆيدە بولىدىغان، بالىلىرى بىلەن ئارىلىشىدىغان ۋە ئۇنى تەربىيىلەيدىغان ۋاقتى ئانىنىڭكىدەك ئۇزۇن بولمايدۇ. بالىغا نىسبەتەن دەسلەپكى ئۈچ يىل ئەڭ مۇھىم - ھالقىلىق مەزگىلدۇر. بۇ ئۈچ يىلدا بالىنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئورگانىزملىرى ئاساسەن يېتىلىپ تىلى چىقىپ بولىدۇ، تەپەككۇرى شەكىللىنىدۇ؛ مۇشۇ ئەڭ مۇھىم ئۈچ يىلدا دەل ئانىنىڭ يېنىدا، پەرۋىشىدە - قۇچىقىدا ئۆتىدۇ.

«ئانىلارنىڭ بەدىنى مەخسۇس بالا تۇغۇش ئۈچۈن لايىھىلەنگەن، ئانىنىڭ خىزمىتىمۇ مەخسۇس بالا ئۈچۈن تەقسىم قىلىنغان. بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە، بولۇپمۇ دەسلەپكى مەزگىلدە ئانا دادىدىن كۆپ مۇھىم. دادىنىڭ رولىنى ئانىنىڭكى بىلەن تەڭ، دەپ قاراشنىڭ قىلچە ئاساسى يوق» («ئۇنتۇلغان ئانىلار» دىن).

ئانىنىڭ خىزمىتى ئەڭ ئىجادىيلىقتا، يېڭىلىق يارىتىشقا باي، يۇقىرى ماھارەت، بىلىم - سەۋىيە، يۈكسەك ئىنسانىي پەزىلەت تەلەپ قىلىدىغان خىزمەت. ھويلىڭىزغا كۆچەت تىكسىڭىز، تەشتىكىڭىزگە گۈل كۆچۈرسىڭىز، قوي-توخۇ باقسىڭىز ئۇنىڭ ئاينىشى، سەمرىشى ئۈچۈن نۇرغۇن كىشىلەردىن مەسلىھەت سورايسىز، ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئۆگىنىسىز. دېمەك، شۇ ئىشلاردىمۇ بەلگىلىك بىر قانۇنىيەت بارلىقىنى، ئۇنى تەتقىق قىلىش، بىلىش لازىملىقىنى، شۇ قانۇنىيەت بويىچە ئىشلەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چۈشىنىسىز. شۇنداقلا، قانۇنىيەتكە خىلاپلىق قىلسىڭىز مەغلۇب بولىدىغانلىقىڭىزنىمۇ چۈشىنىسىز. دېمەك بىز سەل قاراۋاتقان بالا تەربىيىسىدىمۇ تەتقىق قىلىشقا، چۈشىنىشكە تېگىشلىك ئىنتايىن مۇھىم قانۇنىيەتلەر بار. سىز، تىككەن كۆچەت، تەشتەكتىكى گۈللىرىڭىزگە، باققان قوي-توخۇلىرىڭىزغا چىقارغان ۋاقتىڭىز، زېھنىڭىزنى بالىڭىزغا قاراتسىڭىز چوقۇم تىرىشچانلىقىڭىز بىكارغا كەتمەيدۇ.

ئاياللارنىڭ قىممىتى دەل ئۇنىڭ ئانىلىق قىممىتىدە. ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى ئادەتتە بىۋاسىتە ئەمەس، بەلكى ۋاسىتىلىق يەنى تەربىيىلىگەن بالىلىرى ئارقىلىق گەۋدىلىنىدۇ. بەلكىم بۇ ۋاسىتىلىق ئەمەلگە ئېشىش ئاياللارنىڭ ئەمگىكىگە بولغان سەل قاراشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇشى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ بۇنىڭلىق بىلەن بۇ ئەمگەكنىڭ قىممىتىگە سەل قاراشقا، تاشلاپ قويۇشقا قەتئىي بولمايدۇ. ئاياللار شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلۇغكى، چۈنكى ئۇلار ئانا بولالايدۇ. بۇ ئىلاھىي بۇرچ ئاياللاردىن يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق، قۇربان بېرىش روھى ۋە ئېرىنمەس ئەمگەك، سەبرچانلىق، يۇقىرى بىلىم-سەۋىيە، ماھارەت تەلەپ قىلىدۇ.

بىراق بۈگۈنكى دەۋرىمىزدىكى ئاتالمىش ئاياللار ئازادلىقى، ئاياللار ھوقۇقى، ئاياللار ئەركىنلىكى دېگەندەك شوئار، ھەرىكەتلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى، باراۋەرلىك، ھوقۇق جەھەتلەردە ئاياللارغا مەلۇم دەرىجىدە ئىجابىي نەتىجىلەرنى ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، بۈگۈنكى دەۋردە شۇ ھەرىكەتنىڭ تۈرتكىسىدە ئۆزىنىڭ بۇ ئانىلىق مەسئۇلىيىتىگە قارايدىغان، كۆڭۈل بۆلمەيدىغان، ھەتتا بالا تۇغۇشنى خالىمايدىغان، نومۇس قىلىدىغان، تۇغۇپ سالغىنىغا پۇشايمان قىلىدىغان بەزى لەنىتى «ئانىلار» مەيدانغا كەلمەيمۇ قالمىدى. بۈگۈنكى زاماننىڭ بۇ «تەربىيە كۆرگەن» ئاياللىرىنىڭ ئېڭىدا ئەرلەردەك بولۇشنى ئۆز غايىسى قىلىدىغان، ئەرلەر بىلەن رىقابەتلىشەلىگىنىدىن پەخىرلىنىدىغان، «ئائىلە قەپىسى»، «ئوچاق بېشى»، «بۆشۈك» يېنىدىن قۇتۇلۇپ «ئۆز قىممىتى»نى نامايان قىلىشنى قارىغۇلارچە قوغلىشىدىغان بىشەم ئىدىيە شەكىللىنىپ، ئاياللارنىڭ ئائىلە مەسئۇلىيەت ئېڭى، بۇرچ تۇيغۇسى روشەن ئاجىزلىشىپ كەتتى.

ئەسلىدە ئەر-ئايالنىڭ تەبىئىي ئىقتىدارى، جىسمانىي شەرت - شارائىتلىرىغا ئاساسەن تەبىئىي ئايرىلغان ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى يەنى ئەرلەرنىڭ مەخسۇس ئىجتىمائىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىپ ئائىلىنىڭ ماددىي ئېھتىياجىنى قامدىشى، ئاياللارنىڭ جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى يەنى ئائىلىدىكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىپ «ئارقا سەپ» خىزمىتىنى ئارتتۇرۇشى، ئىككى جىنسنىڭ باراۋەر شەكىللەنگەن ئىش تەقسىماتى بولۇپ، ماھىيەتتە ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭمۇ كۆڭۈلدىكىدەك فورمىسى ئىدى.

17-ئەسىرلەردە ياۋروپادا ئاياللارنى كەمسىتىشنىڭ ئېغىرلىشىشى تەبىئىي ھالدا ھەققانىي يوسۇندىكى ئاياللار ھوقۇقى ھەرىكىتىنى روياپقا چىقاردى. توغرا مەسىلىنىڭ خاتا تەھلىل قىلىنىشى تۈپەيلىدىن، ھەرىكەتنىڭ نىشانى خاتا يۆنىلىشكە بۇرۇلۇپ كەتتى. ئاياللار ئەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئەۋزەللىكى بىزنىڭ كەمسىتىلىشىمىز، ئېزىلىشىمىزنىڭ سەۋەبى، دەپ قاراپ بىزمۇ ئائىلىدىن چىقىپ، قازاننى تاشلاپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشقا قاتنىشىپ، بۇ ساھەدە ئەرلەر بىلەن رىقابەتلەشسەك مەسىلە ئاندىن ھەل بولىدۇ، دېگەن تونۇشقا كەلدى. ھەتتا ئۆزىنىڭ بالا بېقىش، تۇغۇشنىمۇ ئېزىلىشىنىڭ بىر سەۋەبى، دەپ قارىدى. ئەسلىدە پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئانىلارنىڭ بالا تۇغۇش، تەربىيىلەش بۇرچىنى قوللىشى، ئېتىراپ قىلىشى، ھۆرمىتىنى قولغا كەلتۈرۈشى، جەمئىيەتتە ئۆزىگە خاس قىممەت سىستېمىسى بەرپا قىلىشىنىڭ ئورنىغا بۈگۈنكىدەك ئەرلەر بىلەن بەيگىگە چۈشۈشنى غايە قىلىۋالىدىغان ئەھۋال شەكىللەندى.

كېيىنچە بۇ ئىدىيە تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ، پەقەت تۇغۇش بىزنىڭ كەمسىتىلىشىمىزدىكى تۈپكى سەۋەب، دەپ قارىدى. ھەتتا ئۆزىنىڭ ئايال ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمايدىغان، ئەر-ئايال ئارىسىدىكى جىنسىي پەرقنى ئىنكار قىلىدىغان ئىدىيە شەكىللەندى. 1789-يىلدىكى «ئاياللار ھوقۇقى خىتابنامىسى»، 1792-يىلدىكى

«ئاياللار ھوقۇقى شەرھى» دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىدە شەخسىي مۇستەقىللىق، كىشىلىك ئەركىنلىك، تۇغما كىشىلىك ھوقۇق دېگەنلەرنى ئاساس قىلىپ، ئاياللار ئازادلىقىنىڭ مەنىسىنى شەرھلىدى. «ئاياللار ئازادلىقى» تەشەببۇسچىلىرى: بۇ پەرق قانۇن - تۈزۈم دېگەندەك ئىنسانىي ۋاسىتىلەر سەۋەبىدىن بولىۋاتىدۇ، دەل بۇ قانۇن - تۈزۈملەرگە ئەرلەرنىڭ ئاياللارنى كەمسىتىش خاھىشى سىڭگەن، دەپ قارىغان بولسا، ھەتتا ئۇلار كېيىنچە دۇنيادا پەقەت «ئادەم» دېگەن ئۇقۇملا مەۋجۇد، «ئەر» ، «ئايال» دېگەن ئۇقۇم مەۋجۇد ئەمەس، دەپ قارىدى.

ئاياللار ھوقۇقى ھەرىكىتى ئۆزىنىڭ بۇ ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، 20-ئەسىرنىڭ 60-يىللىرىغا كەلگەندە س. فورستون بۇنىڭ سەۋەبىنى تەبىئىي بىئولوگىيىلىك ئېھتىياجغا باغلاپ، بۇنى بىئولوگىيىلىك ئامىل نۇقتىسىدىن شەرھلىدى. ئاخىرىدا «بىئولوگىيە ئىنقىلابى» قوزغاشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يېڭى تېخنىكا - چارىلاردىن پايدىلىنىپ، ئەر - ئايال ئارىسىدىكى بىئولوگىيىلىك پەرقتىن كېلىپ چىققان ئاياللارنىڭ تۇغۇت - ھامىلدارلىق، بوۋاق بېقىش مەزگىلىدىكى ئەرلەرگە تايىنىپ قېلىشىنى ئۆزگەرتمەكچى بولدى. بۇ تېخنىكىلار ئەمەلىيەتتە سۈت پاراشوكى، بالىياتقۇ سىرتىدا ھامىلدار قىلىش، ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش چارىلىرى، جىنس ئۆزگەرتىش ئوپېراتسىيىسى دېگەنلەرنى كۆرسىتەتتى.

1970-يىللارغا كەلگەندە بۇ ئىدىيە تېخىمۇ غالجىرلاشتى. جىنسىي زۇلۇم دۇنيادىكى ئەڭ تۈپكى زۇلۇم، بۇ زۇلۇمنى تۈگىتىمىز دەيدىكەنمىز، ھەممە ئىشتا ئەرلەر بىلەن ئورتاق بولۇشىمىز كېرەك، دەپ قاراپ بۇ قاراشنىڭ تۈرتكىسىدە جىنسىي ئازادلىق - ئەركىنلىك ئىدىيىلىرى بىخ ئۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئەركىن بىرگە بولۇش، يالغۇز تۇرۇش، ئوخشاش جىنسلىقلار مۇھەببىتى دېگەنلەر تېزلا ئومۇملىشىپ، ئەنئەنىۋى ئائىلە، نىكاھ تۈزۈملىرىگە قاتتىق زەربە بەردى. ئاتالمىش جىنسىي ئازادلىق ئېلىپ كەلگەن زوراۋانلىق، خاتىرجەمسىزلىك، ئەرسىز ئانا (14-15ياشلىق ئانىلارمۇ بار) ، نىكاھسىز پەرزەنت، پاھىشەلەر (14-15ياشلىق پاھىشەلەرمۇ نۇرغۇن) ئاياللار ئۈمىد قىلغان باراۋەرلىك، بەخت - سائادەتنى ئەكېلىش ئورنىغا پۈتكۈل دۇنياغا يېڭى بىر كرىزىس - ئىقتىساد، مائارىپ بىلەنمۇ ھەل قىلغىلى بولمايدىغان ئېتىقادىي، ئەخلاقىي كرىزىس ئەكەلدى. سىفىلىس، ئەيدىز كېسەللىكلىرىنىڭ ۋەھىمىسىدە تۇرۇۋاتقان دۇنيا بۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

بۇ يەردە بىز نېمە ئۈچۈن بۇ مەسىلىنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز؟ بۇ بىزنىڭ «باۋمۇ»لار مەسىلىسى بىلەن نېمە ئالاقىسى بار؟

روشەنكى، ئانىلىق قىممەت قارىشىنىڭ ، بۇرچ تۇيغۇسى، مەسئۇلىيەت ئېڭىنىڭ سۇسلىشىشى مۇقەررەر يوسۇندا ئائىلە تەربىيىسىنىڭ تاشلىنىپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، كەلگۈسىمىزگە نىسبەتەن يوشۇرۇن ۋەھىمە پەيدا قىلىدۇ. چۈنكى بىزنىڭ بالىلىرىمىز ئائىلىدە ئانىنىڭ تەربىيىسى ئاستىدا ئەمەس، كىچىكىدىلا 13-14ياشلىق قىزلارنىڭ قولىدا چوڭ بولىۋاتىدۇ. ئەجەبا، بۇ تەربىيە ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتمەي قالارمۇ؟

ئاياللارنىڭ مەسئۇلىيىتىگە بولغان ئېتىبارسىزلىق بۈگۈنكى دەۋر ئىنسانلىرىغا نىسبەتەن خېلىلا ئورتاق ھادىسە. ئىنسانلار ئاياللارغا باھا بەرگەندە ئۇنىڭ بالا تەربىيىلەش ئىقتىدارىدىن كۆرە، كەسپىي ئىقتىدارى، گۈزەللىكى دېگەنلەرگە بەكرەك ئېتىبار بېرىدۇ. ھەتتا كۆپلىگەن ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدە ياخشى ئايالنىڭ ئۆلچىمى كۆپ ھاللاردا بالىنى ئوبدان تەربىيىلەشتىن كۆرە ئېرى، قېيىنئاتا - قېيىن ئانا ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ كۆڭلىگە يېقىش - ياقماسلىقتا كۆرۈلىدۇ. ئۇ پەقەت ئېرىگە ۋاپاسىزلىق قىلمىسىلا، بالىنى قانداق تەربىيىلىسۇن، ئۇ يەنىلا ياخشى ئانا.

بىزنىڭ پېداگوگىكا كىتابلىرىمىزدا ئائىلە تەربىيىسى ۋە پەرزەنت تەربىيىسىگە تۈزۈكرەك بىر باب ئاجرىتىلمىغان. ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارغا قانداق ئوقۇتقۇچى بولۇش، باشقىلارنىڭ بالىلارنى قانداق تەربىيىلەيدىغانلىقى ئۆگىتىلىدۇ-يۇ، قانداق دادا، قانداق ئانا بولۇش، ئۆز پەرزەنتىنى قانداق تەربىيىلەش ئۇسۇللىرى ئۆگىتىلمەيدۇ.

سۇخوملىنىسكىي مۇنداق دەيدۇ: «ھەممە كىشى چۈشىنىشى كېرەككى، جەمئىيەت ئالدىدا ئادەمنىڭ ئەڭ مۇھىم مەجبۇرىيىتى ئۆز پەرزەنتىنى ياخشى تەربىيىلەش. بالىنىڭ 1-ئورۇندىكى تەربىيىچىسى، 1-ئوقۇتقۇچىسى ئانىسى، ئاتىسى. ئوتتۇرا مەكتەپ ۋاقتىدىلا كەلگۈسىدىكى ئاتا-ئانىلارغا پېداگوگىكا ئۆگىتىلىشى، پېداگوگىكا ھەر بىر كىشى بىلىدىغان پەنگە ئايلىنىشى كېرەك. بەلكىم تۆۋەندىكى گېپىم بەزى كىشىلەرگە نىسبەتەن مۇبالىغە بولۇشى مۇمكىن: مەن ئاساسلىق پېداگوگىكا ئىلىملىرىنى ئۆگەنمىگەن ياش پۇقرالارنىڭ ئائىلە قۇرۇش ھوقۇقى بولماسلىقى كېرەك، دەپ قارايمەن» («ئۇنتۇلغان ئانىلار» دىن) .

يەنە گېرمانىيە ئالىمى بېبېر: «بارلىق دوختۇرلار ئاياللار تەربىيىسىدە ئەڭ كەم بولۇۋاتقىنى ئانىلىق مەسئۇلىيىتى ۋە بالا تەربىيىلەش مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشقا ياردەم بېرەلەيدىغان تەربىيىدۇر، دەپ قارايدۇ. ئەسكەر تەربىيىلەش ئۈچۈن قورال ئىشلىتىشنى ئۆگىنىش، ئىشچى تەربىيىلەش ئۈچۈن سايمان ئىشلىتىشنى ئۆگىنىش كېرەك، ھەرقانداق خىزمەت خادىمى تەربىيىلىنىشى كېرەك، پەقەت ئاياللارلا ئانا بولۇشقا زۆرۈر بولغان تەربىيىنى ئالالمايدۇ. ياش قىزلارنىڭ ئونىنىڭ توققۇزى توي قىلىش ئالدىدا، تويدىن كېيىن قانداق ئانا بولۇشنى، ئۆز مەجبۇرىيىتىنىڭ نېمىلىكىنى قىلچە بىلمەيدۇ» (يۇقىرىقى كىتاب) .

بۈگۈنكى كۈندە «مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئايال» دېگەن سۆز تىلغا ئېلىنسىلا، كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىغا

www.uyghurkitap.com

ھەرگىز پەرزەنتلىرىنى يارامىلىق تەربىيىلىگەنلەر ـ ھەقىقىي ئانا بولالىغانلار ئەمەس، بەلكى كۆپ ھاللاردا باشلىق بولغان، ئاكتىپ، گۈزەل سانالغان، چولپان بولغانلار كېلىدۇ. گېزىت ـ ژۇرناللىرىمىزدا گۈزەللەر، سەتەڭ خېنىملارغا ئورۇن بېرىلگەن بىلەن، ئانىلارغا دېگۈدەك ئورۇن بېرىلمەيدۇ. ھازىرغىچە ھېچيەردە پەرزەنتلىرىنى ياخشى تەربىيىلىگەن ئانىلارغا بېرىلىدىغان «ئەڭ ياخشى ئانا مۇكاپاتى» دېگەنلەرنى ئاڭلىمىدۇق. گەرچە ھەر يىلى ئەڭ گۈزەل، ئەڭ سەتەڭلەرنى باھالاش ئېلىپ بېرىلسىمۇ (سەتەڭ دېگىنىمىز ـ گۈزەلدىن پەرقلىنىدۇ. ئۇ، بىرقاراشتىلا ئەرلەرنىڭ ھەۋىسىنى قوزغىيالايدىغانلارنى كۆرسىتىدۇ. خەنزۇ تىلىدا 性感، ئىنگلىز تىلىدا SeXet بىلەن ئىپادىلىنىدۇ).

ھەممە نەرسىنىڭ ئالىي دەرىجىلىكلىرى مەيدانغا كەلدى: ئالىي دەرىجىلىك تاماكا، هاراقتىن باشلاپ ئوقۇتقۇچى، ئىنژېنېر، ئاشپەز ھەتتا ساتراشقىچە، لېكىن ئانىلارنىڭلا ئالىي دەرىجىلىكى مەيدانغا كەلمىدى. ئۇن ياخشى پىئونېر، كومسومول، كوممۇنىست، ئۇن ياخشى ياش، «كۆزگە كۆرۈنگەن ئون ...» لار باھالاندى، سايلاندى. ئانىلارلا باھالانمىدى. جەمئىيەتتە ھەممە خىزمەت سۈرۈشتۈرۈلدى، خۇلاسە قىلىندى. ئانىلارنىڭ خىزمىتىلا يەكۈنلەنمىدى، خۇلاسە قىلىنمىدى. ئانىلارمۇ، دادىلارمۇ قانداق ئانا، قانداق دادا بولىدىغانلىقى ئۈستىدە، ئىدارىدە «ئىلغار خىزمەتچى» بولۇش ھەققىدە ئويلانغاندەك ئويلىنىپ باقمىدى.

ھەممە نەرسىنىڭ چولپىنى ـ ناخشا چولپىنى، كۆلكە، ئۇسسۇل، تەنتەربىيە چولپانلىرى مەيدانغا كەلدى. ئانىلارنىڭ چولپىنى مەيدانغا كەلمىدى. گېزىت ـ ژۇرنال، رادىئو ـ تېلېۋىزىيىلىرىمىز بىر-بىرىدىن تېتىقسىز ئېلان ـ خەۋەر، ناخشا ـ ئۇسسۇللارغا توشۇپ كەتتى. ئانىلار ھەققىدە، پەرزەنت تەربىيىسى ھەققىدە تەسادىپىي ئۇچراپ قالمىسىلا كۆڭۈل سۆيۈنگىدەك ھېچنېمە كۆرەلمىدۇق.

مانا بۇ بۈگۈنكى دۇنيانىڭ ئاياللارغا تۇتقان پوزىتسىيىسى. ناۋادا ئاياللار ئازادلىقى، ئاياللار ھوقۇقى، ئاياللار ئەركىنلىكى، ئاياللار ھەرىكىتى، فېئوداللىق ئاسارەتتىن قۇتۇلۇپ ئەرلەر بىلەن باراۋەر بولۇپ، «يېرىم دۇنيا» لىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، دېگەندەك داغدۇغىلىق شوئار - ھەرىكەتلەرنىڭ نەتىجىسى ئاياللارنى ئائىلىدىن بەزدۈرۈدىغان، مەسئۇلىيىتىدىن تاندۇرۇپ، مەجبۇرىيىتىنى ئۇنتۇلدۇرۇدىغان بولسا، بۇمۇ ئىنسانىيەتنىڭ يېڭى ئاپىتى بوپقالىدۇ. بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىمىزكى، بىز ئاياللارنىڭ ئىختىساسلىق بولۇشىنى ئانىلىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشى بىلەن قارىمۇ قارشى ئورۇنغا قويماقچى ئەمەس. لېكىن ئاياللارنىڭ نوقۇل ئىختىساسلىق بولۇشىنىلا كۆزلەپ ئانىلىق مەجبۇرىيىتىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشى، ئۇنى تەرك ئېتىشى ئىجتىمائىي ئاپەتتىن دېرەك بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۈگۈنكى دەۋردە، بالا تەربىيىلەشمۇ ئانىلاردىن ئىختىساسلىشىشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ.

دېمەكچى بولغىنىمىز، ھازىرقى جەمئىيىتىمىز ئاياللارنىڭ قىممىتىنى يارىتىشتا نوقۇل ئۇلارنىڭ ئەرلەردەك ئىجتىمائىي قىممەت، ئىقتىسادىي ئۇنۇم يارىتىشىنى قوغلىشىپ، ھەقىقىي ماھىيەتلىك نەرسە ـ ئانىلىق قىممىتىنى گەۋدىلەندۈرۈشنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتىدۇ. بۇ خىل ئەرلەر بىلەن قارىغۇلارچە رىقابەتلىشىش ئاياللارنىڭ خاسلىقىنى، ئۆزىگە خاس ماھىيىتىنى يوقىتىپ قويىدۇ. شەيئىلەر ئۆزىنىڭ خاسلىقى، ماھىيىتى بىلەن گۈزەلدۇر. ئاياللارمۇ ئانىلىقى بىلەن ئۇلۇغ، ئانىلىقى بىلەن ھۆرمەتكە سازاۋەردۇر. ئاياللارنىڭ ئانا بولمىقى ئانىلىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشى زۆرۈر بولۇپ قالغىنى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئاياللارنىڭ تەبىئىي، ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك ۋەزىپىسى بولغىنى ئۈچۈندۇر. مۇنۇ بالىنىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىڭ: ئۇنىڭ ئانىسى داڭلىق يازغۇچى، ئۇ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن بالىسى مۇنداق يازغان: « ئانام يازغۇچى، لېكىن ئۇ بىزنى ھەرگىز باشقا ئانىلاردەك بىرىنچى ئورۇنغا قويمايدۇ» (يۇقىرىقى كىتاب).

شۇڭا بىز دەيمىز: ئاياللارغا نىسبەتەن ئانا بولۇش، ئانا بولغاندىمۇ ھەقىقىي ئانا بولۇش، ئەرلەرسىمان ئىختىساس ئىگىسى بولۇشتىن كۆپ مۇھىم.

بىز نېمە ئۈچۈن ئانىلارنى شۇنچە ئۇلۇغلايمىز؟ شۇنچە مۇقەددەس بىلىمىز؟ نېمە ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ: «جەننەت ئانىلارنىڭ تاپىنى ئاستىدا» دەيدۇ؟ ئۇ پەقەت ئانا بولالىغىنى ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟ دەۋاتقىنىمىز ھەرگىزمۇ ئاددىي مەنىدىكى ئانا ئەمەس، بەلكى ئۆز مەجبۇرىيىتىنى تونۇپ يەتكەن، ئادا قىلغان ئانىدۇر. قېنى، ئارىمىزدا شۇنچىلىك ئېتىبارغا مۇناسىپ ئانا قانچىلىك؟ شۇ مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىشقا تەييارلىق كۆرۈۋاتقانلار قانچىلىك؟ بىراق بالا تەربىيىسى بىزنىڭ نەزىرىمىزدە ھېچقانچە بىلىم-سەۋىيە تەلەپ قىلمايدىغان خىزمەت، ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ئىشخانىدىكى ئىشلىرىمىزغا يەتمەيدۇ.

بىز شۇنچىلىك ئەخمەقمىزكى، پەرزەنتلىرىمىز-نىڭ تەقدىرى، ئىستىقبالىنى پەقەت مەكتەپتىنلا ئىزدەيمىز، مەكتەپكە شۇنچىلىك ئىشەنچ قىلىمىز. تەربىيىنى نوقۇل ھالدا ئوقۇتقۇچى ۋە مەكتەپكىلا تاشلاپ قويۇپ، كۆڭلىمىزنى توق تۇتۇپ يۈرىمىز. بالا ئۆيگە كەلسە: ئىمتىھاندا نەچچە ئالدىڭ؟ تاپشۇرۇق بەردىمۇ؟ دەپ قويۇپلا مەسئۇلىيىتىمىزنى ئادا قىلغان بولىمىز. يەنە كېلىپ، بىزدە ئائىلە تەربىيىسى بىلەن مەكتەپ تەربىيىسى قىلچە ماسلاشمىغان، مەكتەپتە بىر خىل گەپ، ئائىلىدە يەنە بىر خىل گەپ، جەمئىيەتتە بولسا ھەرخىل-ھەر قىسما گەپ. دېمەك، بالىلىرىمىز بىر-بىرىگە زىت تەربىيە ئىچىدە قايمۇقۇپ يۈرىدۇ.

ئائىلە تەربىيىسى باسقۇچى كېيىنكى مەكتەپ تەربىيىسىنىڭ مەڭگۈلۈك ئاساسىدۇر. بۇ ئاساسنىڭ مۇستەھكەم بولۇش-بولماسلىقى دەل ئانىدىن ئىبارەت مەنىۋى بىناكارنىڭ تىرىشچانلىقى، ماھارىتىگە باغلىق. ئانىلار ئۆگىنىشى، ئەڭ ئىلغار بىلىملەر بىلەن قوراللىنىشى، پەرزەنتلىرىنى پەن-مەدەنىيەت بىلەنلا ئەمەس، خىسلەت-پەزىلەت جەھەتتىمۇ تەربىيىلىشى، تاۋلىشى كېرەك. بۈگۈنكى دەۋردە ئائىلە تەربىيىسى بارغانسېرى مۇھىم ئورۇنغا چىقىۋاتىدۇ. مەسىلەن:

«1950-يىللاردىن باشلاپ ئامېرىكىدىكى ئاز ساندىكى ئاتا-ئانىلار ئائىلىدە مائارىپ تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشقا باشلىغان. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇنداق قىلىدىغانلار ئىزچىل كۆپىيىپ، ئامېرىكا مائارىپ ساھەسىدە ئائىلە مائارىپى بىلەن مەكتەپ مائارىپى زىتلىشىپ قېلىپ، مائارىپ ھوقۇقى، مائارىپنى تاللاش مەسىلىسىدە كەسكىن تالاش-تارتىش ئېلىپ بېرىلغان. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1998-يىلى يەسلىدىن ئوتتۇرا مەكتەپكىچە بولغان ئارىدىكى ئوقۇغۇچىلاردىن ئائىلىدە مائارىپ تەربىيىسى ئالىدىغانلار 1مىليون 500مىڭ بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ %2نى ئىگىلىگەن. پەرەز قىلىنىشىچە، 1999-يىلغا بارغاندا 5ھەسسە كۆپىيىدىكەن. ئاتا-ئانىلار ئۇنىڭغا بىخەتەرلىك مەسىلىسىنى سەۋەب قىلغان. مەكتەپلەردىكى زەھەرلىك چېكىملىك، جىنسىي ئەركىنلىك مەسىلىلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىگە زىيان يەتكۈزۈشىدىن ئەنسىرەيدىكەن. 1993-يىلى ئائىلىدە مائارىپ تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش 50شىتاتتا قانۇنلۇق ئورۇنغا ئېرىشكەن. شۇنىڭ بىلەن بەزى شىتاتلار ئاتا-ئانىلاردىن لاياقەت ئىمتىھانى ئېلىشنى باشلىغان. قىزىق يېرى شۇكى، ئائىلىدە تەربىيە ئالغانلارنىڭ دەرس نەتىجىسى مەكتەپ تەربىيىسى ئالغانلارنىڭكىدىن يۇقىرى بولغان. ھازىر ئامېرىكىدىكى 100 ئالىي مەكتەپ ئائىلە مائارىپى قوبۇل قىلغانلارنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇلاردىن نۇرغۇنلىرى دۇنياغا داڭلىق مەكتەپلەر. ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىنكى قىزغىنلىقى، تەشەببۇسكارلىقى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولماقتا. بۇ، ئائىلە مائارىپىنىڭ ئىستىقبالىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ» («تەرمىلەر» ژۇرنىلى 2000-يىل 6-سان).

ئانىلار تەربىيىسى ۋە ئائىلە تەربىيىسى مائارىپ-تەتقىقاتىدا بولۇپمۇ بىزدە قىلچە ئەھمىيەت بېرىلمەيۋاتقان غېرىب ساھە، ئۇنتۇلغان «زونا». جەمئىيەت ئاياللارغا، ئۇلارنىڭ پەرزەنت تەربىيىسىدىكى رولىغا قاتتىق سەل قارىدى، ئانىلارنىڭ خىزمىتى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ھەقىقىي بىر ئىجتىمائىي كۈنتەرتىپكە كىرگۈزۈلمىدى، ئانىلار جەمئىيەتتىن مىننەتدارلىق سادالىرىنى ئاڭلىيالمىدى. ھەتتا بىزنىڭ مۇشۇ ھەقتىكى مەخسۇس نەشر ئەپكارلىرىمىزمۇ ئاياللىرىمىزغا بۇ خۇسۇستا مەنپەئەتلەنگۈدەك بىر نېمە بېرەلمىدى. سەھىپىلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى يىگىت قانداق قىلغاندا قىزنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ؟ قىز قانداق قىلغاندا يىگىتنى جەلپ قىلالايدۇ؟ يۈڭ پوپايكىنى قانداق يۇيۇش، قۇرۇتۇش كېرەك؟ دېگەندەك تايىنى يوق گەپلەرگە بەردىيۇ، ئۇيغۇر ئانىلىرىنىڭ پەرزەنت تەربىيىسى ئۈچۈن مەخسۇس، مۇقىم بىرەر سەھىپە ئاجرىتالمىدى. پەرزەنتنى يارامىلىق قىلىپ تەربىيىلىمەكچى بولغان ئانا چوقۇم بۇ ھەقتە ئىمكانىيەت بولسا مەخسۇس، بولمىغاندىمۇ ئاز-تولا بىر نەرسە ئۆگىنىشى كېرەك. لېكىن ئانىلىرىمىزغا بۇنداق پۇرسەت يوق. ئەنگلىيە پەيلاسوپى سىپېنسېر مۇنداق دەيدۇ: «گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيتقاندا، پەرزەنتنىڭ ھايات-ماماتى، ياخشى-يامان بولۇشى ئاتا-ئانىنىڭ تەربىيىسىگە باغلىق. بىراق كېيىن ئاتا-ئانا بولىدىغان كىشىلەرگە پەرزەنت تەربىيىلەش ھەققىدە بىرەر ئېغىز تەربىيىمۇ بولمىسا، ئەجىبا بۇ غەلىتە ئىش ئەمەسمۇ؟ يېڭى ئەۋلادلارنىڭ تەقدىرىنى ئەقىلگە نامرات ئۆرپ-ئادەت، ھېسسىيات-خىياللارنىڭ ئىچىدە تەلەي سىناشقا تاشلاپ قويۇشىمىز، يەنە كېلىپ، ئېلىپنىڭ سۇنۇقىنى بىلمەيدىغان ئىنىكئانىلارنىڭ تەكلىپلىرىنى ھېكمەت دەپ بىلىپ يۈرۈشىمىز تېخىمۇ ئەخمىقانىلىق ئەمەسمۇ؟ ئەگەر بىر سودىگەر ھېسابات بىلىمىدىن خەۋەرسىز ھالدا سودا-تىجارەت قىلسا، ئۇنى كالۋا-ئەخمەق دەيمىز ياكى بىر ئادەم ئاناتومىيە ئۆگەنمەي تاشقى كېسەللىك ئوپېراتسىيىسى قىلىپ يۈرسە، ئۇنىڭ ئەخمىقا قاراملىقىغا تەئەججۈپلىنىپ، ئۇنىڭ بىمارىدىن غەم يەيمىز. بىراق ئاتا-ئانىلار جىسمانىي، ئەقلىي ئەخلاقىي جەھەتلەردىن پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلەيدىغان پرىنسىپنى بىلمەي، بۇ مۇرەككەپ ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ يۈرسە، ئۇلارغا تەئەججۈپلەنمەيمىز. زىيانلانغۇچى (پەرزەنت) كە ئىچ ئاغرىتمايمىز» («ئۇنتۇلغان ئانىلار» دىن).

جۇڭگونىڭ ئاتاقلىق جەمئىيەتشۇناسى فەنگۇاڭدەن مۇنداق دەيدۇ: «ھازىرقى تولۇق ئوتتۇرا ۋە تولۇق ئوتتۇرىدىن يۇقىرى ئاتالمىش مائارىپ ئادەمگە پەقەت ئىجتىمائىي مەشغۇلىيەتنى، ئىنچىكىلىگەندە پەقەت بىر خىل كەسىپ تېپىشنى، يەنىمۇ ئىنچىكىلىگەندە قورساق بېقىشنى ئۆگىتىدۇ. قانداق ئاتا-ئانا بولۇشنى بولۇپمۇ قىزلارغا قانداق ئانا بولۇشنى ئۆگەتمەيدۇ» (يۇقىرىقى كىتاپ).

ئاتا-ئانا پەرزەنتكە نىسبەتەن لېيفىڭ، لەيىنىڭ، پاۋلىلارمۇ ئورنىنى ئالالمايدىغان مۇقەددەس ئۈلگىدۇر. «گېرمانىيىدە ئېلىپ بېرىلغان بىر ستاتىستىكىدىن مەلۇم بولىشىچە، ئاتا-ئانا پەرزەنتلىرىنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىدە ئۈلگە قوبۇل قىلىدىغان ئەڭ چوڭ نەمۇنە ئىكەن. بۇ، ناخشا چولپىنى، سىياسىيئون، تەنتەربىيە چولپانلىرىدىن ئېشىپ كەتكەن. بۇ بالىلارنىڭ يېشى ئون ياشتىن 18 ياشقىچە» («چەتئەل ئىجتىمائىي پەنلىرى ژۇرنىلى» (خەنزۇچە) 2000-يىل 4-سان، «ئامېرىكا ئەخلاق مائارىپى كرىزىسىدىن ساۋاقلار»، ئا. ۋېلسون).

ئەر-ئايالنىڭ ئائىلىدىكى ھەرخىل پائالىيىتى، قولۇم-قوشنىلار ۋە ھەرخىل ئادەملەر بىلەن مۇناسىۋىتى، قىلىشقان پاراڭلىرى، يۈرۈش-تۇرۇشى ئائىلىدە قويۇق بىر تەربىيە ئاتموسفېراسى شەكىللەندۇرىدۇ. بالا شۇنىڭدىن نەپەسلىنىپ، ئوزۇقلىنىدۇ. بۇ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا، قان-قېنىغا ئورناپ ئۇنىڭ بالىلىق تەبىئىتى، مەنىۋى دۇنياسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ ئۇيۇپ، كېيىنكى ھايات مۇساپىسىنىڭ خېمىرتۇرۇچى، باشلىنىش نۇقتىسى، قۇۋۋەت مەنبەسىگە ئايلىنىدۇ. ياخشى ئائىلە تەربىيىسى بالىنىڭ مەنىۋى ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ھەر خىل ياخشى-يامان تەسىرلەر ئالدىدا قەدەملىرىنى بەرقارار قىلىدۇ. ئېنىقكى، بىزمۇ ئاتا-ئانىلىرىمىزنىڭ پالانى ئالىم مۇنداق دېگەن، پۈكۈنى موللام مۇنداق دېگەن دېگىنىگە قارىغاندا، ئانام مۇنداق دېگەنتى، دادام مۇنداق قىلاتتى، مۇنداق ئۆگەتكەن دېگىنىگە بەكرەك قۇلاق سالىمىز.

ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، بىز ھازىر تەربىيىنى نوقۇل ھالدىكى پەن-مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىتىش پائالىيىتى، دەپ قاراپ، ئۇنىڭ ئادەمنىڭ روھىنى تاۋلايدىغان، مەنىۋى دۇنياسىنى قۇرۇدىغان، ئادىمىيلىكنى يېتىشتۇرۇدىغان ئەڭ ماھىيەتلىك ۋلىغا سەل قارىدۇق. بۇنى بالىلىرىمىزنىڭ ۋقۇتقۇچىلىرىدىن ئىزدەۋاتىمىز. مەكتەپتىكى تەربىيە مەلۇم دەرىجىدە سىياسىي فورما تۇسىنى ئالغان بولۇپ، ئائىلىدىكى تەبىئىي مۇھىت، ساپلىق بۇ يەردە تېپىلمايدۇ. بىر ئادەمنىڭ ھەقىقىي مەنىدىكى ئادەم بولمىقى %90 ئائىلە تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. سۇخوملىنسكىي مۇنداق دەيدۇ: «خاتا تەربىيە بېرىلگەن بالا بۇزۇق ماتور ئورنىتىلغان ماشىنىدەك ئۆزىنى ھالاك قىلىپلا قالماي، باشقىلارنىمۇ ھالاك قىلىدۇ» («ئۇنتۇلغان ئانىلار» دىن).

بۈگۈنكى كۈندە بىز ھەرگىزمۇ بالىلىرىمىزنى ئائىلە، مەكتەپتىن ئۆگىنەلمىگەن نەرسىلىرىنى جەمئىيەتتىن ئۆگىنەر دەپ ئويلاشقىمۇ پېتىنالمايمىز. بۇ جەمئىيەت بوش تۇرسا نى-نى ياخشى كىشىلەرنىمۇ ئازدۇرۇپ تاپتىن-چىقىرىۋەتكىلى تاس قالىدۇ. شۇڭا كۆپلىرىمىز بەزى نومۇسسىزلىقلارغا باشتا نەپرەتلەنسەكمۇ، كېيىنچە تەبىئىي مەجبۇرلىنىش جەريانىدا ئادەتلىنىپ، ئاخىرى بېرىپ نومۇسسىزلىقتىن قىلچە تارتىنمايدىغان، تېخى كۆڭلىمىز تارتىپ تۇرۇدىغان بوپقېلىۋاتامدىمىز؟ بۇ جەمئىيەتتە بالىلىرىمىزنىڭ يامان تەسىر ئالماي ياشىشى ئىنتايىن قىيىن. بۇ تەسىرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، يوقىتىش ئائىلە تەربىيە مۇھىتىنىڭ پەرزەنتكە كۆرسەتكەن قۇۋۋىتىگە باغلىق. پەرزەنت شۇ قۇۋۋەت بىلەن ئازماي ياشىيالىشى مۇمكىن. لېكىن بىزدە ئۆز پەرزەنتىنى بۇنداق قۇۋۋەت بىلەن تەمىنلىيەلەيدىغان ئائىلە قانچىلىك؟ بالىسىغا ئۈلگە بولالايدىغان ئاتا-ئانىچۇ؟ بىزدە ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ھەرىكەت قىلمىغان ساختا ئارزۇ-ئارمانلىرىنى «بالامغا قويدۇم» دەپ نومۇس قىلماي ئۆلۈدىغان ئاتىلار كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار ئويلىمامدىغانمىدۇ، ئاتىسى قىلمىغان، قىلىشقا تىرىشمىغان ئىشنى بالىلىرى بۇ، ئاتامنىڭ ئارزۇسى ئىدى، دەپ بىلەرمۇ؟ ئىلگىرى بىزلەردە ئانىلار بالىلىرىغا ئاتاڭدەك بول، دەپ تەربىيە بېرەركەن. ھازىر بۇنداق گەپنى ئاڭلىمىغىلى ئۇزۇن بوپكەتتى. ئاياللىرىمىزنىڭ بالىلىرىغا: «ئاتاڭدەك بول» دېيىشىگە ئەرزىگۈدەك ئەرلىرى يوقمىكىنتاڭ؟

شاخلاپ كەتكەن گېپىمىزنىڭ بېشىنى قايرىپ ئەكەلسەك، بىر ئادەمنىڭ روھىنى گەپ بىلەن ئەمەس، بەلكى تەسىر كۆرسىتىش، ھەرىكەت بىلەن ئۆزگەرتىش مۇمكىن. لېكىن بىزدە ئەخلاقنىڭ سىڭدۈرۈلمەي ئۆگىتىلىشى ئادەمنى ئاچچىق كۈلكىگە مەجبۇرلايدۇ. ئويلاپ بېقىڭ، ئەخلاق دېگەننى باشقىلارغا بىلىم ئۆگەتكەندەك ئۆگەتكىلى، دەرسلىك قىلىپ سۆزلىگىلى بولامدۇ؟ ئەخلاق ئىگىلەشكە تېگىشلىك بىلىم ئەمەس، بەلكى مۇجەسسەملىنىشكە تېگىشلىك خىسلەتتۇر.

مائارىپشۇناس ياكى پېداگوگ بولمىغىنىمىز، بۇ ھەقتە تەپسىلىي ئىزدىنىپ، تەتقىقات ئېلىپ بارمىغىنىمىز ئۈچۈن ئائىلە تەربىيىسىنىڭ مۇھىملىقى، ئانىلارنىڭ قىممىتى دېگەنلەرنى قايىل قىلارلىق نەزەرىيىۋى ئاساس، ئىلمىي پاكىتلار بىلەن بايان قىلىپ بېرەلمىگىنىمىزگە ئوقۇرمەنلىرىمىزدىن ئۆزرە سورايمىز. شۇنداقلا بىز يۇزەكى بولسىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن مەسىلىلەر ھەققىدە ئويلىنىپ بېقىشىڭىزنى، ئاتا-ئانا بولسىڭىز قانداقراق بولۇش ھەققىدە، بولۇش ئالدىدا تۇرسىڭىز تەييارلىقىڭىز ھەققىدە باش قاتۇرۇپ بېقىشىڭىزنى، ئايال بولسىڭىز ئانا بولۇشتىن ئىبارەت ئىلاھىي مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىشقا لايىقلىشىشىڭىز ۋە ئىمانىڭىز بىلەن ئۆز ئۇستىڭىزگە ئېلىشىڭىزنى كەسكىن تەلەپ قىلىمىز.

«ھەر بىر بالا ئىمان ئۇستىگەتۇغۇلىدۇ، ئاتا-ئانىسى ئۇنى يا يەھۇدىيقىلىپ چىقىدۇ، يا ناسارا، يامەجۇسىي قىلىپ چىقىدۇ» («سەھىھۇلبۇخارىي جەۋھەرلىرى» دىن).

## دەسلەپكى تەربىينىڭ بالىلارغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى

تۆۋەندە بىز ئۆزىمىز سەل قاراۋاتقان ئائىلە تەربىيىسىنىڭ بولۇپمۇ دەسلەپكى تەربىيىنىڭ پەرزەنتنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە قانداق تەسىرلەرنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى مەشھۇر پېداگوگ، مۇتەپەككۇر، پسىخولوگ، مائارىپشۇناسلارنىڭ سۆزلىرى بىلەن بايان قىلىپ ئۆتىمىز:

فرانسىيە مۇتەپەككۇرى مونتان مۇنداق قارىغان: «ئىلىم-پەندىكى ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ مۇھىم قىيىنچىلىق بالىلار تەربىيىسىدۇر». 17-ئەسىرگە كەلگەندە مەشھۇر چېخ مائارىپشۇناسى كامنوس:

«ئادەمنىڭ بالىلىق دەۋرى ئۇنىڭ خاسلىقىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە شەكىللىنىشىدە غايەت زور رول ئوينايدۇ» دەپ قارىغان ۋە بارلىق ئانىلارنى پەرزەنتلىرىنى توغرا ئۇسۇل بىلەن تەربىيىلەشكە چاقىرغان ھەم شۇنداقلا ئادەمنىڭ چوڭ بولغاندىن كېيىنكى ئالغان تەربىيىسىنىڭ ئۇنۇمى بالىلىق دەۋرىدىكى تەربىيە تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ، دەپ كېسىپ ئېيتقان. بالىنى تۇغۇلۇپ ئالتە ياشقىچە ئانا تەربىيىلىشى كېرەك، دەپ قارىغان. بۇنىڭ ئۈچۈن ئانىلارنى تەربىيىلەش مەكتىپى قۇرۇش تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەم بۇ ھەقتە نۇرغۇن دەرسلىكلەرنى تۈزگەن. ئەنگلىيىنىڭ ئاتاقلىق مۇتەپەككۇرى ، پەيلاسوپى، مائارىپشۇناسى روك، زامانىسىدىكى داڭلىق ئەسەر «مائارىپ ھەققىدە پاراڭ»نى يېزىپ چىققان. ئۇ بۇ ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن: «مائارىپتىكى خاتالىق دورىنى خاتا تەڭشەپ سېلىشقا ئوخشايدۇ. بىرىنچى قېتىم خاتا تەڭشىلىپ قالسا، ئىككىنچى، ئۈچىنچى قېتىم ئورنىنى تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ تەسىرى مەڭگۈلۈك بولىدۇ» ، «بىزنىڭ كىچىك ۋاقتىمىزدا ئالغان تەسىرىمىز قانچە كىچىك بولسىمۇ ، ھەتتا ئۇنى ئاسانلىقچە بايقىغىلى بولمىسىمۇ، ئىنتايىن ئۇزاق مۇددەتلىك تەسىرگە ئىگە» .

18-ئەسىردە فرانسىيىنىڭ بۈيۈك مۇتەپەككۇرى رۇسسو مەشھۇر ئەسىرى «ئېمىل» دا مۇنداق دەيدۇ: «ئەڭ دەسلەپكى تەربىيە ئىنتايىن مۇھىم، بۇ تەربىيە قىلچە مۇنازىرە تەلەپ قىلمىغان ھالەتتە ئانىلارغا تەۋە بولىدۇ. ئەگەر يارانقۇچى بۇ ئىشلارنى ئەرلەرگە تاپشۇرغان بولسا، ئۇ چوقۇم بالىنى سۈت بېرىپ ئېمىتىپ چوڭ قىلغان بولاتتى» . ئەينى ۋاقىتتىكى ئاياللارنىڭ بۇ مۇھىم ئىشقا سەل قارىغانلىقىغا قارىتا: «ئانا ئانا بولالمىسا، بالىمۇ بالا بولالمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مەجبۇرىيەت ئۆزئارا بولىدۇ. ئەگەر بىر تەرەپ مەجبۇرىيىتىنى ياخشى ئادا قىلمىسا، قارشى تەرەپمۇ مەجبۇرىيىتىنى ياخشى ئادا قىلمايدۇ. بالا ئانىنى سۆيۈشكە تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى بىلسە ئاندىن ئۇنى سۆيىدۇ. ئەگەر بۇ قانداشلىق مۇناسىۋەت ئانىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن كۈچلەنمىسە، ئۇ دەسلەپكى بىرنەچچە يىلدا يوقايدۇ. بالىنىڭ قەلبى تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرىلا ئۆلۈپ بولغان بولىدۇ» .

ئامېرىكا مائارىپشۇناسى ئارنولد گېيسىر تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ: «ئوقۇش يېشىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا چوڭ مېڭىنىڭ يېتىلىش سۈرئىتى ئىنتايىن تېز بولىدۇ. . . ئالتە ياشتىن بۇرۇن چوڭ مېڭە ئاساسىي جەھەتتىن يېتىلىپ بولغان بولىدۇ. كېيىنكى مېڭە ئىقتىدارى ، خاراكتېر ۋە قەلب ھەرگىزمۇ بۇ دەۋردىكىدەك تېز تەرەققىي قىلمايدۇ. بىزنىڭمۇ مەڭگۈ ئەقلىي ساغلاملىقنىڭ ئاساسىنى سېلىۋېلىش پۇرسىتىمىز بولمايدۇ» .

جۇڭگونىڭ ئاتاقلىق مائارىپشۇناسى تاۋشىڭجى مۇنداق دەيدۇ: «ئادەم ئېھتىياجلىق بولغان ئەڭ مۇھىم ئادەت، خاھىش، پوزىتسىيە دېگەنلەر كۆپىنچە ئالتە ياشتىن ئىلگىرى يېتىلىپ بولىدۇ ياكى باشقىچە ئېيتقاندا، ئالتە ياشتىن ئىلگىرىكى ۋاقىت ئادىمىيلىكنىڭ تاۋلىنىپ چىقىشىنىڭ ئەڭ مۇھىم مەزگىلى. بۇ مەزگىلدە ياخشى تەربىيىلەنسە، كېيىن مۇشۇنىڭغا بېقىپ تەربىيىلەپ كەتكىلى بولىدۇ. تەبىئىي ھالدا جەمئىيەتنىڭ سۈپەتلىك ئەزاسى بولىدۇ. ناۋادا ياخشى تەربىيىلىنەلمىسە ، ئادەتلىنىپ قالىدۇ-دە، ئۆزگەرتمەك تەس بولىدۇ. بۇنداق ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە كەلسە، ئوقۇتقۇچىلار ئۇلارنىڭ ئادەتلىنىپ قالغان قىلىقلىرى ، پوزىتسىيىلىرىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن بەك كۈچەپ كېتىدۇ» .

ئۇلۇغ رۇس يازغۇچىسى ل. تولستوي ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشىنى سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن شۇ مەزگىلدە ھازىرقى مەۋجۇدلۇقىمنىڭ ئاساسىغا ئېرىشمىدىممۇ؟ ئۇ چاغدا مەن شۇنچىلىك تېز سۈرئەتتە ، شۇنچىلىك كۆپ نەرسىگە ئېرىشكەن. ھاياتىمنىڭ باشقا چاغلىرىدا ئېرىشكەن بارلىق نەرسە شۇ چاغدا ئېرىشكەن نەرسىلىرىمنىڭ يۈزدىن بىرىگىمۇ تەڭ كەلمەيدۇ. بەش يېشىمدىن باشلاپ ھازىرغىچە بىر قەدەملىك يول بولسا، تۇغۇلغىنىمدىن بەش يېشىمغىچە غايەت زور مۇساپە، ھامىلىدىن تۇغۇلغىچە چەكسىز مۇساپىدۇر» .

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى مائارىپشۇناسى ماكارېنكو: «تەربىيىنىڭ ئاساسى بەش ياشتىن ئىلگىرى سېلىنىپ بولىدۇ. ئۇ پۈتكۈل تەربىيە جەريانىنىڭ %90نى ئىگىلەيدۇ. ئادەمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ، چېچەكلەپ مېۋە بېرىشى - سىز كۆڭۈل قويۇپ يېتىشتۈرگەن گۈل بەش ياشتىن ئىلگىرى بىخ سۈرۈپ بولىدۇ» دەپ قارايدۇ.

ئىتالىيىلىك داڭلىق مائارىپشۇناس مونتاسول مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: « بالا تۇغۇلغاندىن كېيىنكى دەسلەپكى ئۈچ يىل دەرىجىسى ۋە مۇھىملىقى جەھەتتە، ئۇنىڭ ئۆمرىدىكى ھەرقانداق بىر باسقۇچتىن ئېشىپ چۈشىدۇ. . . بالىنىڭ مۇشۇ ئۈچ يىلىنى ئۇنىڭ بىرپۈتۈن ئۆمرى دېيىشكە بولىدۇ» .

ئامېرىكا مائارىپ سىياسىتى كومىتېتى 1996-يىلى تەمىنلىگەن دوكلاتتا كۆرسىتىلىشىچە، ئالتە ياشتا كۆپ ساندىكى بالىلارنىڭ چوڭ بولغاندىن كېيىنكى ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ كۆپ قىسمى يېتىلىپ بولىدىكەن. شۇڭلاشقا بۇ ئالتە ياشنى بالىلارنىڭ نورمال ئوقۇش يېشى دەپ قاراشنىڭ ۋاقتى ئۆتكەن، دەپ قارالغان. «تۆت ياشلىق بالىلارنىڭ ھەممىسى ھۆكۈمەت پۇلى بىلەن ئوقۇشتىن بەھرىمەن بولۇشى كېرەك» دېيىلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دوكلاتتا يەنە مۇنداق تەكىتلەنگەن: «ئەڭ دەسلەپكى ئۈچ يىل تۆتىنچى، بەشىنچى يىلدىن تېخىمۇ ھالقىلىق بولۇش ئېھتىمالى ناھايىتى يېقىن. بىراق ئاتا-ئانىلارنىڭ بۇ ياشتىكى بالىلارنى ئائىلە سىرتىدىكى مۇھىتتا قانداق تەربىيىلەشكە نىسبەتەن بىلىدىغىنى بەك ئاز. ئاتا-ئانىلارنىڭ ۋە كەلگۈسىدىكى ئاتا-ئانىلارنىڭ ئائىلە تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشكە ياردەم بېرىش

تېخىمۇ ئۇنۇملۇك چارە بولۇشى مۇمكىن. بىز بۇ خىل تىرىشچانلىقنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىمىز». بىراق ئۈچ ياشتا تەربىيىنى باشلاش قارىشى تېخىمۇ كۆپ مائارىپشۇناسلارنىڭ ئىنكار قىلىشىغا ئۇچراپ، تېخىمۇ كەسكىن بولغان نۆلياش تەربىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ياپونىيىنىڭ مەشھۇر بالىلار مائارىپشۇناسى موسۇن جىيۇيى بالىلار ئەقلىي تەرەققىياتىنىڭ كېمىيىش قانۇنىيىتىنى خۇلاسىلاپ چىقىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر بالا تۇغۇلۇپلا كۆڭۈلدىكىدەك تەربىيە مۇھىتىدا تەربىيىلەنسە، ئۇنىڭ ئەقلىي كۈچى %100 تەرەققىي قىلالايدۇ. ئەگەر تەربىيە بەش ياشتىن باشلانسا، تەربىيە مۇھىتى ياخشى بولغان تەقدىردىمۇ %80 تەرەققىي قىلالايدۇ، ئەگەر 10 ياشتا باشلانسا %60 بولىدۇ. دېمەك تەربىيە قانچە كېيىن باشلانسا، ئەقلىي تەرەققىياتى ئۇچرايدىغان توسقۇنلۇقمۇ شۇنچە زور بولىدۇ.

ئامېرىكا مائارىپشۇناسى بلوم ۋە ئۇنىڭ چىكاگو ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئىشداشلىرى بىللە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتى مۇنداق قارايدۇ: «ئادەمنىڭ ئەقلىي كۈچى تەرەققىياتىدا ئەۋۋەل تېز كېيىن ئاستا بولۇشتەك قانۇنىيەت بار». ئۇلارنىڭ 17 ياشلىق بالىلارغا ئېلىپ بارغان سىناق نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، ئەقلىي كۈچ تەرەققىياتىنىڭ %50 تى ھامىلە مەزگىلىدىن تۆت ياشقىچە بولغان مەزگىلدە، %30 تى سەككىز ياشقىچە، %20 تى 17 ياشقىچە بولغان ئارىلىقتا تاماملىنىدۇ.

«جىڭ شېن نەزەرىيىسى» نى ئوتتۇرىغا قويۇپ دۇنيا مائارىپ ساھەسىدە شۆھرەت قازانغان ياپونىيە بالىلار مائارىپشۇناسى، كارخانىچى جىڭ شېندا مۇنداق قارايدۇ: «ئىلگىرىكى تەربىيە بالا گەپ ئۇققىدەك بولغاندا ئېلىپ بېرىلاتتى. ھازىر بۇنىڭ ۋاقتى ئۆتتى، بۇنداق تەربىيە بەك كېچىككەن سانىلىدۇ. چۈنكى بالا گەپ قىلىشتىن ئىلگىرى، ئۇ تىل بىلەن ئۆگىتىلىدىغان بىلىمدىنمۇ كۆپ تەربىيىلەرگە ئېرىشىپ بولغان بولىدۇ. شۇڭلاشقا بالىنى تەربىيىلەيدىغان ئەڭ ياخشى ۋاقىت ‹بالىلار باغچىسىغا ئاپىرىپ بەرگەندە› دەپ قارالسىمۇ بەك كېچىكىدۇ. ئۈچ ياشمۇ شۇنداق. ئەڭ مۇھىم ۋاقىت بالىنىڭ نۆلياش ۋاقتىغا يېقىنلىشىشتۇر». «ھامىلە مەزگىلىگە نىسبەتەن تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىدىغان مەسىلىلەر بار». «ئەگەر روھىي، خاراكتېر، پەزىلەتنى يېتىشتۈرۈش مەزگىلى مەۋجۇد دېيىلسە، بۇ دەل بالا گەپ قىلىشنى ئۆگىنىشتىن ئىلگىرىكى ۋاقىتتۇر».

ھازىرقى ئىلىم-پەن بۇ مائارىپشۇناسلارنىڭ نەزەرىيىلىرىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى. 1970-يىللاردا ئانا بىلەن ھامىلە ئارىسىدا باغلىنىش يوق، ئانىنىڭ مېڭىسى غىدىقلانسا، ھامىلىگە بىۋاسىتە تەسىرى بولمايدۇ، دەپ قارالغان. 1980-يىللاردا ئىلىم-پەن ئانا بىلەن ھامىلە ئارىسىدا ئېلېكتر سىگنالىغا ئوخشايدىغان بىر خىل سىگنال بارلىقىنى، ئانىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھامىلىگە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. شۇڭلاشقا، ھازىر دۇنيادا ھامىلە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكى، نۆلياشتىن ھالقىپ «مەنپىي بىر ياش، مەنپىي ئىككى ياش» تەربىيىسى نەزەرىيىلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس (بۇ قىسىمدىكى ستاتىستىكىلار «ئۇنتۇلغان ئانىلار» دىن ئېلىندى).

## خاتىمە

ھاسىل كالام، «باۋمۇ» لارنىڭ تەقدىرىگە تار مەنىدىن ئېيتقاندا ھەر بىرىمىز، كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا ھەممىمىز مەسئۇل.

ئۆيىمىزدىكى كۆڭۈلسىزلىكلەرگە خەقنىڭ كارى بولمىغىنىدىن رەنجىپ يۈرۈش ئەخمىقانىلىق، ئەلۋەتتە. بىز قايناۋاتقان بۇ مەسىلە مۇرەككەپ تارىخىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي ئامىللارغا باغلىق بولسىمۇ، مەسىلىنىڭ بىۋاسىتە زىيىنىنى بىز تارتىۋاتقاچقا (مۇھەررىردىن) بۇ ھەقتە ئويلىنىش، كۆڭۈل بۆلۈش مۇقەررەر يوسۇندا بىزگە تەۋە. گەرچە بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش دېمەككە ئاسان، قىلماققا مۈشكۈل بولسىمۇ، لېكىن ھېچ بولمىسا، ھېچكىم قول سوزالمايدىغان يېرىمىز ـ ئىدىيىمىزدە ئاز ـ تولا ھەل قىلىۋالغان بولساقمۇ چوڭ ئىش بولغان بولاتتى. ھە دېسىلا ھەممىنى ئىمكانىيەتكە دۆڭگەپ، شۇ ئىمكانىيەتنى ئازراق بولسىمۇ يارىتىشقا تىرىشمىغىنىمىز، ئىش يۈزىدە بار ئىمكانىيەتكە قاراپمۇ قويمىغىنىمىزنى ئېتىراپ قىلماي ئامالىمىز يوق.

ھازىرچە بەزى «ئىمكانىيەتسىزلىكلىرىمىز» بىزنى «باۋمۇ» ياللاشقا مەجبۇرلىسىمۇ، ئۇلارنى ساۋاتسىز ـ نادان قالدۇرۇشقا بىزنى ھېچنەرسە مەجبۇرلىمايدۇ. بىزگە نىسبەتەن ئۇلارغا ئاز ـ تولا ئىلىم سىڭدۈرۈش، كىتاب ئوقۇيدىغان ۋاقىت چىقىرىپ بېرىش ياكى ئۇلارنى شۇنىڭغا پات-پات يېتەكلەپ تۇرۇش ھېچقانچە گەپ ئەمەس، ئەمما ئۇنداق قىلمايمىز. ۋۇجۇدىمىزنىڭ پىنھان بۇلۇڭلىرىدا بىرنېمە كەم. كۆپىنچىمىز ياخشى ئىش قىلىشقا ئىنتىلىدىغانلاردىن ئەمەس، بەلكى ياخشى ئىش قىلغانلارغا زوقلىنىپ قويىدىغانلاردىن. ئېيتايلۇق، ئارىمىزدا بىرەرسى كىتاب سېتىۋالسا ئۇنىڭغا مەزكۇر كىتابنىڭ ئەھمىيىتىنى دانالارچە چۈشەندۈرۈپ، ئۆزى كىتاب ئالمايدىغان «كىتابخۇمار» لار، ۋارتاغا توپ چۈشسە ھاياجاندىن ئۆزىنى تۇتالماي ۋارقىراپ چاۋاك چېلىپ كەتكەن بىلەن، ئوغلىغا پۇتبول ئېلىپ بېرىشكە چىدىمايدىغان «توپ مەستانىلىرى» نۇرغۇن. قىسقىسى، كۆپلىرىمىز ئۆز ئىشىمىزغا ئەقىدە باغلىغاندەك قىلغان بىلەن، ئەقىدىمىز ساختا.

يوشۇرۇن ئاپەتنى ئۆز قويىنىغا ئالغان بۇ ئىجتىمائىي مەسىلىمىزنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئادەت شەكلىگە ئۆرلەپ تەرەققىي قىلىشىدا ھەممىمىزنىڭ ئازدۇر-كۆپتۇر ھەسسىسى بار. كۆيۈۋاتقان ئوتنى ئۆچۈرۈش قولىمىزدىن كەلمىسىمۇ، ئوتقا ئوتۇن تاشلىماسلىق قولىمىزدىن كېلىدۇ. كىرىزىسلىق

مەسىلىلىرىمىز خۇددى كوچىلىرىمىزدا قاچانلاردىدۇر پەيدا بوپقالغان ئەخلەتلەردەك دۆۋىلەنمەكتە. ئەخلەت تۆكۈدىغان ئادەم شۇنچە كۆپ، تاكى يول توسۇلۇپ قالمىغىچە پاكى تازىلىق كومىتېتلىرى تازىلىقتا ئورۇنلاشتۇرمىغىچە ئەخلەتلىرىمىز ئېلىنمايدۇ. ئالساقمۇ شەكىل ئۆچۈن - «خوجا كۆردى» گە ئالىمىز. ئەلۋەتتە ئالغىنىمىزدىن تۆككىنىمىز كۆپ. «ئەخلەتلەرنى ئېلىۋېتەيلى، مەھەللىمىز پاكىزراق تۇرسۇن» دېگۈچىلەرنىڭ سادالىرى ئىنكاسسىز، قۇلاقسىز قالماقتا. ماھىيەتتە، بىر مىللەت ئۆچۈن بۇنداق كىشىلەرنىڭ قوللاشتىن مەھرۇم قېلىشى شۇ خەلقنىڭ ئاپىتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. مۇشۇنداق چاغلاردا قايەرلەرگىدۇر يوقالغان «يانتاق ئاقساقال» («قۇم باسقان شەھەر» رومانىدىكى پېرسوناژ. - مۇھەررىردىن) لىرىمىزنى ئەسلەپ قالىمىز. شۇڭا بىزنىڭمۇ ئۆزىمىز تاشلىغان ئەخلەتنى ئۆزىمىز ئېلىۋېتەيلى، دېمەكتىن باشقا چارىمىز يوق. چاتاق يېرى، ھېچقايسىمىز ئۆزىمىزنى ئەخلەت تاشلاۋاتىمىز، دەپ قارىمايمىز. ھازىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى) ئەخلەتكە تولغان جەمئىيەت، دېيىش بىزچە ئارتۇقچە ئەمەس. بۇ، ھەربىر ئۇيغۇرنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىكىنىڭ مەھسۇلى، ئەلۋەتتە.

يېپەك يولىنىڭ خارابلىشىشى، كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە بىزگە كىرگەن سوپىزم، بۇ يولسىز ئەقىدىدىن تارالغان ئۈچ يېرىم ئەسىرلىك جاھالەت تۇمانلىرى ۋە فېئودال مىلىتارىستلارنىڭ «خەلقنى نادانلىقتا تۇتۇش سىياسىتى» (مۇھەررىردىن) بىزنىڭ بۇ 20-ئەسىرىمىزدىكى «روزى موللا» (ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىينى جاللات شىڭ شىسەيگە چېقىشتۇرغان مىللىي مۇناپىق)، «ئەمەت مەزىن» (ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قاتىلى)، «شاپتۇل داموللام» (1930-يىللاردا قەشقەردە ئۆتكەن چوڭ دىنىي، مىللىي مۇناپىق. - مۇھەررىردىن) ۋە ئۇلارنىڭ يېگىنچە ۋارىسلىرىنىڭ تۇغۇلۇپ تۇرۇشىنى دەۋرنىڭ مۇۋاپىق ھادىسىسىگە ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى. مارتىن ليۇتېرنىڭ دىنىي ئىسلاھاتى ياۋروپانىڭ ھازىرقى تەرەققىياتىنى، مېجى يېڭىلىقىغا كۆچۈش ئىسلاھاتى ياپونىيىنىڭ بۈگۈنكى تەرەققىياتىنى مەلۇم دەرىجىدە بەلگىلەپ قويغان. دېمەك تارىخىي باسقۇچلاردىكى ۋەقەلەرنىڭ تەسىرى ئۆز دەۋرىدىن ھالقىغان بولىدۇ. تەتۈر قىسمەتلەر ماھىيەتتە تارىختىكى خاتالىق ئۈچۈن تۆلەۋاتقان بەدەلدىن ئىبارەت. بەلكىم بۈگۈنكى پەرۋاسىزلىقىمىز، كۆپىيىۋاتقان، تەربىيىسىز قالغان «باۋمۇ» لىرىمىز كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ يېگىنچە كۆلپەتلىك قىسمەتلىرىنى پەيدا قىلىدۇ، دېسەك خاتالاشقان بولماسمىز.

ئەقىللىق ئوقۇرمەنلىرىمىزگە ئايانكى، «باۋمۇ» لار مەسىلىسى جەمئىيىتىمىزنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرى، مائارىپ، ئىقتىساد، ئىدېئولوگىيە، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ساھەلىرىمىزدىكى مىكروبلار پەيدا قىلغان جاراھەتتىن - بىزدىكى كرىزىسنىڭ بىر ئېچىنىشلىق ئىنكاسىدىن ئىبارەت.

مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولساقمۇ، ھەل قىلىش چارىسىنى ئوتتۇرىغا قويالمىغىنىمىزدىن تولىمۇ ئەپسۇسلىنىمىز. ھازىرچە تاقەت يەتكەنچە تىرىشىپ باقايلى دېيەلەيمىز. ئىشىنىمىزكى، ھەر بىرىمىز ئۆز ئىشىمىزغا پۇختا بولساق، ئۆز پادىمىزنى قوغداشنى كۆچەيتسەك، چوقۇمكى تارتىدىغان زىيىنىمىز ئاز بولىدۇ.

بىزگە شۇنداق ساۋاق قالغان: ھەقىقەتنىڭ ساداسىغا قۇلاق يوپۇرغانلار چوقۇم ھەقىقەتنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ، بۇ، ھەقىقەتنىڭ ئەنئەنىسى.

2000-يىل 20-ئىيول، خوتەن - ئۈرۈمچى

---

جۇرئەت دۆلەت: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكوم تارىخ فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىسى.

ئابدۇرېھىم دۆلەت: شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئىنگلىز تىلى 99 - يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى(M1)

**تەھرىراتىمىزنىڭ ئالاھىدە ئۇقتۇرۇشى:**

ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر، خەت، پۇل چېكى، تۈرلۈك ئالاقە، كىتاب-ژۇرنال، ماتېرىيال ئەۋەتكۈچى ئورۇن ۋە شەخسلەر يوللىغۇچىلارنىڭ قولىمىزغا خاتاسىز - دەل تېگىشى ئۈچۈن ئادرېسىمىزنى ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ يېزىقلىرىدا ئېنىق قىلىپ: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىتتىپاق يولى 72-قورۇدىكى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە - 乌鲁木齐市团结路72号《新疆文化》杂志维文编辑部收 دەپ يېزىشنى ئۈمىد قىلىمىز. پوچتا ۋاكالەت نومۇرىمىز: 830001

- كامالىي ئېھتىرام بىلەن: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

www.uyghurkitap.com



# ئاياللارنىڭ گۈزەللىكى نېمىدە؟

ھۆرنىسا مامۇت

گۈزەللىككە ئىنتىلىش ئىنسانلارنىڭ تۇغما خۇسۇسىيىتى. بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى گەۋدىلىك بولۇپ، ئۇلار تارىختىن بېرى گۈزەللىكنىڭ سىمۋولى، دەپ قارىلىپ كەلدى. ئەجدادلىرىمىز يىراق قەدىمكى دەۋردە يەر ۋە سۇ تەڭرىسى ئومايغا سېغىنىپ، ئۇنى گۈزەللىك ۋە پاكلىقنىڭ سىمۋولى دەپ قارىغان؛[1] ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ مەدەتكارى، غالىبىيەتلىرىنىڭ سەۋەبكارى، دەپ تونۇغان. ئاياللىق جىنىسقا چوقۇنۇپ، ئاياللارنى ئۇلۇغلىغان. كېيىنكى دەۋرلەردە ئاياللارنىڭ ئورنىدا ئۆزگىرىش بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئورنى ئەرلەرنىڭكىدىن تۆۋەن بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما يېقىنقى يېرىم ئەسىر مابەينىدە ئاياللارنىڭ ئورنىدا كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئاياللارمۇ ئەركىن ھالدا كەسىپ تاللاپ ئەرلەر بىلەن تەڭ مېھنەت قىلدى. ئاياللارنىڭ كەسىپ تاللاپ مېھنەت قىلىشى ئۇلارنى ئىقتىسادىي جەھەتتە مۇستەقىل قىلدى. ئىقتىسادىي جەھەتتىكى مۇستەقىللىق ئۇلارنىڭ ئائىلە ۋە جەمئىيەتتىكى ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈردى. ئاياللار بىلەن ئەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ۋە ئىقتىساد جەھەتتە باراۋەرلىككە ئىگە بولۇشى نورمال بىر جەمئىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكى بولسىمۇ، ئەمما ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ۋە ئىقتىسادنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى ئاياللارنىڭ مۇستەقىللىقىنى ساغلام تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرمىدى. مۇستەقىللىق بىلەن ئاياللىق ئوتتۇرىسىدا مۇۋازىنەت شەكىللەنمىدى. ئاياللار بۇ خىل ئەۋزەللىككە ھەددەپ ئىنتىلىپ ۋە رام بولۇپ، ئاياللىقنىڭ مەناسى بولغان ئاياللىق گۈزەللىكىگە سەل قارىدى. نەتىجىدە ئاياللارنىڭ گۈزەللىككە بولغان تەقەززالىقىنىڭ شاھىدى سۈپىتىدە تۈرلۈك ھۆسن تۈزەش ئورۇنلىرى يامغۇردىن كېيىنكى مايسىلاردەك ئاۋۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇلار گۈزەللىكتىن يىراقلاشتى. چىن گۈزەللىكتىن بارلىققا كېلىدىغان مۇھەببەت زىلزىلىلىرى قايتا پەيدا بولمىدى. قىز-ئاياللار ئۆز گۈزەللىكىگە تاۋار سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىپ، گۈزەللىك ئىزدەش يولىدا ئاجايىپ-غارايىپ ناجىنىس كەشپىياتلارنى ئىختىرا قىلدى. ئۇلار ئاياللىق گۈزەللىكىنى پۈتكۈل ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ ھەركەتلەندۈرگۈچى كۈچى دەپ قارىماستىن، بەلكى ئەرلەر دۇنياسىنى بويسۇندۇرۇشنىڭ قورالى، دەپ قارىدى. شۇ سەۋەبلىك قىز-ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ ئانىلىق خىزمىتىنى ياقتۇرمايدىغان، ئائىلە ئىشلىرىنى ئاياللارنى تۈگەشتۈرۈدىغان بىر خىل ئاۋارىچىلىك، دەپ قارايدىغان بولدى. مەخسۇس ئاياللىق قارشى ئېلىشقا ئېرىشەلمىدى. پەرزەنت تەربىيىلەشتىكى زور بىر قىسىم مەسئۇلىيەتنى مەكتەپلەرنىڭ ئۈستىگە ئېلىشىغا توغرا كەلدى. بىلىم بىلەن ئەقلىنى ئېچىشقا سەل قارالدى. ئاز-تولا بىلىم ئىگىلىگەن ئاياللار ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاق، ئۆرپ-ئادەت ۋە تەربىيە ئۇسۇللىرىمىزنى «ئەركىنلىكنى بوغقانلىق» دەپ قاراپ، ئۇلارغا ئۆكتەملىك بىلەن قارشى چىقتى.

ئەپسۇسكى، ئېسىل زىبۇ-زىننەت ۋە ئۈستىباش، غەربچە ئەخلاق قارىشى ئۇلارنى گۈزەللىككە ئىگە قىلالمايدۇ. ئاياللارنىڭ گۈزەللىكى ئۇلارنىڭ چىن ئاياللىقىدا. چىن ئاياللىقنىڭ گۈزەللىكى ئۇلارنىڭ ھاياسى ۋە نومۇسىدا جۇلالىنىپ چاقناپ تۇرىدۇ، ھايا بىلەن نومۇس ئاياللارنىڭ ئەڭ قەدىرلىك ۋە ئەڭ گۈزەل بېزىكى. بۇنداق پەزىلەتكە ئىگە بولغان ئاياللار دائىم ئەدەب ۋە تەرتىپنى ئۆزىگە

يار قىلىدۇ، ۋاپا ۋە ساداقەت بىلەن ئائىلىنى روناق تاپقۇزۇشنى، ئائىلىدىكى گۈللىنىشنىڭ سەۋەبچىسى بولۇشنى ئىزدەيدۇ، تۇرمۇشنى قانائەت ۋە غەيرەت بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. ئۆز كەمتەرلىكى بىلەن قەدىر-قىممەتكە ئېرىشىدۇ، پەزىلىتى بىلەن ئەۋلادلارنى تەربىيىلەيدۇ، كىشىلەرگە ئىلھام بېرىدۇ.

ئۇلار ھەرگىزمۇ ئۆزلىرىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە ئىقتىسادىي كۈچىگە تەمەننا قويۇپ، ئاياللىق بۇرچىدىن باش تارتمايدۇ. ئاياللىقنى بىر بۈيۈك سەنئەت، دەپ قارايدۇ. ئاياللىقنى بىر كۈلپەت، دەپ قارىماي چىن دىلىدىن سۆيىدۇ، ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىدۇ. روھتىكى بۇنداق نەپىسلىك تەندە ئىپادىلىنىدۇ (ئەلۋەتتە تەننىڭ نەپىسلىكىمۇ زور بايلىق). ئەگەر تەن نەپىسلىكى روھ نەپىسلىكىدىن ئايرىلسا، خۇددى پۇراقسىز گۈلدەك سېھرىي كۈچىنى يوقىتىدۇ، بۇنداق گۈزەللىكنىڭ ئۆمرى ھامان قىسقا بولىدۇ.

بىر ئايالدا تەن نەپىسلىكى بىلەن روھ نەپىسلىكى بىرلەشسە، ئۇنىڭ كۈچ-قۇدرىتى تەڭداشسىز بولىدۇ.

ئاياللار گۈزەللىكىنىڭ بالاغىتى — ئانىلىقتۇر. ئانىلىق ماقامىغا يېتىش ئاياللارنىڭ گۈزەللىكىنى مۇكەممەللىككە ئىگە قىلىدۇ. ئانىلىق ئۇلۇغ ۋە مۇشكۈل خىزمەت بولۇپ، ئۇ، پەرزەنتكە ۋە جەمئىيەتكە بولغان يۈكسەك مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. ئانىلىقنىڭ گۈزەللىكى ئۇنىڭ پەرزەنتكە بولغان چەكسىز مېھرى-مۇھەببىتى ۋە تەربىيىسىدە كۆرۈلىدۇ. ئەگەر بىر ئايالنى تۇغما ئانىلىق مەجبۇرىيىتى بىلەنلا چەكلەندى، دەپ قارىغاندىمۇ، بۇ مەجبۇرىيىتى بىلەن ئىنسانىيەتكە ئاز-تولا تۆھپە قوشقان بولۇپ، ئىنسانلار ئىش تەقسىماتىدا يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ. ناۋادا ئۇ پەرزەنتلىرىنىڭ ھاياتىغا ھەقىقىي قىزىقسا، ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلسە، ئانىلىق سۈپىتى بىلەن ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلىسە، ئۇنداقتا ئۇنىڭ ئىنسانىيەتكە قوشقان تۆھپىسىنىڭ قىممىتى مۆلچەرلىگۈسىزدۇر. ئانىلىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش جەريانى ئۇلۇغ بىر كەشپىياتنى تاماملاش جەريانىدۇر. بالىلارنى ئېسىل يېمەكلىكلەر بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇش، ئۇلارنى چىرايلىق، پاكىزە كىيىندۈرۈش، قانچىلىك بەدەل تۆلەشتىن قورقماي داڭدار مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا كىرگۈزۈشلا ئانىلىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلغانلىق ھېسابلانمايدۇ. ئەلۋەتتە، بالىلارنى كىچىكىدىن مۇۋاپىق ئوزۇقلاندۇرۇپ، ئۇلارنى ساغلام تەنگە ئىگە قىلىش، تازىلىقنى سۆيىدىغان قىلىپ تەربىيىلەش، ئۇلارغا بىلىم ئېلىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىشمۇ ئاتا-ئانىلىق مەجبۇرىيىتىنىڭ بىر قىسمى. ئەمما ئانىلار شۇنى ئۇنتۇماسلىقى كېرەككى، ساغلام تەندە ساغلام روھنى يېتىلدۈرۈش، ئۇلارنى پاكلىققا ئىنتىلدۈرۈشمۇ بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز. بارچە ئۈمىدنى مەكتەپكە باغلاپ، تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنى مەكتەپكىلا يۈكلەپ قويۇش مەسئۇلىيەتتىن قاچقانلىق. ئەقەللىي ئانىلىق مەجبۇرىيەتلىرىنىمۇ ئۇنتۇپ، بەزمە ئويناپ يۈرگەنلىك — ئانىلىق سالاھىيىتىنى يوقاتقانلىق، ئۇنداق ئاياللاردا گۈزەللىك نېمە قىلسۇن!

ئەمەلىيەتتە ئاياللىق — بىر نەپىس سەنئەت، ئانىلىق — بىر بۈيۈك ئىجادىيەت.

ئاياللارنىڭ گۈزەللىكى يەككە — يېگانە ھالدا رول ئوينىمايدۇ، ئۇنىڭ رولى ئەرلەر بىلەن بولغان ھەمكارلىقتا كۆرۈلىدۇ. شۇڭا ئاياللارنىڭ گۈزەللىكى ھەرگىزمۇ ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش قورالى ياكى مەلۇم مۇددىئانى ئىشقا ئاشۇرۇش قورالىغا ئايلىنىپ قالماسلىقى، ئەر-ئاياللارنىڭ ھەقىقىي ھەمكارلىقى — چىن مۇھەببەت ئاساسى بولۇشى لازىم. ئەر-ئاياللارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىق — جەمئىيەتنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنىڭ كاپالىتى.

ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ ئاياللىق ۋە ئانىلىق گۈزەللىكىنى يېتىلدۈرۈش بىلەن بىرگە ئەقلىي تەرەققىياتقا ئېرىشىشكە سەل قارىماسلىقى كېرەك. ئۇلار بىلىم ئىگىلەش ئارقىلىق ئۆز گۈزەللىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. بىلىم گۈزەللىكنى ئۆزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تېخىمۇ يۈكسەكلىككە كۆتۈرىدۇ. بىر ئايالنىڭ بىلىم ئىگىلەپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشى ياكى كەسىپكە بېرىلىشى ئۇنىڭ ئاياللىق ۋە ئانىلىق مەجبۇرىيىتىدىن ۋاز كەچكەنلىكىنى ياكى ئۇنىڭدىن خالاس بولغانلىقىنى بىلدۈرمەيدۇ. بىلىم ئىگىلەش بىلەن ئاياللىقنىڭ سىغىشالمايدىغان يېرى يوق. شۇڭا بىز ئاياللار بىلىم ئىگىلەش ۋە كەسىپ تۈپەيلى ئاياللىق ۋە ئانىلىق مەجبۇرىيەتكە سەل قارىماسلىقىمىز كېرەك. ئەگەر نوقۇل ھالدا ئاياللىق ۋە ئانىلىق مەجبۇرىيەتنىلا تەكىتلەپ، بىلىم ئىگىلەشكە سەل قارالسا، روھنى تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرگىلى بولمايدۇ ۋە تۇغما ئانىلىق مەجبۇرىيەت دائىرىسىدىلا چەكلىنىپ قالىمىز.

ئەلۋەتتە، ئاز-تولا بىلىم ئىگىلەپلا ئەجدادلىرىمىزنىڭ گۈزەللىك قارىشىغا قارشى چىقىش، ئۇنى ئاياللارنىڭ ئەركىنلىكىنى بوغىدىغان «كىشەن» دەپ قاراش ھاياسىزلىقتۇر. شۇنى بىلىش كېرەككى، ھەقىقىي گۈزەللىكنىڭ مەنىسى مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ، ئۇ، زامان، ماكان، كىشىلەرنىڭ قاراشلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلى ئوخشىمىغان مەنالارغا ئىگە بولمايدۇ.

2000-يىل 19-سېنتەبىر، پەيزاۋات

---

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە 3-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇئەللىمەسى (M1)

www.uyghurkitap.com



# ئەركەك سۈنى كۆپرەك ئىچەيلى

ـ «بۇلارنىڭ تەقدىرىگە كىم مەسئۇل؟» ۋە «ئاياللارنىڭ گۈزەللىكى نېمىدە؟» گە ئىلاۋە

ئابدۇقادىر جالالىددىن
(ژۇرنىلىمىزنىڭ ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان تەقرىزچىسى)

ئەگەر ئەمگەك بىلەنلا بېيىشقا مۇمكىن بولىدىغان بولسا، دېھقانلار بېيىپ كەتسە بولاتتى، چۈنكى دېھقان ئۆز ئەمگىكىنى كۈن بىلەن ئۆلچەيدۇ، كۈننى بولسا قۇياشنىڭ چىقىشى ۋە پېتىشى بىلەن ئۆلچەيدۇ. ئۇلار ھەتتا كۈندۈزنى كېچىگە ئۇلاپمۇ ئىشلەيدۇ. مانا بۇ ئۇلارنىڭ كۈندىلىك ئەمگەك نورمىسى. بىراق ئۇلار بەربىر نامرات، نامرات ئەمەسلىرىمۇ باي ئەمەس. قارىغاندا، نېرى - بېرىسىنى سۈرۈشتۈرمەي، ئىشلەشنى بىلىشنىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلمايدۇ. ئادەم ھەسەل ھەرىسى ئەمەس، ھەسەل ھەرىسىنىڭ ھەسەل ئىشلىشى ئۇنىڭ ياشاش تەبىئىتىنىڭ ئىپادىسى، ئۇنىڭغا قانداقتۇ بىرەر سىنىپ ياكى ئىنقىلابىي گۇرۇھنىڭ تامغىسىنى باسقىلى بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ ھەسەل ئىشلەشتە مەلۇم بىر نەرسىگە قارشى خىتابنامىسى يوق، ئۇلار تەبىئەت پرىنسىپىنى تەشكىل قىلىدىغان ئامىل سۈپىتىدە، ئەنە شۇنداق ياشىشىدۇ. ئۇلارغا: «سىلەر نېمە ئۈچۈن ھەسەل ئىشلەيسىلەر؟» دەپ سوئال قويۇلسا، مەڭگۈ جاۋاب بەرمەيدۇ، مانا مۇشۇنىڭ ئۆزىلا نېمىدېگەن كاتتا جاۋاب ـ ھە!؟

دېھقانلار ئادەمدۇر، ئۇلار ئۆز ئەمگىكىنىڭ مەقسىتى، كېلىپ چىقىشى، كۆلىمى، ساپاسى ۋە ئەھمىيىتىنى بىلىشى كېرەك. بەلكىم ئۇلار بۇ ھەقتە ئاز-تولا بىلىشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ بىلگەنلىرى ئۆزلىرىنى باغلاپ تۇرغان يەرنىڭ ئېھتىياجىدىن ئېشىپ چۈشمەيدۇ. ئەمما، يەرنىڭ ئۆزى بولسا بەك كۆپ نەرسىلەرگە باغلانغان. دېھقانلارنىڭ مېڭىسى ئاخىرقى ھېسابتا بەك كۆپ نەرسىلەرگە باغلىنىۋېتىلگەچكە، ئۇلاردا زامانغا لايىق جانلىق تەپەككۇرنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ بىلگەنلىرى ئۆزلىرى پائالىيەت قىلىدىغان يەرنىڭ كۆلىمىدىن كۆپ كىچىك بولۇپ چىقىدۇ. بارا-بارا ئۆزىنىڭ چورۇقىدىن باشقا ھېچنېمىنى كۆرمەس بوپقالىدۇ. مانا بۇ ھەقىقىي نامراتلىق. ئەمگەك كۈچىنىڭ مەنىسى ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنىڭ سەۋىيىسىگە قاراپ ئۆزگىرىدۇ. ئەمگەك كۈچى ياكى ئەمگەك مىقدارى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى دەپ قاراش، كىشىلەردىن بىلىم ۋە ساپا تەلەپ قىلىدىغان بۈگۈنكى دەۋردە ئاقماس بوپقالدى. دېھقان بىلەن ئېشەكنى ئالايلى، ئېشەك دېھقانغا قارىغاندا ئېغىر ئىشلارنى قىلىدۇ، بىراق ئۇ خوجايىنىدىن جىق گاداي ـ ئۇنىڭ ئۆز كۆچىدىن باشقا بىرەر مۈلكى يوق. مەلۇمكى،

## ئەسەر ۋە ھاسىلات

ئەمگەك ئەقىل بىلەن ئۇلۇڭ تاناسىپ بولمىسا يەنى ئەقىل بىلەن خاراكتېرلەنمىسە، ئۇ، ئەمگەك قىلغۇچى ئۈچۈن ئاھانەتلىك ئىش بولۇپ چىقىدۇ.

شەھەرلەردە ھەممە نەرسە بازارغا يۈزلەنگەن، ئىنساننىڭ ھاجىتىگە بېرىپ تاقىلىدىغان ھەرقانداق بىر شەيئىي مۇمكىنلا بولىدىغان دائىرىدە تاۋارغا ئايلانغان. مەسىلەن، سالام بېرىش، تەبەسسۇم قىلىش، ناماز چۈشۈرۈش، باغچىدىكى ياۋا ئوت (بۇلار ھېچ بولمىغاندا ئاشىق - مەشۇقلار ئۈچۈن پاناھلىق بېرەلەيدۇ)، ناخشا، سۆيۈپ قويۇش، كۆلۈپ قويۇش قاتارلىقلار بولسا ھاجەتلەرگە يېتىشتە ۋاستىلىك رول ئوينايدۇ. بىر ئادەمدە قانچىلىك ئالاھىدىلىك بولسا، مەيلى ئۇ جىسمانىي ئالاھىدىلىك، ئەقلىي ئالاھىدىلىك بولسۇن جان بېقىش ياكى يول تېپىشنىڭ دەسمايىسىگە ئايلاندى. ئاياللار شەھەر ھاياتىدىكى كۆزنى ئەڭ چاقنىتىدىغان ھەم ئەڭ كارغا كېلىدىغان ۋاستە بولدى. ئاياللار شۇنداق يارىتىلغانكەنكى، ئۇلار بىر قارىساڭ ئەمگەك كۈچى، بىر قارىساڭ زېمىنگە ئوخشاش ھوسۇل بەرگۈچى، بىر قارىساڭ كۆلۈپ بەرگۈچى، بىر قارىساڭ يىغلاپ بەرگۈچى، بىر قارىساڭ مېڭىپ بەرگۈچى، بىر قارىساڭ ئانا، بىر قارىساڭ لاۋا. . . ئاخىرقى ھېسابتا ئۇزۇل - كېسىل قۇربان بەرگۈچى. ئىشلاردا ناقابىل ئەرلەر ئاياللاردىكى ئىلاستىكىلىق ۋە مول ئىچكى دۇنيانى كوزىر قىلىپ، مەستۇ - مۇستەغرەق بولۇپ ياشىماقتا.

شەھەرلەردە ئىشقىۋازلىق تولا، مۇھەببەت ئاز، مۇھەببەت تاقەتسىز پۇل ۋەسۋەسىسى ۋە تاۋار تۇيغۇسى ئىچىدە يىگىلەپ كەتكەن. ئەرلەر گۈزەل ئاياللار ئارىسىدا تۇرۇپ ۋاپا تەشۋىشىدە، ئاياللار قاۋۇل ئەرلەر ئالدىدا تۇرۇپ باياۋان چاڭقاقلىقىدا. مانا بۇ شەھەر ھاياتى. كىشىلەر بىر - بىرىدىن تەسەللىي ئىزدەيدۇ، ئەمما تەسەللىي بېرىشتىكى ئىنسانچىلىق زەئىپلەشكەن. قارىغاندا، ئەنگلىيە شائىرى S. T ئېللىئوت كۆيلىگەن «باياۋان» بىزگىمۇ يېتىپ كەلگەندەك تۇرىدۇ.

«ئاياللارنىڭ گۈزەللىكى نېمىدە؟» دېگەن ماقالە قىزلاردىكى ئىپپەت ۋە ھاياغا غەرب ۋە شەرقتىن چىقىۋاتقان ئۇششۇك شاماللار ھە دەپ تېگىۋاتقان شارائىتتا چىققان ئاجىز بىر نىدا. تومۇرلىرى زامانىۋى ئىلىمگە دېگەندەك تولۇپ كېتەلمىگەن بۇنداق ئاۋازنىڭ ئاياللارنىڭ ئۆزىدىن چىقىشى ناھايىتى يوللۇق. ئاياللاردا ئۆز مەۋجۇدىيىتىنىڭ قىممىتى ۋە ئۆز گۈزەللىكىنىڭ قۇدرىتى ھەققىدە چوڭقۇر ئويلىنىدىغان ئەخلاق بولۇشى شەرت. ئۆز نۆۋىتىدە بۇ بىر خىل ئەخلاق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھوقۇقتۇر.

ئاياللاردىكى سۈزۈكلۈك ئەسلىدىكى مول ئىچكى دۇنيانىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىدۇر. ئۇلاردىكى نازاكەت، سۈلكەت، رومانتىكىنىڭ باي تۇيغۇ ئۆزگىرىشلىرى ئەرلەر ئۈچۈن مەڭگۈ ئاخىرلاشماس تېپىشماق سۈپىتىدە ھاياتنىڭ مەھلىيالىق بەلباغلىرىنى شەكىللەندۈرگەن. تارىخنى ۋاراقلىغاندا، ئاياللاردىن مۇتەپەككۇرلار ناھايىتى ئاز چىققان، لېكىن ئۇلار مۇتەپەككۇرلارنىڭ مەنىۋى ئانىسى. ئاياللار ئۆزلىرى بىۋاستە كىتاب يازمىغاندىمۇ، ئەرلەرنى كىتاب يېزىشقا مەجبۇر قىلالايدۇ. ئاياللارنىڭ نازۇك جىمجىتلىقى ھەر قانداق ئىدىيە سىستېمىسىدىن ئۈستۈن ھالدا ھاياتىي كۆچكە ئىگە. تۇرمۇشتا شۇنداق چاغلارمۇ بولىدۇ: ئىدىيىنىڭ تەسىرىدە ئۆزگەرمىگەن تومتۇۋاق يىگىتلەر ئاياللارنىڭ سېھرىي كۈچىدىن قايتىدىن ئادەم بولىدۇ. شېئىر ئوقۇپ تىترىمىگەن يۈرەكلەر قىزلارنى كۆرسە شام بولۇپ ئېرىيدۇ. روشەنكى، ئاياللارنىڭ گۈزەللىكىنى شەرت قىلمىغان ئىجادىيەت ئاز ئۇچرايدۇ، تارىخنىڭ ئاپتورلۇق ھوقۇقىنىڭ يوشۇرۇن ئىگىسى ئاياللاردىن ئىبارەتتۇر.

ئەپسۇس، ئاياللاردىكى بۇنداق كاتتا ھوقۇق ئۆلمەكتە، شۇڭلاشقا، ئۇلار ئەرلەرنىڭ ئالدىدا پاسسىپ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. ئۇلار ئەرلەرنى تۇتۇپ تۇرىدىغان قۇدرەتنى يۈزەكى ئىشرەت ئۈچۈن تاۋكاغا تاشلاپ، بىر-بىرلەپ ئۇتتۇرۇشماقتا. ئەرلەر قىلچە خىجىل بولمىغان ھالدا مۇشۇنداق تراگېدىيىلىك باسقۇچنىڭ شاھىدى بولۇشماقتا. ئەرلەر ئۆزىدىكى ئەقىل - ئىدراك ۋە ماددىي بايلىقنىڭ ھالال سەرپىياتى ئارقىلىق ئاياللارنىڭ ئۈستىدىكى ھەققى - ھۆرمىتىنى قوغدىشى لازىم بولمىسا، ئاخىرى بېرىپ ئۆزلىرىمۇ چۈشكۈنلىشىدۇ.

ئەرلەردىكى قاتتىق قوللۇق دېۋەڭلىك ۋە جاھىللىقتىن ئىبارەت بولۇپ قالماسلىقى، بەلكى ئۇ سوغۇققان ئەقىل - پاراسەتكە ۋە يىراقنى كۆرەرلىك ئۈستىگە قۇرۇلۇشى لازىم. مۇۋاپىق شارائىتتا قاتتىق قول بولالمىغان ئەرلەر ئۆز ئاياللىرىغا ماھىيەتلىك ھالدا مېھرىبان بولالمايدۇ. قاتتىق قوللۇق ھەرگىزمۇ ئاياللارغا يۈرگۈزۈلگەن دىكتاتورا ئەمەس، بەلكى تېگى ئالتۇن تاغ بولۇشى لازىم. تاغ سوغۇق ۋە سۈرلۈك بولىدۇ، بىراق باغلارنىڭ شېرىن مېۋىلىرى ئاشۇ تاغدىن كېلىدىغان ھاۋا ۋە سۇ بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئاتا دېگەن تاغ، ئانا دېگەن باغ.

بىر مىللەتنىڭ چۈشكۈنلۈكى ئاياللاردىكى ساياقلىقتا روشەن كۆرۈلىدۇ. بۇ يەنە ئەرلەردىكى قەيسەرلىكنىڭ بەربات بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئاياللار ھەققىدە قولىغا قەلەم ئېلىشقا جۈرئەت قىلغان ئاپتور بىرئاز قورۇنۇپ تۇرۇپ سۆزلىگەن بولسىمۇ، «مېھرابتىن چايان» رومانىدىكى رەنا، «لېيىغان بۇلاق» رومانىدىكى نەفسەگە ئوخشاش تىپىك ئوتتۇرا ئاسىياچە لاتاپەتنىڭ يوقۇلۇۋاتقانلىقىدىن كەلگەن كىرىزىسلىك تۇيغۇ مەلۇم مەنىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

شەھەر ئاساسەن دېگۈدەك ئىشخانىلاشقان

ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسى. ئۇ يەردە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مۇئەييەن سەۋىيىدە ماشىنىلىشىشى ئەر - ئايال ئوتتۇرىسىدىكى ئىش تەقسىماتىنىڭ جىنىس پەرقىنى ئازايتىشى ياكى يوقاتتى. بۇ، ئاياللارنىڭ تەشەببۇسكارلىقىنى ياراتتى. كىشىلەر شەھەر مەئىشەتلىرىگە ياتىدىغان بىلىملەرنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ ماھىيىتى ھەققىدىكى بىلىشلەردە توختاپ قالدى - دە، ئۆزلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىشتىن قىسىلدى. بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان خاراكتېر پۇچەكلىكى ئەر ۋە ئايال ئوتتۇرىسىدىكى تەڭلىمىنى توغرا يېشىشتىن مەھرۇم قىلدى. ئاخىرى مىللىي ئەخلاق قارىشىمىزغا زىت ھالەتلەر ئوتتۇرىغا چىققاندا، قاقشاش، تاپا قىلىش، دۇشكەلەش، گاڭگىراشتىن باشقا ئىنكاسلار بولمىدى.

شەھەرلەردە تىجارەت، سەھرالاردا قىيامەت؛ شەھەرلەردە زىياپەت، سەھرالاردا قانائەت. . . بۇ ھال خەلقىمىزدە گويا ئىككى تەبىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. يېزا ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ۋە ئەقىدىنىڭ ئاجىز مىراسخورى، شەھەر رەڭدار ئەجنەبىي مەدەنىيەتنىڭ ئەسەبىي ئىخلاسمەنى؛ يېزىدا يارىتىش، شەھەردە خورىتىش. . . ۋەھاكازالار.

خۇددى فرانسوز جەمئىيەتشۇناسى ئېمىل ۋۇركېم (Emile Durkhem) ئېيتقاندەك: «شەرت - شارائىت ئۆزگەرسە، ئەخلاقمۇ ئۆزگىرىدۇ». ئىقتىسادقا يۈرۈش قىلىش ئارقىسىدا كېلىپ چىققان ئىجتىمائىي ئېقىن ئۆز ۋادىلىرىدا يېڭى دەل - دەرەخلەرنى ئاپىرىدە قىلىپ، ئەخلاق گۈللىرىنى قويۇق سايىلەرگە كۆمۈپ تاشلىدى. ئەخلاق مەسىلىسى ئۈستىدىكى ئويلىنىشلار ۋە ئىزدىنىشلەر بىۋاسىتە ئىقتىسادىي نەپ ئەكەلمىگەچكە، ھەر قايسى گورۇھلار ۋە ئورگانلارنىڭ دىققەت سىرتىدا قالدى. ئۇ پەقەت تار مەكتەپ ئۆيلىرىدىكى ئېھتىياتچان پېداگوكلارنىڭ يۈرەكنى تىلىدىغان تېمىسى بوپقالدى. ۋەھالەنكى، ئەخلاقمۇ ئىقتىساد مەسىلىلىرىگە ياتىدىغان مۇھىم ئامىل. ئىقتىساد ھەققىدە نەچچە پارچە يىرىك ئەسەر يازغان ئادام سىمىت يەنە ئەخلاق مەسىلىلىرى ۋە كىشىلەردىكى سەنئەت ھەم تۇرمۇشقا ياتىدىغان نازۇك ھېسسىياتلار ھەققىدىمۇ باش قاتۇرغان. جەمئىيەت ئەزالىرى جەمئىيەتتىن ئىبارەت شاھمات تاختىسىدا ئەركىن يۆتكىلەلەيدىغان ۋە قائىدە تەلىپى بويىچە رول ئوينىيالايدىغان ئورۇقچە بولالىغاندا، ئەخلاقىي مەسئۇلىيەت ئۈستىدە مۇستەقىل ئويلىنىشنىڭ شارائىتى ھازىرلانغان بولىدۇ. شۇ چاغدىلا ئەخلاق ماددىي تەرەققىياتنىڭ يۆنىلىشىگە تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. ئەسلىدە ئەخلاقىي ۋە ئەقلىي ساپا ماددىي تەرەققىياتتىن كۆپ ئىلگىرى مېڭىشى كېرەك. شۇ چاغدىلا ئۇ ماددىي تەرەققىيات كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان تۈرلۈك مەسىلىلەرگە ئالدىنئالا دىئاگنوز قويالايدۇ ۋە كىشىلەرگە ئاگاھ بولۇشقا تېگىشلىك ئىشلاردىن بىشارەت بېرەلەيدۇ. «ئىجتىمائىي پەن» نى ناۋادا پەن دەپ نەزەرگە ئېلىشقا توغرا كەلسە، ئۇ، ماددىي تەرەققىياتنىڭ ئۆز مەنتىقىسى بەلگىلىگەن كەمتۈكلۈك ئىچىدە ھەرىكەت قىلىپ، مۇناسىپ فونكسىيىسىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك بولىدۇ. ھازىر جەمئىيىتىمىزدە قارىماققا، ئىجتىمائىي پەن خادىملىرى كۆپتەك تۇرسىمۇ، ئىجتىمائىي پەنگە ئالاقىدار كىتاب - ژۇرناللار كۆپتەك قىلىنسىمۇ، رېئاللىقنىڭ تەلىپى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ماھىيەتلىك كۈچكە ئىگە ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىناۋىتىمۇ زور ئەمەس. ئىجتىمائىي پەننىڭ ئىناۋىتى چىنلىقىنىڭ ئۆزىگە خاس ساھەسىگە قايتىپ كېلىشتە.

بىزدە ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ۋە ئائىلە مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشقا قادىر بولالمايۋاتقان، كۈندىلىك ئەقلىي مەشغۇلاتى جان بېقىش چەمبىرىكىدىن چىقىپ كېتەلمەيۋاتقان زىيالىيلار تالاي. ئۇلارنىڭ ئائىلىدىكى رولىدىن خوتۇنى بىلەن بالىلىرىمۇ رازى ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئىدارىدىكى رولىدىن قول ئاستىدىكى خادىملارمۇ رازى ئەمەس. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇلاردىن چوڭ ئىجتىمائىي كرىزىسلەرنى ھەل قىلىشنى كۈتۈش شەيتاندىن ئىمان تەلەپ قىلغانلىق بىلەن باراۋەر.

جەمئىيەتتىكى ئوقۇشسىز قېلىۋاتقان بالىلار ۋە نامراتلىق تۈپەيلى يىراق سەھرالاردىن كېلىپ بالا باققۇچى («باۋمۇ») بولۇۋاتقان نارەسىدە قىزلار ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، يۇقىرىقىدەك چوڭ ئىجتىمائىي سەۋەبلەرنىڭ قۇربانلىرى.

بالىلارنى مۇھەببەتتىن مەھرۇم قالدۇرۇش كەلگۈسىدىكى جىنايەتكە يول سېلىشتۇر. بالىلارنى ئوقۇشتىن مەھرۇم قالدۇرۇش - غورۇرلۇق بەختىنىڭ سەكراتقا چۈشۈشىدۇر. شۇنى ئەسكەرتىپ قويۇش كېرەككى، تەربىيە ھەرگىزمۇ مەكتەپ بىلەن چەكلەنمەيدۇ. كىشىلەردىكى ئىنساب، دىيانەت، خەير - ساخاۋەت، جاسارەت، مۇھەببەت قاتارلىق مەنىۋى كۆرۈنۈشلەر دەل بالىلارنىڭ خاراكتېرىگە ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرۇدىغان تىرىك مەكتەپلەردۇر.

نېمە قىلىش كېرەك؟ بۇنىڭغا كارل ماركس مۇنداق جاۋاب بەرگەنىكەن: «ھۆكۈمالار دۇنيانى ھەرخىل چۈشەندۈرۈپ كەلدى، گەپ قانداق ئۆزگەرتىشتە».

ئولتۇرۇۋېلىپ پىكىر قىلىدىغانلار مېڭىپ تۇرۇپ پىكىر قىلىدىغانلاردىن زىيادە كۆپىيىپ كەتتى.

---

ئاپتور: شىنجاڭ ماارىپ ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى (M1)

## ئەدىبلەر مۇنبىرى



# شېئىر شائىرنى يازىدۇ، شائىرنىڭ ھەيكىلى ئۆز شېئىرلىرى بىلەن تىكلىنىدۇ

— شائىر روزى سايىت بىلەن سۆھبەت

**ئابدۇقادىر ھاشىم**

**ئابدۇقادىر ھاشىم:** ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم مۆھتەرەم روزى سايىت ئاكا، ئەل قەلبىدىكى سۆيۈملۈك شائىرىمىز بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن خېلىدىن بېرى سىزگە غايىۋى ھۆرمەت، ئىخلاس قىلىپ كەلدىم. بۈگۈن دىدارى مۇلاقەت بولۇپ، ئۆزۈم قىزىققان تېمىلاردا پاراڭلاشقۇم كەلدى. ۋاقتىڭىز چىقارمۇ؟

## چىن يۈرەكتىن چىن سۆز

**روزى سايىت:** ئاتايىن يوقلاپ كەلگىنىڭىز ئۈچۈن رەھمەت، ئۇكام. بىزدە: «بىر كۆرۈشكەن تونۇش، ئىككى كۆرۈشكەن دوست» دەيدىغان گەپ بار. كۆرۈشتۇق — تونۇشۇپ قالدۇق، خۇدا خالىسا دوستمۇ بوپقالىمىز تېخى. سىز قانداق تېمىلارغا قىزىقىدىغان بولغىيتتىڭىز؟ ئەگەر ئۇ ئەدەبىيات — يېزىقچىلىق ئىشلىرىغا دائىر بولسا، مۇھىمى سىزنىڭ قىزىقىدىغىنىڭىز مېنىڭ قىزىقىشىم دائىرىسىدە بولسا پاراڭلاشمايدىغان نېمىسى بار؟ ئۈنىڭسىزمۇ سىز-بىزنىڭ كۆڭلىرىمىز ئەھمىيەتسىز پاراڭلار ئىچىدە ئۆتۈپ كېتىۋاتامدۇ؟

پۇرسەت مەسلىسىگە كەلسەك، نۇرغۇن دەملىرىمىز،

www.uyghurkitap.com

ئەھمىيەتلىك پۇرسەتلىرىمىز بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكەن ئادەملەرمىز. ئۆمۈرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى دوستانە سۆھبەت پۇرسەتلىرىگە ۋاقىت ئاجرىتىش، رېستورانلاردىكى پۇل خەجلەپ ئەقىل خورىتىشقا، زامان سەپەتلىرىگە قۇلاق بېرىپ مۈگدەپ سائەت توشقۇزۇشقا، ئاللىكىملەرنىڭ غەيۋىتىگە تىل ئۇچلاپ ھەسەتخورلۇق، قىزىلكۆزلۈك بىلەن ئېغىز ئۇپرىتىشقا زايە كېتىدىغان «پۇرسەتلەر» دىن ياخشى ئەمەسمۇ؟

**ئابدۇقادىر ھاشىم:** ياشلىقىڭىزنىڭ بىر مەزگىلى دېھقانچىلىق بىلەن ئۆتۈپتىكەن. ئوتتۇرا ياشقا كىرگەندە ئوقۇتقۇچى ۋە مۇھەررىر بوپسىز، ئەمدىلىكتە تونۇلغان شائىر ئاتالدىڭىز. دېھقاندىن شائىرلىققىچە قانداق ئۆتۈشۈش جەريانلىرى بولغان؟

**روزى سايىت:** راست ئېيتىسىز. ياشلىق مەزگىلىم ئاتالمىش «ئۈچ قىزىل بايراق»① ئاسارىتىدىكى يىللاردا، تەكلىماكاننىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان بوز-بىنەم ئېچىش مەيدانلىرىدا، ئۆستەڭ چېپىش، سۇ ئامبىرى ياساش، توز-تەكشى يەرلەرنى بۇزۇپ داجىيجە پەلەمپەي ئېتىزلارنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن كېچە-كېچىلەپ ئۆيگە قايتقۇزۇلمايدىغان ئەمگەك مەيدانلىرىدا؛ يىل بويى بۇغداي، قوناق تېرىپ، خامان چەشلەپ تۇرۇپمۇ تويغىدەك بىر ۋاق تاماققا، كېۋەز ئۆستۈرۈپ، پاختا تېرىپ تۇرۇپمۇ ئىسسىقراق بىرەر قۇر كىيىمگە، تومۇزنىڭ پىژغىرىم ئاپتىپىدا، قىشنىڭ قار-مۇزلۇق جۇدۇنلىرىدا ئارامسىز ئىشلەپ تالجىقىپمۇ تۆت تەڭگە مېھنەت ئەجرىگە ئېرىشەلمەي ئۆتكەن. مەن سىزگە تېخىمۇ ئېنىقراق دېسەم، ياشلىقىم« ئەتىرەت باشلىقى ئۇيغاتمىسا، بىر كېچە قېنىپ ئۇخلىۋالسام، ئاشپەزنىڭ رەھمى كېلىپ ئۇماچ پىشۇرغان داشقازاننىڭ بىر قېتىملىق قىرمىقىنى قىرىش نۆۋىتىنى ماڭا بەرسە، قازان تېگىدىكى قوتۇرماچلار بىلەن نەپسىمنىڭ ئاچ يېرىنى بىرتويدۇرۇۋالسام. . . » دىن ئىبارەت ئاشۇ كىچىككىنە ئىككى تەلەپنىڭ ھېچقايسىسىغا يېتەلمەي ئۆتۈپ كەتكەن. . .

بىر تەقدىرى پۇرسەتنىڭ ئىلكىدە «ئىشچى، دېھقان، ئەسكەر ئوقۇغۇچى» سالاھىيىتى بىلەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بوپقالدىم. كېيىن ئوقۇتقۇچى، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىدا مۇھەررىر بولدۇم. 1973-يىلى سىنتەبىردە«قەشقەر گېزىتى»گە بېسىلغان «دېھقانمۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولدى» ناملىق غەزىلىم بىلەن مەتبۇئاتقا كىرىپ كەلگىنىمنى ھېسابلىغاندا 27 يىل شېئىر يازغان ئوخشايمەن. ھەرقايسى نەشرىياتلاردا ئونپارچە شېئىر-داستانلار توپلىمىم نەشر قىلىندى. مۇشۇنىڭغا قارىغاندا، سىز دېگەندەك «شائىر» بوپقالغاندەكمۇ قىلىمەن. ئەمما، خەلق مېنى شائىر دەمدۇ، شائىرلار قاتارىغا تىزىپ ئېتىراپ قىلامدۇ-يوق، بۇ باشقا بىر مەسىلە، ئەلۋەتتە. شائىرلىق دەۋا-دەستۇر بىلەن تالىشىپ ئېرىشكىلى بولىدىغان ئۇنۋان ئەمەس، خىزمەت ستاژىنى پەش قىلىپ ئۆستۈرگىلى بولىدىغان مائاش دەرىجىسىمۇ ئەمەس، دەستە-دەستە شېئىرىي ئورىگىناللارنى پەش قىلىپ، توم-توم توپلەنمىلەرنى ئىسپات قىلىپ ھۆرمەت- نوپۇز تەختىگە چىقىۋالىدىغان پايە-پەشتاق ئەمەس. شائىرلىق زامان ئەگلىكىنىڭ تاسقاقلىرىدا، خەلق رايىنىڭ مۆتلەقلىقىدە، سايلامسىز «سايلام» ئارقىلىق ئۆز ئورنىنى تاپىدۇ. ئەگەر بىر كۈنلەردە : «بىزنىڭ مۇشۇنداق بىر شائىرىمىز ياشاپ ئۆتكەن» دەپ ئەسلەشكە مۇشەررەپ بولالىسام، ئۇ مېنىڭ بەختىم. مەن بۇنىڭدىن ئۈمىدۋار!

«دېھقاندىن شائىرغىچە ئۆتۈشۈش جەريانى»غا كەلسەك، مەن بۇرۇن دېھقان ـ «كوممۇنا ئەزاسى» ئىدىم. ھېلىھەم دېھقانمەن. تاھازىرغىچە ھۆكۈمەتنىڭ ئائىلىلىكلەر بىنالىرىدا ئولتۇرۇپ باققان بەندە ئەمەسمەن. ئەتىگەندىن كەچكىچە ئۇچرىشىدىغىنىم ،سالام-سەھەت قىلىشىدىغىنىم دېھقان قەۋمى. شۇڭا، ئىش ئورنۇمدا ئۆزگىرىش بولغىنى بىلەن باشقا تەرەپلەرنىڭ ھەممىسىدە يەنىلا دېھقانچە ياشاش مۇھىتىدىن ئايرىلمىغاچقا، ھېسسىياتىم دېھقانلاردىن يىراقلىشىپ باقمىدى. ھېلىھەم قەلەم بىلەن دېھقانچىلىق، نەزم بىلەن تېرىقچىلىق قىلىۋاتىمەن. ئەگەر بۇنى «ئۆتۈشۈش» دېگىلى بولسا، خۇددى ئاشىق بىلەن مەشۇق بىر-بىرىنىڭ قولىنى تۇتۇشقاندا ئىككى ۋۇجۇدتىن ئۆزئارا ئۆتۈشكەن ھارارەتلىك سېزىمنىڭ يۈرەكتە ھاسىل قىلغان سەزگۈسى مېنىڭ دېھقاندىن شائىر بولغىچە ئارىلىقتىكى ئۆتۈشۈش جەريانىم ھېسابلىنىدۇ. شېئىر يېزىش ئۈچۈنلا «شائىر»لىق قىلىدىغان ياكى «شائىر»لىق كويىدا شېئىر يازىدىغانلار بۇ خىل «ئۆتۈشۈش»تىن يىراقتىن بىخەۋەر.

**ئابدۇقادىر ھاشىم:** ئىجادىيەت بىلەن تۇرمۇشنىڭ مۇناسىۋىتىگە قانداق قارايسىز؟

**روزى سايىت:** بىز ئىجادىيەتنى تۇرمۇشنىڭ ھاسىلاتىمۇ دەپ باقتۇق، قايتا پىششىقلاپ ئىشلەش جەريانىمۇ دەپ باقتۇق. ئۇنى خاماندىكى چەشلەنگەن دانغا ئوخشىتىپمۇ كۆردۇق. قانداق دېمەيلى، نېمىگە ئوخشاتمايلى ،ئىجادىيەت ئەجرىنىڭ مېۋىسى ئىكەنلىكى پاكىت. دەرەخكە يارىشا مېۋە، يېرىگە چۇشلۇق ھوسۇل، دان، ئىجاد قىلغۇچىسىغا قاراپ ئىجادىيەت بولىدۇ. قالاق ئۇسكۈنە بىلەن قۇراشتۇرۇلغان زاۋۇت، تېخنىكا يېڭىلانمىغان كونا ئەندىزىلىك كارخانا ئىشلەپچىقارغان ماللارنىڭ سۈپەت، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى توغرىسىدىكى ۋايساشلارنى تېلېۋىزىيە ئېكرانى ئارقىلىق كۆرۈپ، ئاڭلاپ تۇرۇۋاتمايمىزمۇ؟

بىزنىڭ ھايات رېتىممىز، ئۆمۈر كەچمىشىمىزنىڭ ئۆزى تۇرمۇش. ئۇنى يىراقتا دېسىڭىز چېگرا سىرتىدا، ئالەمنىڭ ئۇ چېتىدە، يېقىن دېسىڭىز تۇرمۇش ئۆزىڭىزدە، ئائىلىڭىزدە، ئەتراپىڭىزدا! . . . ئىجادىيەت بىلەن تۇرمۇشنىڭ مۇناسىۋىتى ھەم يېقىن، ھەم يىراق. يېزىقچىلىق نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلغاندا ،تۇرمۇشنى ئادەمگە خاس بايقاش بىلەن دەڭسەپ، ئىجادىيەت خادىمىنىڭ ۋىجدانى بىلەن كۆزىتىپ، رېئاللىقنى ئەينەن، سەممىي، تىل چاينىماي تۇرۇپ تەسۋىرلەشكە جۈرئەت قىلالىغانلارغا تۇرمۇش تولىمۇ يېقىن. ئەكسىچە، قەلەم «سانىماي تۇرۇپ سەككىز» دەپ لاپ ئۇرسا، خەق تەكشۈرمەي تۇرۇپ مەمنۇنلۇقتا باش لىڭشىتسا، ئىجادىيەتچى ئۆيىدىن چىقماي تۇرۇپ «قاپچۇقلاردا زەر تىللا، كىيىگىنىمىز ئەتلەس، كىيىم پۈتۈن، قورساق توق، نامرات بىزدىن بەيتىللا» دەپ مۇبالىغە قىلسا، ناخشىچىلىرىمىز ئانسامبىل تىكتۇرۇپ بەرگەن ئۆتنە كىيىمگە پۈركىنىپ سەھنىگە چىقىپ«دېھقان ئاكام باي بولدى، قازان-چۆمۈچى ماي بولدى، ئىچىشى قەنت چاي بولدى، چىھرى نۇرلۇق ئاي بولدى» دەپ يالغان ھىجىيىپ غىلجىڭلاۋاتقاندا، دېھقانلىرىمىز تۇرمۇشىدىن زارلىنىپ: « ھالىمىز خاراب بولدى، باغرىمىز كاۋاپ بولدى، دەردىمىز يامان بولدى، رەڭگىمىز سامان بولدى» دەپ نادامەت چەكسە، بۇ ھالدا ئىجادىيەت

① كۆپ، تېز، ياخشى، تېجەشلىك بىلەن سوتسىيالىزم قۇرۇش يولى ـ لۇشيەنى، خەلق كوممۇنىسى، چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەشتىن ئىبارەت ئۈچ سول شوئار «ئۈچ قىزىل بايراق» دەپ ئاتىلاتتى.

بىلەن تۇرمۇشنىڭ مۇناسىۋىتىدىن سۆز ئېچىش بىھۇدە ئاۋارىگەرچىلىك بولىدۇ، ئىجادىيەت بىلەن تۇرمۇش رېئاللىقىنىڭ ئارىسىمۇ بارغانسېرى يىراقلىشىپ كېتىدۇ.

بىز گېزىت-ژۇرنال سەھىپىلىرىدىن ، نوپۇز ئىگىلىرى لەۋزىدىن ئىجادىيەتچىلەر تۇرمۇش قاينىمىغا چۆكۈشى، تۇرمۇش ئۆگىنىشى لازىم، دېگەن چاقىرىقلارنى دائىم ئاڭلاپ تۇرىمىز. مەن« چۆكۈش بىلەن ئۆگىنىش» ئوردا-قەسىرلەردىن باشلانسىدى، دەپ ئارزۇ قىلىمەن. ئۇلار نەزىرىنى كەڭلىكلەرگە تىكسە، بوسۇغىلىرىدىن ئاتلاپ، ئالىي دەرىجىلىك پىكاپلىرىدىن چۈشۈپ، خەلق تۇرمۇشىنى بىرەپ، كۆپتۈرۈپ دوكلات قىلىشقىلا باپ كېلىدىغان يىغىنە مەجلىسخانىلاردىن مېھر ئۈزۈپ، ئاۋام-پۇقرا ئارىسىغا بىرىپ بىۋاستە كۆزدىن كەچۈرسە، بۇنىڭ ئۈنۈمى قانچە چوڭ بولار ئىدى؟ «چۆكۈش، ئۆگىنىش» چاقىرىقلا قىلىپ، ئەمما ئۆزى ئەمەل قىلمىغۇچىلارنى خورۇم قاپلىق كرېسلولىرىدىن قىسقا مۇددەتلىك بولسىمۇ يۇلۇپ ئالالىسا، ئۇلارنى يېزا-قىشلاقلارغا، زاۋۇت-كانلارغا، سودا-تىجارەت بازارلىرىدىكى ئېلىم-سېتىم جانلىنىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ زاڭاق يۈلەپ مۆگدەۋاتقانلار ئارىسىغا، ئاي ئاتلاپ كەتكەن تۇرۇقلۇق مائاشىنى قاچان بېرىشنى بىلەلمەي موھتاجلىق تارتىۋاتقانلار قېشىغا باشلاپ بارالىسا، ئۇلار بىلەن ئارىلىشىش، ھال-مۇڭىنى تىڭشاش مۇمكىنچىلىكىنى بېرەلىسە، بۇنىڭ ئەمەلىي پايدىسى قانچە چوڭ بولار ئىدى؟

ئىجادىيەتچىنىڭ تۇرمۇش ئۆگىنىش، تۇرمۇشقا چۆكۈش مۇددىئاسى ئۆز ئىجادىيىتىگە مەنبە - خورۇچ تېپىش، ئاشۇ مەنبە - خورۇچ ئاساسىدا رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈش. ئادەم ناتونۇش يولدا ئاسانلا ئېزىقىپ قالىدۇ. ئۆزىگە تونۇشلۇقى بولمىغان تۇرمۇشنى تەسۋىرلەيمەن، دېگەن قەلەمكەش خۇددى ناتونۇش يولدىن مېڭىپ ئېزىقىپ قالغان يولۇچىغا ئوخشايدۇ. تۇرمۇش ھاسىلاتلىرىغا باي ئەدىبتىن ئەل كۆڭلىگە ماقۇل كېلىدىغان ئەسەر چىقىدۇ. سوئالىڭىزغا جاۋاب بېرىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ دەۋالايكى، تۇرمۇش ئەمەلىيىتى شائىرنىڭ تەجرىبە دۇنياسىنىڭ كېڭىيىپ بېرىشىدۇر. شائىرلىق دەۋاسىدا بولغان كىشى تۇرمۇش ئەمەلىيىتىنى ئىجادىيەت مەنبەسى قىلىپ، ھەربىر كۈنىنى كىشىلەر دۇچ كېلىۋاتقان قايغۇ، خۇشاللىق، دەرد-ئازاب، كۈلكە-شادلىق، مۇھەببەت-نەپرەت، غەم-ئەندىشە، زېرىكىش، بىزارلىق ۋە ھاياجان-ئەندىكىشلەر ئىچىدە ئۆتكۈزەلىسە، ھېسسىياتىنى تۇرمۇش خېمىرتۇرۇچى بىلەن ئېچىتسا، يېتىلدۈرسە، ئاندىن يۈرىكىنىڭ ئىچكى-تەگ قاتلاملىرىدىن تەشنالار چاڭقاقلىقىنى قاندۇرالايدىغان شەربەت بۇلاقلىرىنى ئوخچىتالايدۇ! «دېھقان بولماق تەس» نامى بىلەن تاملانغان ئاشۇ بىر گۇرۇپپا شېئىرلىرىمنىڭ تا ھازىرغىچە تەڭرىتېغىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدا ئەل نەزىرىدىن قالماي ھاياجان پەيدا قىلالىشى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ.

**ئابدۇقادىر ھاشىم:** ئاڭلىسام باشقىلار سىزنى: «قوشاقچى» دەپ ئاتىغانىكەن، ئۆزىڭىزمۇ: «مەن-روزى قوشاق» دەپ ئىككىلەنمەي ئېتىراپ قىلدىڭىز. مۇشۇ ھەقتە سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز؟

**روزى سايىت:** باشقىلارنىڭ مېنى: «روزى قوشاق» دېگىنىمۇ، ئۆزۈمنىڭ «قوشاق تەلەپپۇزلۇق» قەلەمكەشلىكىمنى ئىقرار قىلىپ كەلگىنىممۇ راست. «ئىككىلەنمەي» دېگەن ئىبارىنى ئىشلەتكىنىڭىزدىن قارىغاندا، سىزمۇ: « شېئىر قوشاقتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، قوشاقچى - شائىرلىق شەرتىنى ھازىرلىمىغۇچى» دەپ قارايدىغان ئوخشىمامسىز؟

بىلەمسىزكىن، تۈركىي تىللىق قەۋملەر ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتىلغان شېئىرلارنى «قوشۇغ» دەيدۇ. خەلق - ئەل ئىجادىيىتى ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئانىسى.

قوشاق شەكلى بۈيۈك تىل ئۇستىسى مەھمۇد كاشغەرىي قەلىمى بىلەن مىڭ يىللار مۇقەددەم خاتىرىگە ئېلىنغان. ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەپەككۇرى ئاشۇ خەلق ھېكمەتلىرىنى ئۆز داستانىغا سىڭدۈرگەن. كلاسسىكلاردىن موللا بىلال قوشاق شەكلىنى يازما ئەدەبىياتقا ئېلىپ كىرگەن. ئۇنىڭ يازمىلىرىدىكى خېلى بىر قىسىم قوشاقلار ئەل ئىچىگە ناخشا سۈپىتىدە تارقىلىپ زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن. ئىسيانكار شائىر شامەشرەپ (بابارەھىم مەشرەپ) خوتەنگە كەلگەندە ئېيتقان: « قارا-قارا قاشلارىڭغا قاتىلاڭچۇ مېنى، قارا قاشىنىڭ بازارىدا ساتىلاڭچۇ مېنى، قارا قاشىنىڭ بازارىدا ئالمىسا مېنى، كىرپىكىڭنى ئوقيا قىلىپ ئاتىلاڭچۇ مېنى» دېگەن ناخشا ھازىرمۇ مۇقام-سەنئەتلىرىمىزدە ، سورۇن-بەزمىلىرىمىزدە جاراڭلىماقتا. . . پاكىت شۇنداق، قوشاق شېئىردىن تۆۋەن تۇرامدىكەن؟ «قوشاقچى - شائىرلىق شەرتىنى ھازىرلىمىغۇچى» مىكەن؟ . . . مەن «روزى قوشاق» نامىنى تۇنجى قېتىم ئۇستاز يازغۇچى، مەرھۇم زۇنۇن قادىرىينىڭ لەۋزى مۇبارەكلىرىدىن قوبۇل قىلغانىدىم. ئۇ زات: «گاداي، سېنىڭ تىلىڭ يەڭگىل ئىكەن، بايام ئوقۇپ بەرگەن بىر كۇبلىت رۇبائىيىڭ قوشاقنىڭ ئۆزىلا بوپتۇ. قوشاق ياخشى نەرسە، بىزنىڭ تېيىپجان قارىيمۇ شېئىرلىرىنى قوشاقچىلاپ يازىدۇ. . . مەن سېنى بۇنىڭدىن كېيىن(گاداي ) دېمەي، روزى قوشاق، دېسەم بولغىدەك. . . » دېگەنىدى. ئۇ پېشۋايىمىزنىڭ سۆزىنى بىر ئېپى كەلگەندە تېيىپجاز ئېلىيوفقا تەكرارلاپ بەرگىنىمدە ،كۈلۈپ كېتىپ: «بوۋاي شۇنداق دېدىمۇ، دەپ باقە، خەلق قوشاقلىرىدىن قانچىلىكىنى يادقا بىلىسەن؟ » دەپ سورىدى. 200 - 300 كۇبلىتقا يېتەرمىكىن، دېۋىدىم، ئۆزىنىڭ مىڭ كۇبلىتتىن ئارتۇق قوشاق بىلىدىغانلىقىنى، مېنىڭمۇ ئاشۇنچىلىك خەلق قوشىقى يادلىغىنىمدا ئاندىن«روزى قوشاق» نامىغا لايىقلىشالايدىغانلىقىمنى، ھازىرچە«گاداي - قوشاق گادىيى» ئىكەنلىكىمنى ئېيتىپ چاقچاق قىلغانىدى. كېيىن بۇ گەپلەر ئېغىزدىن قۇلاققا يۆتكىلىپ نامىم«روزى قوشاق» بولدى. بۇنام ماڭا بىر ئۇنۋان، لەقەم سۈپىتىدە ئاشۇ ئۇلۇغ زاتتىن تەقدىم قىلىنغان بولغاچقا، ئۆزۈمگىمۇ خۇش ئاڭلىنىدىغان بولدى. . .

**ئابدۇقادىر ھاشىم:** مەتبۇئاتچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپتىكەنسىز، ھازىرقى مەتبۇئاتچىلىقىمىزدا قەغەز ئىسراپچىلىقى بار، دەپ قارىمامسىز؟

**روزى سايىت:** يوغسۇ، مەن ئۇنداق قارىمايمەن. ھازىرقى مەتبۇئاتچىلىقىمىزدا قەغەز ئىسراپچىلىقى ئەمەس، بەلكى قەغەز قىممەتچىلىكى ، قەغەز قەھەتچىلىكى مەۋجۇد. ئەگەر ھەقىقىي ئىسراپچىلىقنى كۆرمەكچى بولسىڭىز، يۇقىرىدىن خۇددى قاردەك لەپىلدەپ يېغىۋاتقان، گويا سەلدەك يامراپ ئېقىۋاتقان، مۇقامى شۇنچە چىڭلىقىغا قارىماي ئىجراسى بولمايۋاتقان«نىزام» ، «بەلگىلىمە» ، «ئۇقتۇرۇش» . . . لارغا نەزىرىڭىزنى ئاغدۇرۇپ كۆرۈڭ: قەلەم ھەققى ھەر مىڭ خېتىگە30-100يۈەنگىچە تارقىتىلىدۇ، نەشرىيات - مەتبۇئاتلارغا ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەر15كۈندىن ئۈچ ئايغىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، ئاپتورلۇق ھوقۇقى، نەشر ھوقۇقى، ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقى كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدۇ. . . يۇقىرىقىلار مەركەزدىكى چوڭ-چوڭ

www.uyghurkitap.com

مەھكىمىلەردىن ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يوغان-يوغان باشقۇرغۇچى تارماقلاردىن قىزىلباشلىق ھۆججەت، ھەتتا نىزام، قانۇن شەكلى بىلەن ئاشۇ سىز دەۋاتقان ئىسراپى قەغەزلەرگە شۇنچە ئېنىق ۋە شۇنچە رەتلىك قىلىپ بېسىلغان. نەتىجىسىگە قاراپ بېقىڭ: ئىجادىي ئەسەرلەرگە مىڭ خەت بېرىلىكىدە 12 ـ 18يۈەن. : . رادىئو ئىستانسىلىرى لېنتىغا ئېلىپ نەچچە-نەچچە يىللاپ ئاڭلىتىۋاتقان تېكىستلەرگە مىڭ خەت بېرلىكىدە 10يۈەن، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى سۈرەتكە ئېلىپ ناخشا چولپانلىرىنىڭ ئاغزى ئارقىلىق «نەشر» قىلىنىۋاتقان تېكىستلەرگە ھېچنېمە. . . نەچچە ئون مىڭ تىراژدا سېتىلىۋاتقان ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىگە كىرگۈزۈلۈپ، تەكرار-تەكرار بېسىلىپ سېتىلىۋاتقان ئوقۇشلۇقلارغا بېرىلگەن ھېكايە، شېئىر، نەسرلەرگە ھېچنېمە. . . پلاستىنكا، قاپلىق ئۈنئالغۇ لېنتىلىرىنى ئىشلىگۈچىلەر ئاپتوردىن سورىمايلا ئىشلىتىۋاتقان تېكىستلەرگە ھېچنېمە. . ھېچنېمە، ھېچنېمە! . . .

شۇنچىلىك دېسەم، قەغەز ئىسراپچىلىقىنىڭ نەدىن كېلىۋاتقانلىقىنى پەھىم قىلالايسىز، ھەقىچان.

**ئابدۇقادىر ھاشىم:** تېيىپجان ئېلىيوف، ئابدۇكېرىم خوجا، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر قاتارىدىكى ئالدىنقى بىر ئەۋلاد ئۇستازلار بىلەن زامانداشلىقىڭىز ۋە بىۋاستە ئەسرارلىقىڭىز بار. سىز ئۇلارغا قانداق قارايسىز؟

**روزى سايىت:** بۇ «سورىقىڭىز» غا جاۋاب بېرىش ئانچە ئاسان ئەمەستەك قىلىدۇ. سىز ماڭا ئۇلارنىڭ ئەخلاق-پەزىلىتى ھەققىدە پىكىر بايان قىلغۇزماقچىمۇ؟ تارتقان دەرد ـ دىشۋارىدىن ھېكايە ئېيتقۇزماقچىمۇ؟ ئېرىشكىنىدىن ئېرىشىشكە تېگىشلىكى كەم بوپقالغان ئەتۇر قىسمىتىنى ئەسلەپ بەر، دېمەكچىمۇ؟ . . . بىر ئېغىز گەپ: ئۇلارنىڭ ھاياتى ئەسلىدە ئاجايىپ گۈزەل يېزىلغان كىتاب بولۇشى كېرەك ئىدى، ئەپسۇس، قارىغۇ يىللار بۇ نادىر «كىتاب» بەتلىرىنى قالايمىقان، ئېتىبارسىز تۈپلەپ قويدى! قاباھەتلىك يىللار بۇ مۆتىۋەر «كىتاب» نى ئەتۇر تۇتۇپ، ساۋاتسىز نەزىرى بىلەن ئوقىدى!

ئۇلار تەكرارلانماس شائىر، يازغۇچىلىرىمىز ئىدى. ئەپسۇس، ئۇلار قابىلىيىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرالمايلا پانىيدىن باقىيغا رەھلەت قىلدى. ھاياتلىقىدا، قىرانلىقىدا يازىدىغىنىنى يازالمىغانىنىڭ ئۈستىگە تۆھمەتلەر ئۇلارنى خالىغىنىچە يازدى! تېيىپجان ئېلىيوفتىن قالغىنى «تۇگىمەس ناخشا» ، ئابدۇكېرىم خوجىدىن قالغىنى «ھەيكەل» ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈردىن قالغىنى «ئىز» ـ پەقەت شۇلا بولدى (مەن ئۇلارنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتى توغرىلىقلا سۆزلەۋاتىمەن).. ئۇلار تېپىلغۇسىز تىل ئۇستىلىرى ئىدى. بۇ ئۈچ تىل ئۇستىسى شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئالتۇن ھارۋىسىنى سۆرەپ ئالغا چاپقان ئۈچ تۇلپارغا تولىمۇ ئوخشايتتى. ئۇلارنىڭ قەلىمىدىن يارقىن نۇرلارمۇ، غۇبار ـ چاڭلارمۇ تارقىدى. . .

شائىر ئۆز سۆزلۈك بولۇشى، راست سۆزلىشى پەرزدۇر. ئەكسى ھالدا ئۇ شائىر بولالمايدۇ.

ھەممە كىشى راست گەپنى ياقتۇرىدۇ، يالغان ـ مۇبالىغە گەپلەرنى خالىمايدۇ. ھەرقانچە دەبدەبىلىك، يالتىراق سۆز بولسىمۇ، يالغان گەپ خەقنىڭ دىتىغا ياقمايدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ئاخىرقى ئون يىلىنى ـ دېگۈسى بارنى دەپ، يازغۇسى بارنى ئويلاپ بولغىچە ئۆتۈپ كەتكەن دېموكراتىك ئون يىلىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ قەلەم ساھىبلىرىنىڭ ئەقىل ـ ئىدراكى، تەپەككۇرى ئۆزگە تەۋە بولمىدى، تىلى زەنجىردە، ئىلھامى قەپەزدە، قەلىمى نەزەربەنتتە زايە بولدى. . .

شېئىر ھۆرلۈك ئەلچىسى. بۇ مۆتىۋەرلىرىمىز بىزگە ساداقەتلىك بىلەن رىغبەت ـ تەسەللىي بېرىدىغان ئىجادىيەت مېۋىلىرىنى، يۈرەكلىرىمىزگە ئەتىنىڭ تەشنالىقى، بۈگۈننىڭ چىدام ـ ئىشەنچ ئۇرۇقىنى چاچىدىغان لېرىكىلىرىنى، ئەۋلادلىرىمىزگە سەنئەت كۆلكىسىنىڭ ئەبەدىي كەتمەس تەبەسسۇملىرىنى تەقدىم قىلىشنى نىيەت قىلغان ۋە بۇنىڭغا زامان پۇرسىتى يار بولمىغان، دەپ ۋەدە بېرىۋاتقانلىرىدا ئارىمىزدىن كەتتى. مەن بۇ ئۈچ پېشۋايىمىز خۇسۇسىدا ئۆزۈمگە ماقۇل كەلگەن لىللالىق بىلەن سۆزلەۋېتىپ، بۈيۈك شائىر ئەي چىڭ ئەپەندىنىڭ مۇنۇ مەشھۇر سۆزىنى ئەسلەپ قالدىم. چۈنكى بۇ سۆز ئاشۇ ئۈچ زاتنىڭ ھاياتلىقىدا ئويلىغان، ئەمما ئېغىزىدىن چىقىرالمىغان باتىن لەۋزىدەك تۇيۇلۇپ كەتتى:

«ئاساسىي قانۇننىڭ شائىرلار ئۈچۈن بولغان ئەھمىيىتى باشقا كىشىلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ مۇھىم، چۈنكى پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقى كاپالەتلەندۈرۈلگەندىلا ، ئاندىن كىشىلەر تۈپىنىڭ ئارزۇ-ئىستەكلىرىنى بايان قىلغىلى بولىدۇ؛ بارلىق ئىلگىرىلەشلەرگىمۇ ئىمكانىيەت تۇغۇلىدۇ.

سۆز ئەركىنلىكىنى بېسىش جىمىكى زوراۋانلىقلار ئىچىدىكى ھەممىدىن ۋەھشىي زوراۋانلىقتۇر» («شېئىرىيەت توغرىسىدا» دىن) .

**ئابدۇقادىر ھاشىم:** مەن قەشقەردە بىر مۆھتەرەم كومپوزىتورنىڭ سىز ھەققىدە«روزى سايىت شېئىرىيەتتىكى تىل ماھىرلىقىدا تېيىپجاندىنمۇ ئېشىپ كەتتى» دېگىنىنى ئاڭلىغان. ئۇنىڭ بۇ باھاسى مېنى مەلۇم دەرىجىدە ئويلاندۇرغانىدى. باشقىلارمۇ شۇنداق دېسە ،سىز قانداق قارايسىز؟

**روزى سايىت:** ئۇ گەپنى مەن دېمىدىم. باشقىلار شۇنداق دېگەن ۋە شۇنداق ئويلىغان بولسا ،بۇ ئۇلارنىڭ قارىشى. بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلىۋاتقىنى شېئىرىي تىل ئىشلىتىش مەسىلىسى بولسا، ئۇنداقتا، گەپ كۆپتۈرۈپ، مۇبالىغىلەشتۈرۈلۈپ ئېيتىلىپتۇ. مېنىڭ ئويۇمچە، تېخىمۇ كامالەتكە يېتىپ موللا ـ ئالىم بولۇشنى ئويلىمىغان تالىب، قەھرىمانلىق جەڭگاھلىرىدا پىشىپ يېتىلىپ قوشۇن بېشى بولۇشنى ئويلىمىغان لەشكەر، ھەتتا تېزراق قورامىغا توشۇپ ئەر بولۇشنى ئارزۇ قىلمىغان ئوغۇل قاتاردا يوقلا بىر ئادەم بولىدۇ. شائىرلىق سەۋداسىغا چۈشكەن كىشىمۇ شۇنداق. . .

كىچىك بالا، مەجنۇن كىشى، شائىر ـ مۇشۇ ئۈچ تائىپە راست ۋە باشقىلاردىن ئۆزگىچە سۆزلەيدۇ، ئۆزگىچىراق تەپەككۇر قىلىدۇ. گەرچە ئۇلارنىڭ سۆزى ساددا، ئەمما غەلىتىرەك، ئەتۇر، ئەقىلغە سىغمايۋاتقاندەك بىلىنىسىمۇ .

شائىر راست، سەممىي گەپ قىلسا، يەنى ئۆز كۆڭلىدىكى گەپنى ئەينەن، بېزەپ يۈرمەي شېئىر مىسرالىرىغا جايلاشتۇرالىسا، ئۇنىڭ شېئىرى ئالقىشلىنىدۇ. چۈنكى كىشىلەر چىن يۈرەكتىن ئۇرغۇپ چىققان سەممىي سۆزلەر ئارقىلىق تەسىرلىنىدۇ.

پاساھەتلىك تىل شېئىرنىڭ بالاغىتىنى ئاشۇرىدۇ. تىل شېئىرنىڭ ئالماس قانىتى، ئۇ، شېئىرنى يۈكسەكلىككە چىقىرىدۇ، پەرۋاز قىلدۇرىدۇ. تۇرمۇشتىكى تىل ئەڭ مول، ئەڭ جانلىق تىل ھېسابلىنىدۇ. ئۇ، ئاددىي بولۇشىغا قارىماي ساپ ۋە ئىخچام. ئەڭ ئاددىي تىل بىلەن ھېسسىياتنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئىپادىلىگىلى ، جانلىق تىل بىلەن ئوبرازلىق پىكىر يۈرگۈزگىلى، تۇرمۇشنى تېخىمۇ رەڭدار

سۈرەتلىگىلى بولىدۇ...

مەن ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز هالدا يۇقىرىقى نۇقتىلارغا يېقىنلاشتىم ياكى شۇنداق قىلىشقا تىرىشتىم. كىتابى ـ نەزەرىيىۋى بىلىممىنىڭ يۈزەلىكى، ئانا تىلىمدىن باشقا ز ۇۋانلاردىن كەم خەۋەردارلىقىم، ناهايىتى ئۇزاق مەزگىل دېهقانلارچە ياشاپ، دېهقان لەۋزى بىلەن سۆزلەشكە ئادەتلەنگەنلىكىم، خېلى كۆپ خەلق بېيىت-قوشاقلىرىنى يادلاپ، چاغاتاي دەۋرىنىڭ ئەدەبىياتىنى بىر قەدەر كەڭرەك (زامانداشلىرىمدىن كۆرە) ئۆگەنگەنلىكىم ـ مانا مۇشۇ تەرەپلەر مېنى ئاۋام تىلىنى شېئىرىي تىلغا ئايلاندۇرۇش، شېئىرىي تىلنى خەلق تىلىغا يېقىنلاشتۇرۇش مۇمكىنچىلىكى بىلەن تەمىنلىگەن سەۋەبلەر بولسا كېرەك.

ئۇستاز تېيىپجان ئېلىيوف يىتۇك تىل ئۇستىسى ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن ئارىلاشقان، پارالىلىرىغا داخىل بولغانلار بىلىدۇكى، ئۇنىڭ ئادەتتىكى گەپ-سۆزلىرىمۇ شېئىردەك، شېئىرلىرى سىز-بىز سۆزلىشىۋاتقان پاراڭدەك (تىل ئىشلىتىش ئېتىبارى بىلەن) تارتىملىق، يۇمۇرستىك تۈيغۇغا باي ئىدى.

شېئىرىي تىل ـ ئاللانىڭ تىلى. بەندىنىڭ ئاللادىن ئاشۇرۇپ سۆزلىيەلىشى مۇمكىنمۇ؟ ئەمما بىلىشىڭىز كېرەككى، نەق ئاشۇ ئاللانىڭ «تىلى» شېئىرنى بىباھا قىممەتكە ئىگە قىلغۇچى ئامىلدۇر.

**ئابدۇقادىر هاشىم:** سىزنىڭمۇ بايرام شائىرى، كالېندار شائىرى بولغان چاغلىرىڭىز بارمۇ؟

**روزى سايىت:** مەن پۈتكۈل ئۆمرۈمنى بايرام، كالېندار هالقا ـ چەمبىرىكى ئىچىدە ئۆتكۈزگەن ئادەم تۇرسام، نېمىشقا ئۇنداق چاغلىرىم بولمايدىكەن. ئېسىڭىزدە بولغاي، كەمىنىڭىز هېلىهەم زاكاز ـ بۇيرۇتمىلار ئىچىدە ئالدىراشمەن. ئۇزاقى يىللى خوتەنلىكلەرنىڭ «كىشى بېشىغا يېرىم مودىن تېرىلغۇ يەر كۆپەيتىش، سۇ، توك بەرپا قىلىش جاسارىتى»نى ئاساسىي تېما قىلغان چوڭ ھەجىملىك سەھنە ئەسىرى «دېهقان روھى»نى يېزىشقا ئۇرۇنلاشتۇرۇلدۇم. ئالدىنقى يىلى «كۆكۈلمەيدانغا ئايلانغان چۆللەر، كارامىتىنى كۆرسىتىۋاتقان جەزىرە ـ باياۋانلار» ھەققىدە سەھنە كىتابى يېزىپ چىقىش بۇيرۇتمىسىنى تاماملىدىم...

بايراملار داۋاملىشىپ، كالېندارلار چاپلىنىپلا تۇرۇدىكەن، زاكاز ـ بۇيرۇتمىلار ئازلىمايدىغاندەك قىلىدۇ. ئەپسۇس، يېشىم 58گە ئۇلاشتى ـ قېرىدىم. مۇنەججىملەشكەن ئەقلىمنىڭ بۇنچە كۆپ يۈكنى كۆتۈرۈۋەرگىدەك رايىشلىقى قالمىغاندەك تۇرىدۇ.

**ئابدۇقادىر هاشىم:** شېئىرىيىتىمىزدىكى ساختا مەدھىيىۋازلىقنى قانداق چۈشىنىسىز؟ سىزنىڭچە بۇ بىزدە هازىرمۇ بارمۇ؟

**روزى سايىت:** شائىر ـ زامان ئادىمى. زامان ئادىمى بولغانىكەن، شۇنىڭغا لايىق پائالىيەت هالقىسى ئىچىدە ياشاپ ئىجاد قىلالايدۇ. كۆپىنچە هاللاردا دۈشمەن قاچقاندىن كېيىن باتۇر كۆپ بولىدۇ. ئۇيىنىشقا غىلجىڭلاپ نازلانغان سەتەڭ بىلەن ئېرىگە مۇھەببەت ئىزهار قىلغان ئايالنىڭ ئىپادىلىرىدا ئاسمان ـ زېمىن پەرق بار، دەڭا! ئالدىنقىسى ساختا ـ سۈنئىي، كېيىنكىسى چىن ـ ھەقىقىي.

شېئىرىيەتتىلا ئەمەس، ئەدەبىياتنىڭ باشقا ژانىرلىرىدىمۇ مەدھىيە، ياش قىلىشتىن ئىبارەت ئىپادىلەش ۋاستىلىرى بولىدۇ.

شائىر زامان ئادىمى ئىكەن، تەبىئىي هالدا كۈلكىسىمۇ، يىغىسىمۇ، قەسىدە، مەدھىيىلىرىمۇ زامانغا يارىشا بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. «بىلىش لازىمكى، ئۆزىنى ئۆز دەۋرىنىڭ سىرتىدا قويغان شائىر ئۆزىنى ھېچقانداق دەۋرنىڭ شېئىرىيىتىدىن ئىزدەپ تاپالمايدۇ ھەم ھېچقاچان ھېچيەردە مۇكەممەل ئىپادىلىيەلمەيدۇ» (ئىبراھىم ئىزاقىي). شائىر شېئىرلىرى بىلەن زامان، ماكان چېگرىسىدىن ھالقىپ كېتەلىسىمۇ (بۇنداقلار بولغان ھەم بولىدۇ!) كەلگۈسى ئۈچۈن، ئۆزى ياشاۋاتقان زاماندىن مۇستەسنا شېئىر يېزىپلا ئۆتمەن، زامانىنىڭ ھېچنېمىسىنى مەدھىيىلىمەيمەن، دېيەلمەيدۇ، ئۇنداق قىلالىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

نەۋائىي ھەزرەتتىن ستاتا:

ني نەۋا ساز ئەيلەگەي بۇلبۇل گۈلىستاندىن جۇدا،
ئەيلەمەس تۇتى تەكەللۇم شەككارىستاندىن جۇدا.

(گۈلىستاندىن ئايرىلغان بۇلبۇل قانداقمۇ ناۋا قىلالىسۇن، شاتۇتىمۇ شېكەرىستاندىن جۇدا بولسا سۆزلىيەلمەيدىغۇ؟)

بىر ئىيەسىز ئىت بولۇپ ئېردى نەۋائىي يارىسىز،
بولماسۇن، يارەبكى، ھەرگىز بەندە سۇلتاندىن جۇدا.

(نەۋائىي يارىسىزلىقتىن خۇددى ئىگىسى يوق ئىتقا ئوخشاپ قالدى، خۇدا، بەندىسى ھەرگىز سۇلتان (پادىشاھ) دىن جۇدابولمىسۇن.)

شېئىرىيىتىمىزنىڭ گۈلتاجى، داھىيانە شائىر نەۋائىي بىر بۇلبۇل، ئاجايىپ سۇخەندان تۇتىقۇش ئىدى. پادىشاھ ھۈسەيىن بايقارا ئۇنى ئوردا چېقىملىرىغا ئىشىنىپ، ۋاپاسىزلىق بىلەن يىراقلارغا سۈرگۈن قىلدى. نەۋائىيچۇ، ئۆزىنىڭ ئوردا ئىشلىرىدىن چەتلەشتۈرۈلگىنى تۈپەيلى شاھ (يار) دىن ئايرىلىپ خۇددى ئىگىسىز ئىتقا ئوخشاش بوپقالغىنىنى شىكايەت قىلدىلا ئەمەس، خۇدادىن: «خۇدا، بەندەڭنى سۇلتاندىن ئايرىما!» دەپ خىتاب قىلدى. بۇ ئىلتىجامۇ؟ يېلىنىشمۇ؟ ئاغرىنىش ئىچىدىكى مەدھىيىمۇ؟

يەنە بۇ داھىي شائىرنەزمىسىدىن ستاتا:

كېلىپ ئەينى ئىنسان ئىنسانىي ئەيىن،
جەھان ۋارىسى شاھ سۇلتان ھۈسەيىن.

(جاھاننىڭ ۋارىسى ـ شاھ سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا، ئىنسانلارنىڭ كۆزىگە ئەينى ئىنسان قىياپىتىدە كۆرۈندى.)

كى تا بولسە گەردۇنغە دەۋ ۋارلىغ،
ئاڭا باقىي ئولسۇن جاھاندا رىلىغ.

(پەلەك چۆرگىلەپلا تۇرۇدىغان بولسا، ئۇدائىم پادىشاھ بولسۇن.)

خالايىققا ئول شاھتىن بولسۇن نەشاد،
دەمى بولماسۇن خالىي ئاندىن بىسات.

(ئۇ شاھتىن پۈتكۈل ئەلگە شادلىق يەتسۇن، بىسات ـ بايلىقى ھەرگىز كەم بولمىسۇن.)

خۇلاسە شۇكى، نەۋائىيدەك زاتمۇ ئۆزى ياشىغان زامان، ماكان هالقىسىدىن چىقالمىغان. ھاكىمىيەت بېشىدىكى ھۆكۈمران شاھلارنى چامى يەتكىنىچە مەدھىيىلىگەن، گەرچە ئۇنىڭدىن شائىرغا زۇلۇم-زەخمەت، رەنج ـ مالامەت يېتىپ تۇرغان بولسىمۇ.

راست، سىز ساختا مەدھىيىۋازلىق توغرىسىدا سورىغانتىڭىز. «ساختا» ـ سېھىر، نىقاب. سېھىر ـ كۆز باغلاش، يوقنى بار قىلىپ كۆرسەتمەكتۇر. دېمەك، ئۇنىڭ ماھىيىتى يالغاندۇر. يالغان، ساختا مەدھىيىۋازلىقلار ئەمەلىيەتتە ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ بۇرنىدىكى چۇلۇك، يازغۇچى ـ شائىرلارنىڭ قەلىمىگە، ئەركىگە قويۇلغان پايلاقچى. ئۇ سۈنئىي، غىلجىڭ ئەلپازى بىلەن روھنى، ئاڭنى، ھېسسىياتنى ناھايىتىمۇ ئۇزاق ئۆز كونتروللۇقىدا تۇتتى؛ راستنى،

چىنلىقنى، شائىرنىڭ شېئىرىي ھېسسىياتىنى تۇنجۇقتۇرىدۇ. . . ساختا مەدھىيىۋازلىقنىڭ ھېلىھەم مەۋجۇد بولۇش خەۋپىنىڭ بار-يوقلىقىغا كەلسەك، ھەممە ئىش زامانىسىغا يارىشا بولىدۇ. ئەگەر سىز گېزىت-ژۇرنال ئەدەبىيات بەتلىرىدە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلەپ قالغىدەك بولسىڭىز، ئېھتىيات قىلىڭكى، ئاپتورلارنى ساختا مەدھىيىۋازلىققا يېتەكلىمەڭ. ناۋادا سىز شائىر بولغىدەك بولسىڭىز، قەلىمىڭىزنى ئۇ مەتەڭنىڭ ناز-كەرەشمىسىدە بۇلغىماڭ. ئازماس بىر ئاللادۇر، شەيتان تېرە بىلەن پوستىنىڭ ئارىسىغا كىرىۋېلىپ، ھېسسىياتنى غىدىقلاپ ساختا دەي-دەيگە سالىدۇ. بەندىنىڭ قىسمىتىگە تەگمىش بولغىنى ئازماق، گۇناھىغا مەغپىرەت تىلىمەك. . .

**ئابدۇقادىر ھاشىم:** «شېئىر يېزىش بىلەن ئەلنى سۆيۈش بىر-بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ» دېيىلسە، ھەقىقىي شېئىر بىلەن شائىرلىق ھەققىدە سىزدىن ئاڭلاپ باققۇم بار؟

**روزى سايىت:** شېئىر يېزىش بىلەن ئەل سۆيەرلىكنىڭ ئالدىنقىسى شەكىل يېقىدىن سۆز، تىل، ھېسسىيات پاساھىتىگە، كېيىنكىسى بولسا ۋىجدان، ئەقىل بالاغىتىگە تەۋەدۇر؛ مەزمۇن، مەنە يېقىدىن شائىرلىق تىنىقلىرىدا «تەڭرىنىڭ تاتلىق پىچىرلاشلىرى»، شائىرلىق تۇيغۇسىدا «بۇرچ، مەسئۇلىيەت، جاۋابكارلىق ئېڭى» بار بولۇپ، بۇ جاۋابكارلىق خەلققە، تارىخقا بولغان مىننەتسىز ، تەمەسىز، تەخىرسىز تۆلەنمىدۇر.

شائىر مەنە غەزنىلىرىدىن گۆھەر تېرىپ، ئەل پەيزى ئۈچۈن شېئىر يازىدۇ. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «ئەل پەيزى»، بەرھەقكى ئەلنىڭ شاد-خۇراملىقى، ئەلنىڭ دىلىدا بار، ئەمما تىلىدا دېيەلمەيۋاتقان دەرد-ئەلىمى، مۇڭ-زارى، ئاندىن قالسا بەدىئىي زوق - ھوزۇرىنى كۆرسىتىدۇ. شائىرنىڭ ئەلپەرۋەرلىكى دېگىنىمىز ئەنە شۇ.

ھەقىقىي شېئىر - ھەقىقىي شائىرنىڭ قەلىمىدىن ، ياق، قەلبىدىن چىقىدۇ. ھەقىقىي شېئىرنىڭ سۈپىتى قانداق بولماق؟ مېنىڭ چۈشىنىشىمچە، پۈتۈن بىر ئەل، بىر مىللەت ياكى بىر تەبىقىنىڭ ئەينى، رېئال ھالىنى - ئارزۇسى، تىلىكى، خۇشلۇقى، دەردۇ - ھالى. . . نى دۇدۇقلىماي، پەردازلىماي، يەنە كېلىپ دەل ۋاقتىدا ئىپادىلەپ بېرەلىگەن شېئىر ھەقىقىي شېئىردۇر. بۇنداق شېئىرلار تارىخنىڭ ، دەۋرنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلەيدۇ. «توگىمەس ناخشا»، «ئىز»، «ئويغان ئۇيغۇر» قاتارلىق نادىر ئەسەرلەر ئاشۇنداق شېئىرلار جۈملىسىگە كىرىدۇ.

شائىرلىق - ھەقىقەتنى سۆزلىمەكتۇر، راست گەپ قىلماقتۇر. بۇنىڭغا يۈرەك، جاسارەت كېتىدۇ، ئەلۋەتتە. يەرشارىنىڭ يۇملاق ۋە ھەرىكەتچان ئىكەنلىكىنى تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويغۇچىنىڭ ئېيتقىنى ھەقىقەت ئىدى. ھەقىقەتنى، راست گەپنى دەپ قويغىنى ئۈچۈن جازالاندى. بۇنىڭلىق بىلەن يەرشارى ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىشتىن توختاپ قالمىدى ۋە يا ئۇنىڭ يۇملاقلىقى ئۆزگىرىپ كەتمىدى؛ بابارەھىم مەشرەپ ھەق سۆزلىگىنى ئۈچۈن دارغا ئېسىلدى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىي ۋەتەنپەرۋەرلىكى تۈپەيلى قىلىچتا چانالدى، مەمتىلى ئەپەندى بىلىنى ئەلنى ئاقارتىش كەمىرىدە باغلىغىنى ئۈچۈن ئوتتا كۆيدۈرۈلدى (مۇھەررىردىن)، لوتپۇللا مۇتەللىپ ئەركىنلىك ئۈچۈن كۆرەشكەچكە جادۇغا بېسىلدى. ئۇلار شائىرلىق ماقامىغا يەتكەن بىر ئەۋلاد ھەق سۆزلىگۈچىلىرىمىز ئىدى. . . ئاھ، شائىر قىسمىتى!

**ئابدۇقادىر ھاشىم:** ئىجادىيەت مۇھىتى بىلەن ئىجادىيەت پائالىيىتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق چۈشىنىسىز؟

**روزى سايىت:** كەڭ ئاسمان قاناتلىقلارنىڭ پەرۋازىغا، بىپايان ۋە تىرەن دەريا - دېڭىز بېلىقلارنىڭ ئۈزۈشىگە شارائىت بېرىدۇ. ئاشۇ شارائىتسىز قۇشلار پەرۋازدىن، بېلىقلار ئۈزۈشتىن مەھرۇمدۇر. «قەھرىمانىنىڭ ماھارەت كۆرسىتىشى ئۈچۈن مەيدان كېرەك» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىمۇ «مۇھىت بىلەن پائالىيەت» نىڭ مۇناسىۋىتىگە باپ كېلىدىغان شەرھىي بولالايدۇ. بۇ ئەزەلدىن دېيىلىپ كېلىنىۋاتقان گەپ. ئەمما يەنە بىر تەرىپىمۇ بار. ئىجادىيەتچى ئالىلىكىملەرنىڭ يارىتىپ بەرگەن «مۇھىت» ى ئىچىدە ئۆمىلەيدىغان، روھىي بوغۇلغان بىر پائالىيەتچى بولماسلىقى كېرەك. ئادەمنىڭ، بولۇپمۇ شېئىرىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەمنىڭ ھېسسىيات، تەپەككۇرى ئەركىن بولىدۇ. ئۇ ئۆزى ياراتقان تەسەۋۋۇر مۇھىتى ئىچىدە خالىغىنىچە ئىجادىيەت پائالىيىتى ئېلىپ بارىدۇ - كۈلىدۇ، يىغلايدۇ، مۇڭلىنىدۇ، بوغۇلىدۇ - غەزەپلىنىدۇ، ئەركىنلىككە تەلپۈنىدۇ، ۋەھاكازا. ئەگەر ئۇ «مۇھىت» تىن ئىبارەت ئىجادىيەت شارائىتىنىڭ ھازىرلىنىشىنى كۈتۈپ تۇرسا قانداقمۇ «كۈلۈپ، يىغلاپ، مۇڭلىنىپ، تەلپۈنۈپ» پائالىيەت ئېلىپ بارالايدۇ؟ مېنىڭچە، ئەركىن، دەخلىسىز ئىجادىيەت مۇھىتى بولغان ھەممىدىن ياخشى. ئەمما ئۇنىڭ بولماسلىقى ئىجادىيەتچىنىڭ ئىجاد پائالىيىتىگە دەخلى يەتكۈزمەسلىكى كېرەك. ئاشىقنىڭ مۇرادى مەشۇقىنىڭ ۋىسالى ئىكەن، ۋىسالغا يېتىش ئۈچۈن ئۇ مەھبۇب ياتقان ھوجرىغا ئىشىكتىن كىرىشى مۇمكىن بولمىسا، دېرىزىدىن، ھەتتا تۈڭلۈكتىن كىرىشكە ئىرادە قىلمىقى كېرەك. بۇنىڭ بىرسى ئوبيېكتىپ ھالەت، يەنە بىرسى سۇبيېكتىپ قەيسەرلىك.

**ئابدۇقادىر ھاشىم:** ئۆز نەزىرىڭىزدىكى ئەڭ ياخشى ئەسەرلىرىڭىز خۇسۇسىدا تەسىراتىڭىزنى بىلىپ باقسام دەيمەن؟

**روزى سايىت:** شېئىر - شائىرنىڭ «بالىسى». ئاتا-ئانىغا نىسبەتەن يۈرەك باغرى بولمىش بالىنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا قەدىرلىك. ئەمما خۇي-مىجەزدىكى ئوخشىماسلىقلار تۈپەيلىدىن باللارغا بولغان سۆيۈك - ئامراقلىقتا قىسمەن پەرق بولۇشى مۇمكىن.

«ئاھ، مېنىڭ مىللىتىم»، «دېھقان بولماق تەس» قاتارلىق ئەسەرلىرىم ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىگە سۇنۇلغاندىن كېيىن، 1990-يىللاردىكى ئەدەبىيات ھادىسىسى سۈپىتىدە غۇلغۇلا پەيدا قىلدى. «ياخشى ئەسەر بوپتۇ» دېگەن ئىنكاسلارنى ئاڭلىدىم. بۇ ئەسەرلىرىمنىڭ «ياخشى» لىقى، مېنىڭچە، مىللەتنىڭ ئۆزىنى ئۆزىگە تونۇتقانلىقىدا، ئۆزىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى بىلىش، ھېس قىلىش نۇقتىسىدىن ئويغا سالغانلىقىدا. . .

ئەگەر ئۆزۈمگە قويۇپ بەرسىڭىز، ئەڭ ياخشى ئەسەرلىرىمنى سورۇن شېئىرلىرى دېگەن بولاتتىم. چۈنكى سورۇندا - نەق مەيداندا پارچە قەغەزلەرگە، ھاراق بوتۇلكىسى قاپلانغان كارتون قاپلارنىڭ ئاق تەرىپىگە يېزىلىپ ئوقۇلغان شېئىرلىرىم بىر تەرەپتىن خۇش كەيپىيات پەيدا قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنۇم يارىتىش رولىنى ئوينىدى.

سورۇن شېئىرلىرى يېزىلغاندا ، زورۇقۇش ھېس قىلمىدىم، ئېلان قىلىنىشنى (مەتبۇئاتتا) شەرت قىلمىغاچقا پرىنسىپ، سىياسىي مىزانلار چەكلىمىسىگە ئۇچرىمىدىم. ھەزىل، يۇمۇر تۈسى قويۇق، ئوبيېكتى ئالدىمىدىلا تۇرغان بۇ خىل شېئىرلاردا ئەھلى سورۇننى كۈلدۈردۈم ھەم دەيدىغىنىمنى دەۋالدىم. ئۇنىڭدىن ھەركىم ئۆزىگە كېرىكىچە بەھرىلەندى.

1990-يىللارنىڭ دەسلىپىدە «ئۈچ قالايمىقان» نەپسىنى بالا قىلىپ

خوتەن دېھقانلىرىغا يوپۇرۇلۇپ كەلدى. مەن كېرىيىدىكى «1-ماي» ئەمگەكچىلەر بايرىمىنى كۈتۈۋېلىش زىياپىتىنىڭ سورۇنىغا داخىل بولدۇم. سورۇندا ناھىيىدىكى بەش يۈرۈش رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى، ئاپتونوم رايوندىن بۇ ناھىيىنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈرۈشكە كەلگەن ئۈمەك ئەزالىرى، ئۈچ-تۆت يۈزدەك ئىشتىراكچى بار ئىدى. مەن «قوشاق ئوقۇپ بېرىش» (رىياسەتچى رەھبەر شۇنداق دېدى) كە تەكلىپ قىلىندىم. خەلق تەقدىرىگە ھاكىم نوپۇزلۇقلار ئالدىدا خەلق ھالىنى شېئىرىي يول بىلەن بايان قىلىش پۇرسىتىنى بوش ئۆتكۈزۈۋەتكۈم كەلمىدى، شۇڭا ھاراق كورۇپكىسىغا بىر كۇبلېت قوشاق يازدىم:

ھۆددە بەردىن ئاش ئالدۇق،
ئاشنى سېتىپ تاش ئالدۇق.
ئالۋاڭ كۆپ بولۇپ كەتكەچ،
قارا كۆزگە ياش ئالدۇق. . .

مەن بۇ قوشاقنى دېكلاماتسىيە قىلغاندىن كېيىن كەيپىيات جىددىيلىشىپ، سورۇن جىمىپ كەتتى. بىرسى: «سىزنىڭ كېپىڭىزچە دېھقانغا خاپىلىق كۆپ ئوخشىمامدۇ؟» دېۋىدى، «شۇنداق، ئۇلارغا خاپىلىق ياغدى، ئاڭلاپ تۇرسىلا» دېدىمدە، قاتارىغا ئالتە «خاپىلىق» نى مۇنداق دەپ بەردىم:

― «سېرىقتال» دا ئاش خاپىلىقى، بوغداي ئورمىسىدا چېچىلىپ قالغان باش خاپىلىقى، قوناق چېپىقىدا كىرىشتۈرۈپ تېرىلگ دەيدىغان ماش خاپىلىقى، كۆزگە تېرىمىدا تاناپتەك رۇس سوقۇلمىغان قاش خاپىلىقى، پۈتۈن قىش بويى ئۈستەڭگە تىزىدىغان تاش خاپىلىقى، ھەممىدىن يامىنى جاپا تۈپەيلى كۆزدىن قۇرۇمىغان ياش خاپىلىقى!

كېيىن بۇ قوشاق بىلەن «ئالتە خاپىلىق» ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ قۇلىقىغا يەتكۈزۈلۈپتۇ. مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى مەن بىلەن بۇ ھەقتە مەخسۇس سۆھبەتتە بولدى. خاپىلىقلارنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلدى.

خوتەن شەھىرىنىڭ مەركىزى گۈلباغدا ئاجايىپ كۆركەم بىر بىنا بار ئىدى، كېيىن «خەتەرلىك قۇرۇلۇش» دېيىلىپ چېقىۋېتىلدى. ئورنىغا سېلىنغان يېڭى بىنا گەۋدىسى توختىماي قىلىنىۋاتقان تىلەمچى تۇسىدىكى ئىلتىجا، دوكلاتلارغا قارىماي بەش يىلغىچە يېرىم گەۋدىسى بىلەن پۈتۈكسىز قالدى. 1996-يىلى قىشتا دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەت ئەپەندى خوتەنگە كەلدى. مەن ئۇنىڭ شەرىپىگە ئۇيۇشتۇرۇلغان كەچلىك بەزمىدە ئىقتىسادىي غەمخورلۇقتىن تەمە قىلىدىغانلىقىمىز توغرىسىدا نەق مەيداندا بىر شېئىر يېزىپ ئوقۇدۇم:

. . . يىقار چاغدا پەرمان كۆچلۈك توپىنىڭ ئوقىدەك،
ئاللىكىملەر ھەيۋە قىلغان ئۆسكەك بوقىدەك.
سالار چاغدا پۇل چىقمىدى ― ھاتەملەر پىخسىق،
تۇرۇپ قالدى گۈلباغدا ئۇ مايماق چوققىدەك.
مەبلەغ بېرىڭ ― بىنا پۈتسۇن ئىسمائىل ئاكا،
سىز تۇرغاندا نېمە غەم بار پۇلدىن قورققىدەك؟ . . .

شېئىرنىڭ مۇشۇنچىلىكى ئېسىمدە قاپتۇ. ئىسمائىل ئەھمەت ئەپەندى شېئىر ئورىگىنالىنى قولۇمدىن ئېلىپ سورۇن ئەھلىگە: «روزاخۇننىڭ شېئىرى مېنى تەسىرلەندۈردى، مەن بىنانىڭ چالىسىنى پۈتتۈرۈشكە يېتەرلىك مەبلەغنىڭ كويىغا چۈشەي، خاتىرجەم بولۇڭلار» دېدى. سورۇندىكىلەر گۈلدۈراس ئالقىش ياڭراتتى. بىر يېرىم يىللاردىن كېيىن 2مىليون 400مىڭ يۈەن مەبلەغ ئەۋەتىلدى. بىنانى پۈتكۈزۈۋالدۇق.

كۆرگەنلەر بىلىدۇ، خوتەن شەھىرىنىڭ يول ― كوچىلىرى ئۈچ يىل بۇرۇن ئاجايىپ ۋەيرانىلىشىپ كەتكەن، ھەم تار، ھەم ئەگرى-بۈگرى ئىدى، بولۇپمۇ «شياڭگاڭ بازىرى» دەپ ئاتىلىدىغان، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى، تىجارەت ماللىرى توپ تارقىتىلىدىغان غايەت چوڭ ئۇنىۋېرسال بازارغا تۇتاش يوللاردىن توپا ئۆرلەپ تۇراتتى، يۇندا، قىغ-ئەخلەتلەر بىلەن يېمەكلىكلەر ئارىسىدا قونۇپ -ئۇچۇپ يۈرگەن مىغ-مىغ چىۋىنلەر ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتۇراتتى. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بىلەن سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى تولا تەكلىپ، پىكىر بېرىپمۇ ھارغانىدى. چۈنكى جاۋاب بىرلا: يەرلىك مالىيە گاداي، يۇقىرىدىن مەبلەغ ھەل بولمىدى، ھازىرچە ئامال يوق!

1997-يىلى كەچكۈزدە خوتەننىڭ سابىق ۋالىيسى، ھازىرقى مۇئاۋىن رەئىس غوپۇر ئابدۇللا بىلەن ئەينى چاغدىكى قاتناش نازارىتىنىڭ نازىرى يۇنۇس يۈسۈپ خوتەنگە كەلدى. ئۇلارنىڭ كېلىشىدىن ئالدىن خەۋەر تاپقانلار ماڭا: «خەلقنىڭ مۇشۇ دەردىنى بىر يەتكۈزگەن بولسىڭىز» دېيىشتى. «يېڭى قاشتېشى» ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكىمۇ ئاپتوبۇسنىڭ كونىراپ كەتكەنلىكىنى، ئولتۇراق ئۆي قەھەتچىلىكى خۇسۇسىدا رەئىسكە تەسىر قىلغۇدەك گەپ قىلىشىپ بېرىشىمنى ئېيتتى. بۇ گەپ چوقۇم نەزمىي شەكىلدە بولىدىغانلىقى ماڭا ئايانىدى. كەچتە سورۇن تۈزۈلدى، مەنمۇ باردىم، پەيتىنى تېپىپ «گەپ» مۇ قىلدىم. رەئىس تەسىرلەندى. ۋەدىلەر، مەبلەغنى قانداق ھەل قىلىشنىڭ يولى كۆرسىتىپ بېرىلدى. نەتىجە شۇ بولدىكى، ئاشۇ قىشتىلا خوتەن شەھەر يولىنى كېڭەيتىش، سېمىنت سۇ ئەۋرىزى ياساش ئۈچۈن كېتىدىغان نەچچە مىليون مەبلەغ ئەمەلىيلەشتى. مانا، كۆرۈۋاتىسىز، ئەمدى يوللار راۋان. . .

ھە، راست، «يېڭى قاشتېشى» ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكى ئاشۇ كەچتىكى شېئىرىي تەلەپ خاسىيىتىدىن بىر مىليون يۈەنلىك ئولتۇراق ئۆي مەبلىغىنى قولغا كەلتۈردى (30 ئائىلىلىك بەش قەۋەتلىك ئولتۇراق بىناغا ھازىر ئۇل قويۇلۇۋاتىدۇ). 157مىڭ يۈەنلىك ئاپتوبۇس ئۆمەك ئارتىستلىرىنى قۇچىقىغا ئېلىپ، مەدەنىيەتنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش سەپىرىدە گۈركىرىمەكتە. مەن بۇ شېئىرنىڭ كۆپىيىسىنى ساقلاپ قويۇپتىكەنمەن، بىر مىليون ئىككى يۈز مىڭ يۈەنگە يارىغان شېئىر بولغاندىكىن ئاڭلاپ بېقىڭ:

رەئىسكە قەدەھ سۆزى

مەن بولاي بۇ ئۆيدە تۇنجى يول گېپىنى باشلىغان،
مەن بولاي ئەلنىڭ ۋەكىلى دادىلىنىپ تىل قاشلىغان.
شەھىرىمىزنىڭ باشلىقى ئۆتكۈرمۇ قوللايدۇ مېنى،
چۈنكى ئۇ كۆپ ئوقۇپ ھارغاچقا «ھال» نى تاشلىغان.
سىز ― رەئىس، ھەل قىلسىڭىز مۇشكۈلنى، ئۆسكەي تاۋىڭىز،
ئاپىرىن دەر سىزگە پۇقرا ― يولدا يايراپ ياشنىغان.
چوڭ بازار ― «شياڭگاڭ بازار» ىدا، قاراڭ، يول غەلۋىسى،
ئۇندا بار بىرمۇنچە ئادەم يولى يوق مىڭ قاقشىغان.
ياخشىلىق، مەردلىك قىلىڭ، يەتسۇن چىۋىن، يۇندا، سېمىنت،
«ئال قولۇم!» دەڭ، بۇ خوتەنلىك بولمىسۇن كۆز ياشلىغان. . .
ياق دېمەي، سەنئەتكە ئۆي ― جاي سالغىدەك مەبلەغ تۆكۈڭ،
سەت ئىكەن توي قىلسا ئارتىست ياتقىلى ئۆي ئاشمىغان.

كوڭكىسى يولداش سۇلايماندىن① قىرى، ئەبجەق، شۇڭا ـ
گەپ قىلىپ نازىرغا«بەر، دەپ ئاپتوبۇس ـ يەل تاشمىغان! »
كەمبەغەللىك قانچە بەرسە كەم يېرى تولمايدىكەن،
رەنجىمەك بۇ ئىلتىماسلار بولسىمۇ قاملاشمىغان.
ئىلچىلىكنىڭ نامىدىن مەن مەي تۇتاي، سىز بىر يۇتۇڭ،
باشلىقلار: «خوش-ھە! » دېسۇن، قوپسۇن ئۆرە ياپپاشلىغان. . .

شۇنچە كۆپ جەريان سۆزلىدىم، سوئالىڭىزغا جاۋاب چىقتى. جاۋابكى، بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىشقا يارىغان سورۇن نەزمىلىرىنى«ئەڭ ياخشى چىققان ئەسىرىم» دېسەم يالغان بولماس!

**ئابدۇقادىر ھاشىم:** ئەخمەتجان ئوسمان قاتارلىق بىر تۈركۈم ياشلار ئەنئەنىۋى شېئىرىيەت چەمبىرىكىدىن ھالقىپ، يېڭىچە ياشلار شېئىرىيىتىنى بارلىققا كەلتۈردى. . . ئادىل تۇنىياز قاتارلىقلار كېيىنكى چاغلاردا خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك سىناقلاردىن ئۆتتى. بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىڭىزنى ۋە ئەخمەتجان ئوسمان، ئادىل تۇنىياز تۈركۈمىدىكىلەرگە قانداق باھايىڭىز بارلىقىنى دەپ باقسىڭىز؟

**روزى سايىت:** بۇنىڭغىمۇ جاۋاب بېرىش ھاجەتمۇ؟ مەيلى ئەخمەتجان ئوسمان بولسۇن، مەيلى ئادىل تۇنىياز بولسۇن، ھېچقانداق «شېئىرىيەت چەمبىرىكى» دىن ھالقىپ كەتكىنى يوق. شېئىر بىر پۈتۈن گەۋدە، ئۇنى«ياشلار شېئىرىيىتى» ، «ئوتتۇرا ياشلىقلار، قېرىلار شېئىرىيىتى» دەپ ئايرىشمۇ ئارتۇقچە. ئەمما، سىز سورىغانىكەنسىز، مەن جاۋاب بەرمىسەم بولماس. 1980-يىللاردىن شلاپ ھەممە ساھەگە ئوخشاش مەدەنىيەت، ئەدەبىياتنىڭ ئىشىكىمۇ ئېكىك ھالەتتىن ئېچىۋېتىلدى. قوبۇل قىلىشقا ماھىر مىللىتىمىز ياشلىرى ئاشۇ ئىشىكتىن غەربچە ئەدەبىي «ئىزم» ، ئېقىملارنى ئەكىردى. ئەنئەنىگە ئۆلگىدەك سادىق بىز دېمەتلىكلەرگە بۇ خىل «ئەكىرىش» دەسلەپتە غەلىتە تۇيۇلدى. ئۇلارنىڭ تەشەببۇسى ئاسىيلىقتەك ، يازغان ياكى تەقلىد قىلغانلىرى ھېچنېمە ئەمەستەك بىلىندى. مۇنازىرە باشلاندى. ھېچكىم ھېچكىمگە يول قويمىدى. مۇنازىرىنىڭ بولغىنى ياخشى بولدى. ئەينى چاغدا مەنمۇ: «بۇ بىر قىسىم ياشلارنىڭ يېزىۋاتقانلىرى شېئىر ئەمەس» دەپ كەسكىن ئېيتقانلارنىڭ بىرسى ئىدىم. ئاردىن ئون نەچچە يىللار ئۆتۈپ كەتتى، خەقلەرمۇ «يېڭىچە» دېيىلگەن بۇ شېئىرلارغا كۆنۈپ قالغاندەكمۇ تۇرىدۇ.

گراماتىكا نۇقتىسىدىن ئىنكار قىلىنىدىغان سۆز-جۈملە شېئىرىي جۈملىدە ئۆزىنىڭ پاساھىتىنى نامايان قىلالايدۇ. «كىرپىكىمگە ئاستىم بېشىمنى» ، «نىگاھىغا چۆكتۈم جانانىنىڭ» دېسە نېمىشقا بولمايدىكەن؟ ئالايلۇق، ئەخمەتجان ئوسمان: «بۇ دۇنيا تۆرەلدى بىر تال قوۋۇرغامدىن» دېدى. بىز ئانىلارنى جىمى مەخلۇقاتلارنىڭ ئۇلۇغى دەيمىز. ئانا تۇغىدۇ. ئىنسان زاتى ئانىلار تۇغۇمىدا كۆپىيىپ بارىدۇ. ئادەملەر دۇنيانى ئاپىرىدە قىلىدۇ، تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرىدۇ. ئىسلامىي چۈشەنچىدە ھەزرىتى ھەۋۋا ئانا ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر تال قوۋۇرغىسىدىن ئاپىرىدە قىلىنغان. ئەخمەتجان بۇ يەردە«مەن» نىڭ بىر تال قوۋۇرغىسىغا ئاشۇنچە كۆپ نەرسىلەرنى يىغىنچاقلايدۇ.

گەپ شەكىلدە ئەمەس، ھېسسىياتتا. بىز (مەن ھەم) ھېسسىياتنى كەمسىتتۇق، شەكىل دەۋاسىنى قىلىپ ماھىيەتتىن چەتنىدۇق. «ئۆزى چۈشەنمەيدىغان ياكى تەبىر بېرەلمەيدىغان نەرسىلەرنى مەۋجۇد ئەمەس، دەپ قارايدىغان، ئىلمىي ئەمەس، دەپ تورۇۋالىدىغان كىشىلەر قۇلۇلە قېپى ئىچىدە ماكان تۇتقانلاردۇر» (ئەي چىڭ) . بىزنىڭ بۇ خىل پوزىتسىيىمىزگە ئاسىمجان ئوبۇلقاسىم تېخى يېقىندا «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2000-يىل 2-، 3-(قوشما) سانىدا ئېلان قىلىنغان «شائىرلىق ئەركىنلىكى قايەرگىچە؟» دېگەن ئۇزۇن ماقالىسىدا: «ئۇلۇكلەرنى گۆرىدىن سۆرەپ چىقىپ، ئۆگۈت ـ نەسىھەتلىرىنى شېپىي كەلتۈرۈپ، ئەنئەنىچى بولۇۋېلىش يولى بىلەن ھەممەيلەنگە تۇرلۇك قالپاقلارنى كىيگۈزۈپ، پىكىر ئېقىملىرىنى دەي-دەيگە سېلىش (غەيرىي مىللەتچىلىك قىلىش) نوپۇزلۇقلارنىڭ غاجىلىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس» دەپ ئوبدان دەككىمىزنى بەردى.

كېسىپ ئېيتساق، شەكىلدە، ئەنئەنىدە ھېچقانداق گۇناھ يوق ئىدى، ئەنئەنە تېپىدىكى شېئىرلارمۇ ئەيىبكار ئەمەس ئىدى. ئەپسۇس، ئۇنى زامان رامكىلىرى، ماختىنىشقا خۇشتار نوپۇز ئىگىسى ۋە ئۇنىڭ مۇتلەق قوماندا تايىقى ئاستىدىكى مەزھەبلىك ئۇستقۇرۇلما كاردىن چىقارغانتى. بۇزمىغىچە تۈزگىلى، يېڭىلىغىلى بولمايتتى! بۇ، ياشلارنىڭ قولىدىن كەلگەن بىلەن ، بىزنىڭ بۇزغىلى،يېڭىلىغىلى كۆزىمىز قىيمايتتى. رامكىلارغا ئېتىلغان تاش سۇزۇك ئەينەكلەرگىمۇ تېگىپ كەتتى. قارا-قويۇق ئىنكار قىلىۋېتىلدى. «پىتنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا تاشلاپتۇ» دېگەندەك «پىت» نىڭ گۇناھى «چاپان» نىمۇ ئوتقا سۆرىدى. ئەنئەنە«چاپان» لىرى بىزنى مىڭ-مىڭ يىللاردىن بېرى سوغۇق ـ جۇتتىن، ئۇششۇكتىن ساقلىغانىدى. يالىڭاچ يۈرۈپ بولامتى؟ يېڭى «چاپان» تېخى سەيپۇڭنىڭ يىڭنىسى تېگىدە ئىدى. . . بىز بۇنى ئەينى چاغدا تېرىككەك ، رەت قىلغۇچى قەھرىمىز بىلەن چەتكە ئىتتەردۇق. ئەمەلىيەتتە، بارا-بارا شۇنداق يېڭىلاشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى ھېس قىلدۇق. «ئۆرۈپ تۇرسا، كۆلۈپ تۇرىدۇ» غان، شاھ بىر پىلنى بېقىشقا زورلىسا، ئۇنىڭ تويماس قارنىنى تويغۇزالماي تۇرۇپ، غەزەپتىن قورقۇپ ئىككىنچى بىر پىلنىمۇ بېقىپ بەرسەك، دەپ يېلىنىدىغان قورقۇنچاق، خۇشامەتچى ئەدەبىياتنىڭ ئەمدى لازىمى يوقلۇقىنى ھەممىدىن بۇرۇن چۈشەنگەن ياش قەلەم ئىگىلىرىگە باشتىلا ئېگىلىپ سالام بېرىش كېرەككەنتۇق، دەپ ئويلىدۇق. شېئىرىي يېڭىلاش ئەنئەنە غەپلىتىنى سەگەكلەشتۈردى. . .

بىز تەپەككۇر، تەسەۋۋۇر بىلەن توشقان بېشىمىزنى كىرپىككە ئېسىپ قويۇشتىن ئەۋۋەل، ئاشۇ باشتىكى كۆزىمىز بىلەن رېئاللىقنى كۆزەتسەك، چىنلىق، مىللىيەتلىكنى دەبدەبىلىك سۆز يالتىراقلىرى ئىچىدە تۇنجۇقتۇرمىساق، يەرشارى ئادىمى تۇرۇپ كائىنات پەزاسىدىن لاپ ئۇرۇشقا ئالدىراپ، ھېسسىياتنى بىھۇدە ئىسراپ قىلمىساقلا شەكىللەر (شېئىرىي شەكىل) ئۆزگىچىلىكتىن ئاقلىنىدۇ. بۇ ھالدا «ئەنئەنە تېپىدىكى ئەسەرلەر ئۇنداق، گۇڭگا شەكىلدىكىلىرى مۇنداق» دەپ ژانىر جەڭگاھىدا، شەكىل خۇسۇسىدا دەتالاش قىلىپ ئەقىل خورىتىشنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ. بۇ نۇقتىنى مېنىڭدەك ئەنئەنە ئەندازىغا ئامراق«جاھىل خوتەنلىك » چۈشەنگەن يەردە، ياشلىرىمىز ـ «يېڭىلاش تەرەپدارلىرى» مىز چۈشەنمەسمۇ؟. . .

**ئابدۇقادىر ھاشىم:** بەزىلەر ئەدەبىيات ئىجادىيىتىدە «سەنئەت ئۈچۈن سەنئەت» نى بەكرەك تەكىتلەيدىكەن، بۇ خىل تەكىتلەشنىڭ ئۆزىگە خاس ئاساسى بارمۇ؟

**روزى سايىت:** ھەرقانداق بىر ئەسەردە (شېئىرمۇ

① خوتەن«يېڭى قاشتېشى» سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئاتاقلىق ئارتىسى، پېشقەدەم سەنئەتكار سۇلايمان روزى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

شۇنىڭ ئىچىدە) بەدىئىيلىكتىن باشقا ئىدىيە بولىدۇ. بۇ دېگىنىم «ھەربىر پارچە ئەسەردە ئۈچنى گەۋدىلەندۈرۈش» تەرغىب قىلىنغان «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» چە يۈكلىمە ئەمەس. ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئۆز بويىنىغا تەشۋىقات تاختىسى ئېسىۋالىدىغان زامانلار كەلمەسكە كەتتى. ئەمما بىلىش لازىمكى، ئۆزى ئارقىلىق ئۆز مىللىتىنى ئىپادىلىمەيدىغان ياكى ئىپادىلەشنى خالىمىغان، كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئۆز قايغۇسى ۋە كۈلكىسى ئارقىلىق ئىنسانىيەت قايغۇسىغا ھېسداشلىق قىلمىغان، كۈلكىسىگە جۆر بولالمىغان شائىرلارنى، ئۇلارنىڭ يازغانلىرى قانچىلىك كۆپ بولغىنىدىن قەتئىينەزەر، خەلق ئېتىراپ قىلمايدۇ، قەلب تۆرىدىن ئۇلارغا ئورۇن بەرمەيدۇ.

سىز يېزىش ئۈچۈنلا يازسىڭىز، ئاشپەز ئاشپەز بولغىنى ئۈچۈنلا تاماق ئەتسە، ئاۋۇ بىرسى پەقەت سۆيۈش ئۈچۈنلا سۆيسە، ئۇ ھالدا نېمە بولماق؟ يېڭى شېئىرىيەت تەرەپدارلىرىنى پەقەت «گۇڭگالىشىش» ئۈچۈنلا ھەرەج تارتتى، دېيەلەمدۇق؟ ئۇلارنىڭ مەقسىتى «نەۋائىي ئالەمدىن ئۆتكەن 500يىلدىن بۇيانقى شېئىرىيەت تۇرغۇنلۇقى»نى بۇزۇپ تاشلاشقۇ؟ بۇ، ئىدىيە، بۇ ھەرگىز «سەنئەت ئۈچۈن سەنئەت» ئەمەس. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ يولى كەڭرى، بۇ يولغا ھەممە ئېقىملار پاتىدۇ. قېنى، مېڭىپ باقمايلىمۇ؟ نىشان ھەممىمىزدە بىر ـ ئەدەبىياتنى گۈللەندۈرۈش.

**ئابدۇقادىر ھاشىم:** سىز كېيىنكى يىللاردا ئىللەتلىرىمىز ھەم دېھقان دەردلىرى ھەققىدە ئۆزمەي يازدىڭىز. ئەسەرلىرىڭىز جەمئىيەتتە ئالقىشقا ئېرىشىپ، ئەل قەلبىدىكى ئوبرازىڭىزنى نۇرلاندۇردى. سىز ئىجادىيىتىڭىزنىڭ بۇ پەللىسىنى ئۆزىڭىزنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى، دەپ قارامسىز؟

**روزى سايىت:** مەن 1990-يىللاردىن كېيىن ئىجادىيەت يولۇمدا كەسكىن بۇرۇلۇش ياسىدىم، مىللەت ئىللەتلىرىنى تەنقىدلىدىم، بۇ تەنقىد يارامسىز باشلىقنىڭ قول ئاستىدىكى خادىملارغا شالىنى چېچىپ ھۆرپەيگىنىگە ئوخشىمايدۇ. مەن يەنە دېھقان دەردلىرى توغرىسىدا توختىماي قەلەم تەۋرەتتىم، دېھقان بىلەن بىللە دەردلەندىم. مېنىڭ دەردلىنىشىمگە ئۈمىد-ئىستەك، مۇھەببەت ئارىلىشىپ كەلدى، دېھقانلارنى غەم-قايغۇ، مىسكىنلىك ئىچىگە ئىتتىرمىدىم.

مەن شۇنى تونۇپ يەتكەندىم، مىللىتىمنىڭ ئۇنداق، ياكى مۇنداق ئىللەتلىرى بولغاندىمۇ، بۇ ئىللەتنى ئۇلار ئۆزى پەيدا قىلغان ئەمەس، ناھايىتىمۇ ئۇزاق دەۋرلىك جاھان دەردى ـ بالالىرى: خوجا ئاپاقچە روھىي خورىتىش ۋە دىنىي مەزھەپ بۆلگۈنچىلىكى، زوزۇڭتاڭچە قىرغىن دەككە ـ دۈككىسى، ياڭ زىڭشىن، جىڭ شۇرېنچە نادانلىقتا قالدۇرۇش، غەپلەتتە تۇتۇش ھىيلىسى، شېڭ شىسەيچە ھىيلە ـ مىكىر، ماخۇسەنچە بىرەھىملىك مىللەت قېنىنى بۇزغاندى؛ پەقەت بۇلا ئەمەس، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئاسايىش زامانلاردىمۇ ھېلى ئوڭ، ھېلى «سول» دىن توختىماي سىلكىپ تۇرغان ئۈزۈلمەس ھەرىكەت، سىياسىي بورانلار، ئۆزئارا چېقىشقا ئۈندەشلەر، سېتىۋېلىش، سېتىۋېتىشلار يۈرەكئالدى، تەمەخور، ھۇرۇن قىلىۋەتكەچكە ماڭقۇرتلاشقان ـ ئەسلىدىن ياتلاشقان (مۇھەررىردىن) بۇ قەۋم ـ زامانداشلىرىمدا نېمە گۇناھ؟ ئىلگىرىكىلەرگە تاپا-تەنە، ھازىرقىلارغا ھاقارەت-مالامەت راۋا ئەمەس ئىدى. شۇڭا مەن ئىجادىيىتىمدە ئىزا تارتقۇزۇش، خىجىل قىلىشنى ئاساس قىلىشقا، مۇشۇ ئارقىلىق ئويلىنىش ـ ئويغىنىش، مىللىي روھنى پاكلاش، ئىللەتلەردىن ئادالىنىش، دۇنيا مىللەتلىرى جۈملىدىن جۇڭخۇا مىللەتلىرى قاتارىدا ياشاشقا لايىقلىنىشنى تەشەببۇس قىلدىم. «ئاھ، مېنىڭ مىللىتىم»، «مىللىتىمگە بىر سۆز»، «چۇقان»، «مېنىڭ سۆرىتىم»... قاتارلىق شېئىرلىرىم شۇنىڭ جۈملىسىدىن ئىدى...

بىزنىڭ دېھقانلىرىمىز، مېنىڭ دېھقانلىرىم ئاجايىپ چىدام-بەرداشلىق، ئاجايىپ كۆتۈرۈشلۈك، سەيپىددىن ئەزىزى ئەپەندىم لەۋزى بىلەن سۈپەتلەشكە توغرا كەلسە «بىر زاغرىغا قانائەت قىلىدىغان، قورسىقى تويسا باشقا غېمى يوق، ئەمگەكچان» تەبىقە (1974-يىلى نويابىر خوتەندە دېيىلگەن سۆز) ـ دېھقان تەبىقىسىنى «داشقازان» يىللىرى ھالىدىن كەتكۈزگىنى ئازدەك، ئۆزىمىزدىن چىققان بىرەھىملەر تۈگىمەس ھاشار، تۆلەپ بولماس جەرىمانە، ئالۋاڭ ـ ياساق، زۇلۇم-ستەم بىلەن يەتكىچە ئازابلىدى؛ قاچان تېرىش، قاچان يىغىۋېلىشتىن تارتىپ، نېمىنى تېرىش، نېمىنى تېرىماسلىق، ھەتتا قانداق چاغدا يېتىپ، قانداق چاغدا قوپۇشقا قەدەر ھەممىنى بەلگىلەپ بېرىشتى. دېھقانلارنىڭ ھەممە ئەرك ـ ئىختىيارى ئاشۇ «غوجام»لارنىڭ رايىدا بولدى. ئۇلار يېلىڭ ئەت، ئاچ قورساق قالغانسېرى يۇقىرىغا يوللىنىدىغان سان-سېفىر «مەھسۇلات»لىرى ئالدىنقى يىلدىكىدىن ئېشىپ باردى. كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىم ھەر يىلى 100يۈەنلەپ كۆپىيىۋەردى. ئەمما دېھقان پۇلسىز، نانسىز، ئاچ-يالىڭاچ ئىدى...

مەركەز «ئۈچ قالايمىقان»نى چەكلەشنى توختىماي تەكرارلايتتى، «كېيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق» «ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش» لازىم دەپ توختىماي يوليورۇق بېرەتتى، ئەمما دېھقان ھالىدا كۆپ ئۆزگىرىش بولمايۋاتاتتى...

بۇ ھال دېھقانلارنى «ئەرزخور» قىلىپ قويدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى جۈرئەتلىكلىرى مەركەزگە، ئاپتونوم رايونغا دەرد ئۇقتۇرماق، زۇلۇم-ستەم ئۈستىدىن شىكايەت قىلماق ئۈچۈن ئەرزىنى قاملاشتۇرۇپ يازالايدىغان بىرسىگە ھاجەتمەن بولدى.

ئەرزچى دېھقانلار مېنى تېپىۋېلىشتى. ئۇلار يىغلاپ تۇرۇپ ھال ـ مۇڭىنى تۆكتى، مەنمۇ يىغلاپ تۇرۇپ ئەرزنامىلەرنى يازدىم... بۇ پۇرسەت مېنى بىۋاستە پاكىت، تۇرمۇش ئۆگىنىش ئىمكانىيىتى بىلەن تەمىنلىدى. مەن ئەرزنامىلەرگە سىغمىغان ئاشۇ دېھقان دەردلىرىنى شېئىرىي يول بىلەن «ئەرز» قىلىپ يېزىپ، مەتبۇئات يۈزىدە جامائەتكە سۇندۇم. ئەگەر بۇ «پەللە» ھېسابلانسا، بەرھەقكى بىلىشىمنىڭ، ھېسسىيات جەھەتتە دېھقانلار بىلەن ھەمنەپەسلىكىمنىڭ چوڭقۇرلىشىش پەللىسى. تېما جەھەتتە خەلققە، تۇرمۇشقا يېقىنلىشىپ شېئىر يېزىشىمنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى!

**ئابدۇقادىر ھاشىم:** دېھقان دەردلىرى ھەققىدە ئەسەر يېزىشىڭىزنى قانداق ئىلھام روياپقا چىقارغان بولغىيتتى، دەپ ئويلاپ قالىمەن؟...

**روزى سايىت:** «ئىلھام»نى شائىر قەلبىنىڭ غىدىقلىنىشى، شەيئىيلەرگە شائىر كۆزىتىشىدە پەيدا بولىدىغان تەسىرلىنىش، ھاياجان ياكى غەزەپ-نەپرەتنىڭ دەقىقە ئىچىدىكى چاقماق چېقىشى، دەپ ئويلايمەن...

دېھقان دەردلىرى ھەققىدە يازغان شېئىرلىرىمنىڭ قانداق تارىخىي، رېئال شارائىتتا روياپقا چىققىنىنى ھازىر خېلى كەڭ سۆزلەپ ئۆتتۈم، يەنە تەكرارلىماق ئارتۇقچە. دەيدىغىنىم: مەن قايسىبىر «ئىلھامنىڭ تۈرتكىسى»دە ئەمەس، دەردلەنگەن، رېئال ھاياتتىن قانائەت تاپمىغان، ئىنساندەك ياشىغۇسى كەلگەن دېھقان جامائەسىنىڭ قەلبىنى،

www.uyghurkitap.com

لەۋزىنى، ھېسسىياتنى مىسرالارغا قۇربىم يەتكەن دائىرىدە ئەينەن كۆچۈرۈپ قويدۇم، خالاس! دېمەك دېھقان دەردلىرى راست سۆزلەشكە جۈرئەت قىلغانلىقىمنىڭ مەھسۇلى.

**ئابدۇقادىر ھاشىم:** بۇلبۇل زۇۋانلىق ئاۋاز ئارتىسى ئابدۇقەييۇم ئىمىن ئەپەندى دېكلاماتسىيىسىدىكى ئېسىل شېئىرلىرىڭىز ئۇنئالغۇ لېنتىسى قىلىنىپ جامائەت نەزىرىگە سۇنۇلدى. سىزمۇ بۇنى بىزگە ئوخشاش «گۈل ئۈستىگە گۈل كەلتۈرگەندەك ئىش بولدى» دەپ قارامسىز؟

**روزى سايىت:** توغرا ئېيتىسىز، ئىنىم ئابدۇقەييۇم ئىمىن ئاشۇ قاپلىق ئۈنئالغۇ لېنتىسىدىكى شېئىرلىرىمنى ئوقۇپ دېكلاماتسىيە قىلدى دېگەندىن كۆرە، ئۇ ئۆز ئاۋازى بىلەن دېھقان دەردلىرىنى قايتىباشتىن يازدى دېمەك ئەقىلغا مۇۋاپىق. ئۇ ھەر بىر شېئىرنى مىسرا، چېكىت، پەشلىرىگىچە چۈشىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۆز ھېسسىياتىنى قوشۇپ پۈتكۈل ۋۇجۇد، يۈرىكى بىلەن ئوقىدى!

بەزىلەر ئاشۇ لېنتىدىكى شېئىرلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىنكى تەسىراتىنى «ئەدەبىيات بىلەن سەنئەتنىڭ بىرلىشىشى» دەپ خۇلاسىلاشتى. مەن بۇنى گۈزەلنىڭ مەڭزىگە چېكىلگەن خال، قۇلىقىغا قىستۇرۇلغان غۇنچە، دەپ تەرىپلىدىم.

ئاشۇ قاپلىق ئۈنئالغۇ لېنتىسىگە ئوقۇلغان شېئىرلار ئىلگىرى ھەر قايسى گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان، جامائەتچىلىك بىلەن ئاللىبۇرۇن يۈز كۆرۈشۈپ بولغانىدى. ئىنكاس چەكلىك دائىرىدە بولغان. شېئىرلىرىم ئابدۇقەييۇم ئىمىن لەۋزىگە كۆچكەندىن كېيىن بۇ شېئىرلارغا قانات پەيدا بولدى، ئۇيغۇر لەۋزىنى بىلەلەيدىغانلىكى كىشىلەرنىڭ باغ-ھويلىسىدا پەرۋاز قىلدى. قەلبىنى لەرزىگە سېلىپ، غەپلەت باسقان ۋۇجۇدلارنى قاتتىق بىر سىلكىپ ئۆتتى. بۇ شېئىرلاردىن قارىغۇلارمۇ، ساۋاتسىزلارمۇ خەۋەر تاپتى. يېزىلىقلار: «بىزنىڭ گېپىمىزنى قىلىدىغان، ھالىمىزنى چۈشىنىدىغان ئادەممۇ بارئىكەن-ھە؟» دېيىشسە، ئاللىكىملەر: «دەل مۇشۇ لېنتىدىكى قىسمەتلەر تۈپەيلى تۇغۇلغان يۇرت-ماكانىنى تاشلاپ يېزىدىن قاچقان ئەمەسمىدۇق؟» دەپ كەچمىشىنى ئەسلەپ ياش تۆكۈشتى. «شائىرنىڭ قەلەم تۇتقان قولى بۇنىڭدىن چوڭراقىغا لايىق» دېيىشىپ، ئالتۇن ئۈزۈك سوۋغات قىلغۇچىلارمۇ چىقتى. . .

نەۋائىي ھەزرەت توغرا ئېيتقان: كۆڭۈل خۇشناۋازدىن قۇۋۋەتلىنىدۇ، جان خۇشئاۋازدىن ھوزۇرلىنىدۇ. خۇشئاۋاز ناخشىچىنىڭ ناخشىسى دەردمەنلەر قەلبىدىكى ئوتنى ئۆلغايتىدۇ. ئەگەر يېقىملىق بولسا، زوق-شوق، شادلىق ئىلكىدىكى يۈرەك قىسىلىشىدىن بىر خىل ئىچكى قوزغىلىش كەيپىياتى پەيدا قىلىپ، باتىنىدا قىيامەت غەلىيانى قوزغايدۇ. . .

بۇ نۇقتىدا مەن ئۆزۈمنى ساز چالغۇچىغا، ھۆرمەتلىك ئىنىم ئابدۇقەييۇم ئىمىننى ماڭا تەڭكەشلىنىپ ناخشا ئېيتقۇچىغا ئوخشىتىمەن. بىلىش لازىمكى، ئەگەر چالغۇچى سازنى ناھايىتى كۆچلۈك دەرد ئىلكىدە چالسا، دەردتىن زەخمىناك يۈرەككە بەكرەك تېگىدۇ. ماھىر، خۇش ئاۋاز ناخشىچىنىڭ ئاغزىدىن چىققان ئاۋاز ئاشۇ كۆيگەن يۈرەكلەردىن ئىس چىقىرىۋېتىدۇ!

ئاشۇ قاپلىق ئۈنئالغۇ لېنتىسى تارقالغىنىغا بەش يىلچە بوپقالدى، مەن ئابدۇقەييۇم ئىمىن بىلەن تونۇشۇپمۇ قالدىم. ئەمما قانغىچە پاراڭلىشىپ ئەسرارلاشقىدەك پۇرسەت بولمىدى. سىزنىڭ مۇشۇ سوئالىڭىزغا جاۋاب بېرىش ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ بولسىمۇ ئۇ تالانت ئىگىسىگە: «رەھمەت، بۇلبۇلدەك ئۈن-ئاۋازىڭىزغا دەردكەلمىسۇن» دېگۈم بار.

**ئابدۇقادىر ھاشىم:** شائىرلىق بىلەن رېئال ئادىمىلىكنىڭ سۈپىتىگە ئورتاق ئۆلچەم قويغان تۈزۈكمۇ؟

**روزى سايىت:** شائىر ئەڭ ئالدى بىلەن ئادەم، ئاندىن شائىر. ئادىمىلىك سۈپەت شائىرلىق سۈپىتىنى ئاپىرىدە قىلىدۇ. ئادىمىلىك سۈپەتنىڭ قانداق بولۇشى شائىرلىق سۈپىتىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. «ئادەم تەڭرىنىڭ سايىسىدۇر»، «ئادەم ئۇلۇغلارنىڭ ئۇلۇغىدۇر»، «ئادەم نەپسىنىڭ قۇلى»، «ئادەم ـ ئازغۇچى، ئۇ مەڭگۈ قانائەت قىلمىغۇچى». ئاندىن يۇقىرىقى شەرھىي سۈپەتى بىلەن ئادەمدۇر. چۈنكى ئۇ تەڭرى ھىممىتى بىلەن ئۇلۇغ، شەيتان قۇتراتقۇلۇقى بىلەن، نەپسى ھەۋەس غىدىقلىشى بىلەن گۇمراھ، ئەركىنلىككە ئىنتىلىشى، مەڭگۈ قانائەت تاپماسلىقى بىلەن قەدىرلىك ۋە بۈيۈك!

ئادىمىلىك بولسا، ئاشۇ ئادەملەر ئەخلاقىي پەزىلىتىنىڭ گۈزەل سۈرىتى.

دۇنيانى ئەخلاق، ئىنساننى پەزىلەت تۇتۇپ تۇرىدۇ. سىلە-رەھىم، مېھىر-شەپقەت، ساداقەت، سۆيگۈ-مۇھەببەت. . . ئادىمىلىكنىڭ ئۇلىنى قوپارغۇچى فوندامىنتتۇر. ئەگەر ئۇ بولمايدىكەن، ئادەملەر ياۋايىلىشىپ ئىپتىدائىي ھايۋان ھالىتىگە قايتىدۇ، دۇنيا خارابلىشىدۇ ـ تۈگەيدۇ!

. . .

شائىر تەڭرى ئاتا قىلغان ئالاھىدە ھېكمەتكە تايىنىپ، كىشىلەرنىڭ ئارزۇ-ئىستەكلىرى، ھەۋەس ـ ئىشتىياق ۋە تەلەپلىرىنى ھېسسىيات ئوچىقىدا تاۋلاپ، تىل قۇدرىتىگە تايىنىپ «شېئىر»غا ئايلاندۇرغۇچى.

شائىرلىق ـ نام-شۆھرەت ئۈچۈن ئەمەس. شائىرلىق «نەپسى» ئىلاھىي ھېكمەت بىلەن تويۇنغان بولغاچقا، ئۇنىڭغا يالاقچىلىق، خۇشامەت، تەمە داستىخىنىنىڭ ئېسىل ناز-نېمەتلىرى بىھاجەتتۇر. شائىرلىقنىڭ لوقمىسى دەرد، ئەل غېمى، شۇڭا كەسكىن قىلىپ دېيىش ھاجەتكى، ئادەم ھەممە مەخلۇقاتلارنىڭ ئۇلۇغى، شائىر ئاشۇ ئۇلۇغ ئادەملەرنىڭمۇ ئۇلۇغى. ئەمما بىر شەرتكى، بۇ ئۇلۇغلۇق ئادىمىي پەزىلەت، گۈزەل قىلىق ۋە خۇلق، راستگۆيلۈكى بىلەن بولىدۇ.

ئۇلۇغ خۇدا مېنى مۇشۇ يېشىمدا، مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە ئادىمىلىك پەزىلىتىدىن جۇدا قىلماي، «ئادىمىي شائىر»لىق سۈپىتى بىلەن كەتكىلى نېسىپ قىلغاي!

**ئابدۇقادىر ھاشىم:** خوتەن شەھىرى مەركىزىدىكى دېھقان ھەيكىلىنىڭ پروتوتىپى راستىنلا سىزمۇ؟

**روزى سايىت:** شۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟ ئۇ، دېھقاننىڭ ھەيكىلى، مەن دېھقان مىللەتنىڭ شائىر بالىسى. ئەگەر ئۆزۈمنىڭ پۇشتىنى، ئۆزۈمنىڭ شۇ قەۋمگە مەنسۇپلۇقىنى ئېسىتىن چىقىرىپ قويسام شەرمەندىلىك ئەمەسمۇ؟ يەنە كېلىپ مەنمۇ دېھقان-دە!

. . .

دېھقان ئەجىر ـ ئەمگىكى بىلەن ئىككى دەريا ئارىسىدىكى خوتەن بوستانلىقىنى ياراتتى. ئاللا قولىنى گۈل، پەزىلىتىنى يۈكسەك قىلىپ دۇنياغا كەلتۈرگەن سەنئەت پېشىۋاسى غازى ئەھمەت ئاكا ئىلچى شەھەر مەركىزىگە دېھقاننى «ياراتتى». مەن شائىرانە راستگۆيلۈق بىلەن نېمىنى ياراتتىم؟ ئۆزۈمنى! شائىر «ھەيكىلى»نى!

غازى ئەھمەت دېھقان ھەيكىلىنىڭ 50سانتىمېترمۇ كەلمەيدىغان

ئەۋرىشكىسىنى قىزىل لايدىن لايىھىلەۋاتقىنىدا، مېھمانساراي ياتقىدا مەن بىللە ئىدىم. ئۇنىڭ ماڭا قاراپ-قاراپ قويغىنى ، «ئوخشىغاندەك تۇرامدۇ؟ » دەپ سوراۋېتىپ كۈلۈمسىرىگىنى ئېسىمدە. . .

**ئابدۇقادىر ھاشىم:** ئەدەبىياتنىڭ تەقدىرى ، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتنىڭ ئومۇمىي ئىستىقبالىغا نەزەر سېلىۋاتقانلار: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئۈزۈكچىلىك ھادىسىسى مەۋجۇد. بۇ خىل ئۈزۈكچىلىك يېقىن كەلگۈسىدە ئۆزىنى تېخىمۇ ئاشكارىلايدۇ» دەپ قارايدىكەن. سىزنىڭچە بۇنداق تەشۋىش ئارتۇقچىمۇ ياكى مەلۇم ئاساسى بارمۇ؟

**روزى سايىت:** بۇ سوئالنى ياخشى قويدىڭىز. ئەدەبىياتنىڭ تەقدىرىگە ئەدەبىيات ئەھلىدىن باشقىلارنىڭ نەزىرى چۈشمەيۋاتقىنىنى سېزگىنمۇ ،ماڭىمۇ بەشقولدەك ئايان. ئەدەبىيات بىۋاستە ئىشلەپچىقارمايدۇ. ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىشقا قاتناشمايدۇ. شۇ سەۋەبلىك ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتالمايدىغان بۇ ساھەگە كىمنىڭ كۆڭۈل بۆلگۈسى كېلىدۇ، دەيسىز؟ ھازىرقى ئەدەبىيات VCD ئىشلەيدىغانلارنىڭ مەھەللىۋىي ئېھتىياج مونوپوللوقىدا، ئېلان سەنئىتىگە ئېھتىياجى چۈشۈۋاتقان كارخانا مەھسۇلاتلىرىنى راستتۇ، يالغاندۇ كۆپتۈرۈپ ماختاشلاردا نەزەر - ئېتىبارىنى تاپماقتا.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئۈزۈكچىلىك ھادىسىسىنىڭ مەۋجۇدلۇقى، ئۇنىڭ يېقىن كەلگۈسىدىكى خەۋپى مەسىلىسىگە كەلسەك، تەرەققىيات نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇنداق بولمايدۇ، بولماسلىقى كېرەك. تېخى قايسىبىر نوپۇزلۇق ئورگاندىن «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئۈزۈش» پەرمانى چۈشۈرۈلمىدى. شۇنىسى راستكى بىرئەۋلاد پېشقەدەملىرىمىزنىڭ ئارقا-ئارقىدىن پانىي ئالەمدىن باقىي ئالەمگە رىھلەت قىلىشى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا چوڭ يوقىتىش بولدى. بىراق دالادا ھەر يىلى ئوت-چۆپلەر قۇرۇيدۇ، ئەمما تۇپراق يەنە تۇرلۇك - تۇمەن مايسىلارنى ئۆستۈرىدۇ. يازدا توزىغان گۈل بەرگىلىرىدىن كېلەركى يىلى باھاردا يېڭى غۇنچىلار پورەكلەپ ئېچىلىدۇ. تۇنۇگۇنكىلەرنىڭ ئورنىنى بۈگۈنكىلەر باسىدۇ.

... مانا بۇ - ھايات، ئۈزۈلمەس تەرەققىيات مېلودىيىسى.

ئەگەر بىر ئەۋلاد نوپۇزلۇق ئەدىبلەر ۋاپاتى كېيىنكى يەنە بىر ئەۋلاد ئارىسىدا ئۈزۈكچىلىك پەيدا قىلالىشى مۇمكىن بولسا، ئاشۇ نەۋائىي، لۇتفىي، سەككاكىي، گۇمنام، مەشرەپ، نۆبىتى ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توختاپ قالماسمىدى؟ غېرىبى، زوھۇرىي، زەلىلىي. . . ئۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىي، نىمشېھىت، ل. مۇتەللىپ چىقتى ئەمەسمۇ؟. . . زۇنۇن قادىرىي كېتىۋىدى مەمتىمىن ھوشۇر پەيدا بولدى. تېيىپجان ئېلىيوف ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، زوردۇن سابىر بىزنى داغدا قويۇۋېدى، ئادىل تۇنىيازلار دۇنياغا كۆز ئاچتى. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن پەلسەپىسىنى، ھەرخىل نەزەرىيىلىرىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەتكەندەك، ئۇنىڭ ئىجادىي ئەجرى بىراۋلار تەرىپىدىن قايتىلانمايدىغاندەك قىلىۋېدى ، ئەسەت سۇلايمان، ئابدۇقادىر جالالىددىن، يالقۇن روزىلىرىمىز ئىز بېسىپ چىقتى. تەخت ۋارىسسىز، جاھان ئادەمسىز، ئەدەبىيات ھەقداسىز قېلىشى مۇمكىن ئەمەس!

يېڭى شېئىرىيەت تەرەپدارلىرى ئەنئەنىنى، ھازىرقى ئەكىلىش، قوبۇل قىلىش ھېرىسمەنلىرى بۇرۇنقىلار يەتكۈزۈپ بەرگەننى - 500يىلنىڭ بۇ تەرىپىنى تەنقىدلەۋاتقانىكەن، دېمەك بۇ ئەۋلادتا ئۈمىد بار، دېگەن گەپ. قانائەت غاپىللىق. ئەدەبىياتىمىزغا غاپىل ئاڭ ھۆكۈمران ئەمەسكەن، بۇ ھالدا تەرەققىيات بولىدۇ، تەرەققىيات بولىدىكەن، ئۈزۈكچىلىككە ئورۇن قالمايدۇ!

بۇ يەردە ۋاقىت ۋە نوپۇز مەسىلىسى بار. توغرا، بىزنىڭ ئەدەبىيات مۇئەسسەسەلىرىمىزدە ئورۇن ئىگىلەپ تۇرغانلار خېلى بىر مەزگىل ئۆز نوپۇزىنى تىكلەش، ئورۇندۇقىنى رەقىبىگە تارتقۇزۇپ قويماسلىق، ئۇنىۋانىنىڭ ئەڭ ئالىيسىغىچە ئېلىش، پىكاپنىڭ ئالدىنى تالىشىش بىلەن ئەقلىنى خورىتىپ، كېيىنكى ئادەملەرنى بايقاش، تەربىيىلەشكە ۋاقىت - پۇرسىتى ئۇلگۇرەلمەي ئالەمدىن ئۆتتى؛ ئىقتىساد يېتىشمەسلىك كېيىنكى ئون يىللاردا سىمىنارىيە، مۇھاكىمە خاراكتېرلىك تەربىيىلەش ئەنجۇمەنلىرىنى ئېچىشقا ئىمكان بەرمىدى. مۇھەممەدنىمۇ مۇھىمى «ئىشىك» نىڭ دۇنياغا ئېچىلىشى بىلەن ناھايىتىمۇ ئۇزاق ېيكىنمە ھالەتتە، بىرخىللا ئۇستىقۇرۇلما كۇنلۇكى ئاستىدا تۇرۇپ كەلگەن ئاڭ فورمىسى ۋە ئۇنىڭغا كۆنۈپ كەتكەن ئىجادىيەت ئەندىزىچىلىكى چېكىدىن بۆسۇلدى. بىز تېخى تەييارلىقسىز ھالەتتە ئىدۇق. . .

نەتىجە شۇ بولدىكى، ئون يىللاپ ۋاقتىمىز ئەدەبىيات«ئىزىم» لىرى مۇنازىرىسىدە ئۆتۈپ كەتتى. ئەگەر«ئۈزۈكچىلىك بولىدۇ» دېيىلسە، مانا مۇشۇ نۇقتىدا بولىدۇ: كونىسى مىڭ يىللىق ئامىۋى ئاساسىغا تايىنىپ ئاسان يوقالمايدۇ، يېڭىسى دەرھال ئامىۋى ئاساسقا ئېرىشەلمەسلىكى تۈپەيلى ئومۇملىشىپ كېتەلمەيدۇ، خۇلاسە - ئۈزۈكچىلىك يۈز بېرىدۇ.

ۋاقىت ئۇزارغانسېرى خۇددى قىزلارنىڭ باشتا كۆزگە سىغمىغان كېسەك، بۇدرە چېچى ئۇزۇن چاچلارنىڭ ئورنىنى ئالغاندەك، ھېچكىم ئۇنى بولماپتۇ دېمىگەندەك بولىدۇ؛ ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ياشلار ئىجادىيەتتە ،ماھارەت ۋە بالاغەتتە كامالەتكە يېتىپ نوپۇزىنى تىكلەيدۇ، ئۇ چاغدا ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، تېيىپجان ئېلىيوفلارئىككىنچى بىر خىل ئىسىم بىلەن ئەدەبىيات سەھنىسىنىڭ ھۆرمەت ئورۇندۇقىدىن ئورۇن ئالىدۇ. مېنىڭ ۋاقىت ۋە نوپۇز مەسىلىسى دېگىنىمنىڭ ۋەجى شۇ.

مېنىڭ ئۈمىد قىلىدىغىنىم، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئۈزۈكچىلىك بولماسلىق. 1960-يىللاردىكى يېزىق ئالماشتۇرۇش ئاۋارىچىلىقى تۈپەيلى بىر ئەۋلاد«لاتىنچە» ساۋاتسىز لارپەيدا بولغاندەك، ئەدەبىيات «ئىزىم» لىرىنىڭ يېڭىلىنىشى يەنە بىر ئەۋلاد ئەسلىنى بىلمەيدىغان ، ئەدەبىياتىدىن، مەدەنىيىتىدىن ياتلاشقان ئەۋلادنى پەيدا قىلماسلىق. ئۈزۈكچىلىك پەيدا بولسا بولسۇن، ئەمما ئىنكارچىلىق بازار تاپمىسۇن!

**ئابدۇقادىر ھاشىم:** سىز دەسلەپكى چاغلاردا «دېھقان بولماق تەس» ، «دېھقان يىغلايدۇ» ناملىدىكى زىلزىلە پەيدا قىلغان شېئىرلىرىڭىزنى، كېيىن يەنە«دېھقان كۈلكىسى» ناملىدىكى شېئىر توپلىمىڭىزنى نەشر قىلدىڭىز. كەمىنىڭىز بۇنداق ھالدىن بىر ئاز غەلىتىلىك ھېس قىلىپ: « بۇ شائىر تازا مەۋقەسىز ئادەممۇ-قانداق؟ » دەپ ئويلىماي قالمىدى. مېنىڭچە، سىزنىڭ كۆپلىگەن ئوقۇرمەنلىرىڭىزمۇ ئاشۇ خىل قاراش ۋە گۇماندىن مۇستەسنا ئەمەس، دەپ قارايمەن. مالال كەلمىسە ،بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلىپ باققۇم بار. ئۇدۇللا سورىغىنىمنى كەچۈرەرسىز.

**روزى سايىت:** بۇنىڭ كەچۈرۈم سورىغىدەك نېمىسى بار. سىز ئۇدۇللا سورىغاندىكىن، مەنمۇ تۈزلا جاۋاب بېرەي: ھېچكىمگە سىر ئەمەسكى، «دۇنيانىڭ ئاۋاتلىقى خەلقنىڭ شادلىقى بىلەن بولىدۇ. . ئۇ، سائىل (تىلەمچى) نىمۇ تويغۇزىدۇ، شاھنىڭ خەزىنىسىنىمۇ تولغۇزىدۇ. . .باغنىڭ زىننىتى ۋە گۈلزارلىقتىكى گۈزەل مەنزىرىلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دېھقاندىن كېلىدۇ. . . » (نەۋائىي) . ئەمما دېھقاننىڭ ئۆزىچۇ؟ ئۇ مۇشۇ «تويغۇزۇش، تولدۇرۇش» لار بەدىلىگە، ئاۋاتلىقنى بەرپا قىلىش، شادلىقنى تەقدىم قىلىش ھېسابىغا نېمىگە ئېرىشتى؟

دېھقاننىڭ ئېرىشكىنى ماڭدامدا بىر تەسلىك، ئۇنىڭغا يېپىشقىنى ھەمىشە نەسلىك، نېمىسىپ بولغىنى يىغا، دەرد-دەشۋار بىلەن كۈلەلمەسلىك. . . نېمىشقا؟!

كەمىنە مۇئەللىپ 1990-يىللارنىڭ بىرىمىدىن باشلاپ توختىمىغانچىلىك قىلىپ مۇشۇ «نېمىشقا؟!» لار تەپەككۇرىدا قەلەم تەۋرەتتىم. تەسلىك ـ نەسلىكلەر، يىغا-دەردلەر خۇسۇسىدا نىدا قىلدىم. دېھقانمۇ كۈلسىكەن، دەپ ئارزۇلىدىم. چۈنكى دېھقان يىغلاشقىلا يارىتىلمىغان-دە! ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تەسلىك ياشلىرى قۇرۇسا، يۈزىدە ئۈمىد جىلۋىلەنسە، مۇراد-مەقسەت كۈلكىسى چاقنىسا نېمىشقا بولمايدىكەن؟

ئەمما دېھقان كۈلەلمەيۋاتاتتى، كەملەردۇر دېھقانلارنى كۈلدۈرمەيۋاتاتتى، كۈلكىسىنى قىزغىنىپ تارتىۋالماقتىدى. . . بۇ كۈلكە نەگە يەتتى؟ نەگە سولاپ قويۇلدى؟ مەن ئۇ «كۈلكە» نى ئىزدەپ يولغا چىقتىم: خامانلارنى كېزىپ، توپىلىق يوللارنى ئارىلاپ يېزىنىڭ قىڭغىر ئۆيلىرىگە كىردىم، ئاپتاپ ئىسسىنىۋاتقان بوۋاي ـ موماىلارنى، يالىڭاياق قىز-يىگىتلەرنى، ناۋاي، ئاشپەزلەر سودا قىلىۋاتقان بوتكىلار ئالدىنى . . . ھەممە يەرنى ئاختۇردۇم، بۇ «كۈلكە» يېرىلغان قاداق لقانلارنىڭ ئاراشلىرىدا، ئاپتاپتا مىستەك كۆيگەن يۈز-پېشانىلەرنىڭ رۇق ـ قاتلاشلىرىدا ئۇچراپ قالار، دەپ ئۈمىدلەندىم. ئەپسۇس، ئۇ ۆرۈنمەيتتى، دېھقان كۈلكىسىنى پارتىيە ئىنتىزامى ۋە دۆلەت قانۇنىدىن ھېيقمايدىغان زامان ئۆكتەملىرى تارتىۋالغانىدى؛ نەپسى بالا «ئۈچ قالايمىقان»، بىرەھىم يەرلىك سىياسەت، يۇقىرىدىن قانچە «بەس!» دېيىلمۇ بولدى قىلمايۋاتقان بەزى يەرلىك زالىملار تارتىۋالغانىدى. . .

مەن ئاشۇ تارتىۋېلىنغان كۈلكىنى ئىزدەپ تېپىشىمغا، ئۇنىڭ ھامان ئۇچرىشىغا ئىشىنەتتىم. . . «دېھقان كۈلكىسى» مانا مۇشۇ ھېسسىياتنى چىقىش قىلغان، مۇشۇ ھېسسىيات سىڭدۈرۈلگەن، مۇشۇ مەزمۇننى چۆرىدىگەن ۋە مۇشۇ ئىدىيىنى ئىلگىرى سۈرگەن بىر پارچە شېئىر ئىدى. ئۇنىڭدا «كۈلدى» ئەمەس، «كۈلىدۇ» يېزىلغانىدى.

1996-يىلىنىڭ كەچكۈزىدە قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىغا بىر دەپتەر شېئىر سۇندۇم. باش مۇھەررىر تەڭقىسلىقتا قالغان تەلەپپۇزى بىلەن: «دېھقان يىغلىدى دەۋرسىلە يۇقىرىدىن كىتابلىرىنى تەستىقلىتالماسمىز، يىغلىماي كۈلۈپ كەلسىلە بۇ باشقا گەپ» دېدى. مەن دەرھال «(دېھقان يىغلايدۇ) نى (دېھقان كۈلىدۇ) قىلىپ يەڭگۈشلەپ بەرسەمچۇ؟» دەپ سورىدىم. باش مۇھەررىر: «ئۇنداقتا كېلەر يىلىنىڭ تېماتىك پىلانىغا ئالىمىز» دەپ ئىپادە بىلدۈردى. شۇنداق قىلىپ، توپلىمىمنىڭ تېمىسى «دېھقان كۈلكىسى» بوپكەتتى. ئەمەلىيەتتە توپلام ئىچىدە ئاشۇ ماۋزۇلۇق شېئىر يوق ئىدى. مەن كىتاب ماۋزۇسىنىڭ ئېھتىياجى بىلەن «دېھقان كۈلكىسى » دېگەن بىر پارچە شېئىر يېزىپ تولۇقلاشقا مەجبۇر بولدۇم.

ئوقۇشماسلىقلارنى تۈگىتىش، كۆرمەي، ئوقۇماي تۇرۇپ: «بۇ تازىمۇ مەۋقەسىز ئادەممۇ ـ نېمە؟» دەپ قالغانلارغا ھەدىيە ۋەجىدىن بۇ شېئىرنى يادلاپ بېرەي، ئاڭلاپ بېقىڭ:

### دېھقان كۈلكىسى

دېھقاننىڭ كۈلكىسى ئامەت كۈلكىسى،
دېھقاننىڭ كۈلكىسى قۇتتىن بىشارەت.
دېھقاننىڭ كۈلكىسى جاھانغا بەرىكەت ،
دېھقاننىڭ كۈلكىسى جەۋلانى ـ ھەرىكەت،
ئۇ توقلۇق، ئۇ شوخلۇق، شانغا ئىشارەت. . .

دېھقاننىڭ كۈلكىسى جاۋغايدا ئەمەس،
ئۇ يۈرەك تۆشتىدىن پارتلايدۇ ، بىلسەڭ.
ئۇ قاداق ئالقاننىڭ ئاراشلىرىدىن،
ئۇ كۆيۈك ماڭلاينىڭ قاتلاشلىرىدىن،
نۇرانە كۆزلەردىن چاقنايدۇ، بىلسەڭ.

گەر دېھقان كۈلمىسە كۈلەلمەس ھېچكىم،
گەر دېھقان كۈلمىسە كۈلەلمەس دۇنيا.
دېھقاندىن كۈلكىنى قىزغانماق ئۇيات،
دېھقان كۈلەلمىسە مۇكەررەم ھايات،
بۇ كۈلكە مۇھتەرەم، ئەزىز- تۇتىيا.

بۇ كۈلكە سەپەردە ھارغانغا ماغدۇر،
بۇ كۈلكە بار يەردە جانلارغا ئارام.
بۇ كۈلكە مۇھەببەت ـ يارنىڭ ۋىسالى،
بۇ كۈلكە بەك ساددا (مىكىردىن خالىي) ،
بۇ كۈلكە ھەرقانداق يارامدىن يارام!

بۇ كۈلكە پاكلىقتا ئوغۇزدۇر ـ ئوغۇز،
بۇ كۈلكە ئالەمدە بىگانە ـ يەكتا.
دېھقاننىڭ كۈلكىسى ئامەت ئىنسانغا،
بۇ كۈلكە قاچمىسۇن يەردىن ئاسمانغا،
ئۇ يىتسە سىزدىمۇ كۈلكە يوق ھەتتا.

شۇ كۈلكە بولمىسا باغلار تاقىر ساي،
شۇ كۈلكە بولمىسا گۈل ئاچماس چىمەن.
شۇ كۈلكە بولمىسا قازناقلار قۇرۇق،
ئۆسەلمەس نەۋرىلەر ئۇماق، بۇدرۇق،
شۇ كۈلكە ھەركىمنى قىلغان شوخ، تېمەن.

بۇ كۈلكە ۋەزىندە رۇستەمانە كۈچ،
بۇ كۈلكە ۋەزىندە ھاتەمى مەردلىك.
بۇ كۈلكە قىزلارغا ھۆسن-لەتاپەت،
بۇ كۈلكە ئەرلەرگە روھىي سالاپەت،
بۇ كۈلكە ئەتىۋار، شۇنچە قىممەتلىك.

دېھقاننىڭ كۈلكىسى چۈشمەيدۇ كۆكتىن،
(بۇ كۈلكە ئۇنىڭغا ئەمەس ئىنئانە . )
دېھقاننىڭ كۈلكىسى ئەجرۇ ئەزىمدىن،
ھەرمايىسا تۇۋۇنگە مىڭبىر تەزىمدىن،
ئۇ شۇنداق تەس كۈلكە، شۇنداق شاھانە!

راست، دېھقان جىك كۈلەر، «قوپال»- چىك كۈلەر،
ئۇ كۈلسە بىر قېتىم مىڭ گۈل تۆكۈلەر.
قەھرىدە ئاۋازىنىڭ باغرى چاك - تىلىم،
مېھرىدە ئويغىنار نەۋ باھار، ئىقلىم...
دېھقانغا يات يالغان، ساختا كۈلكىلەر.

چۈنكى ئۇ خاماندا چەشلەنگەن كۈلكە،
چۈنكى ئۇ كانار① داپەشلەنگەن كۈلكە.
ئۇ كۈلكە تومۇزدا پىشىپ مەي بولۇپ،
جەملىنەر يۈرەككە قۇۋۋەت-ئەي بولۇپ،
كۈلكىمۇ؟ ياق، يىغا غەشلەنگەن «كۈلكە»!

مەن ئۇنى ئىستەيمەن بەزمە-مەشرەپتىن،
مەن ئۇنى كۆرمەكچى ناخۇللۇق قولدا،
تاپماقچى ياپلاقتىن، ئانار، تال-تەكتىن،
تومپايغان ھەمياندىن، پۇل قويغان چەكتىن،
بۇ كۈلكە، ئېيتىڭلار، بازاردا؟ يولدا؟...

* * *

دېھقاننىڭ كۈلكىسى - ئۈمىد كۈلكىسى،
دېھقاننىڭ كۈلكىسى قۇتتىن بىشارەت.
گەر ئۇنى يىغلاتساڭ كۈلەلمەس ئالەم،
بۇ ھالدا، دەۋرگىن: «سولدى باغ - لالەم»،
دېھقاننىڭ كۈلكىسى شانغا بىشارەت!...

شۇنچە داۋراڭغا سەۋەب بولغان شېئىر مۇشۇنچىلىكلا. قۇربىم يەتسە، ئۆمرۈم يار بەرسە، مەن بۇنداق «كۈلكە» شېئىرلىرىدىن كۆپلەپ يازىمەن، تاكى دېھقان كۈلگىچە! باشقا كەسىپداشلىرىمنىڭمۇ شۇنداق قىلىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن. ئوبزورچى بۇرادەرلەرنىڭ ھەم بۇ خىل «كۈلكىچان شېئىر»لار ھەققىدە بىر نەرسە دەپ بېقىشىنى كۈتىمەن!

**ئابدۇقادىر ھاشىم:** «ئەدەبىيات - سەنئەت تۇرمۇشتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ» دېگەننى «ئەدەبىيات - سەنئەتتىن تۇرمۇش ئۈستۈن» دېسەك بولامدۇ؟

**روزى سايىت:** نەزەرىيە-تەلىمات دېگەنلەرنىڭ بەزىسى ئالللىقاچان ئۆزگەردى، بەزىلىرى ئەمەلىيەتنىڭ سىناقلىرىدا ئىمتىھان بېرىۋاتىدۇ. ئۆزگەرمەيدىغان ھېچنېمە يوق. چۈنكى نەزەرىيە دېگەن مۇتلەق ھەقىقەت ئەمەس.

مېنىڭچە، ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى «مەن»نىڭ تۇرمۇش ھاسىلاتلىرىدىكى چۈشەنچىسىنىڭ ئىجادىيەت سەندىلىدە قايتا پىرىسلىنىشى. رېئال تۇرمۇشتىن ئۈستۈن تۇرىدىغىنى غايىدىكى «تۇرمۇش». پىرىسلانغان، پىششىقلاپ، قايتا ئىشلەنگەن تۇرمۇش ھەرقانچە مۇكەممەلدەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ھەقىقىي تۇرمۇشنىڭ ئۆزىدەك ئەمەس...

سىز تۇپتۇز كەتكەن بىر ياپپېشىل بوغداي مايسىزارلىقىنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈڭ. مايسىلار مەيىن شامالدا تەۋرىنىۋاتقان بولسۇن، ناۋادا سىز بۇ مەنزىرىنى تەسۋىرلىمەكچى بولسىڭىز، نېمە دەپ يېزىشىڭىز مۇمكىن؟ ناھايەت «كۆز يەتكۈسىز يېشىل مايسىزار خۇددى دېڭىز سۈيىدەك يېنىك چايقالماقتا...» ۋە ياكى «ئېتىزدىكى مەنزىرە كىشىگە خۇددى يېشىل مەخمەل شىلدىرلاۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى...» دېيەلىشىڭىز مۇمكىن.

كېچە قاراڭغۇلۇقى ئىچىگە چەكسىز سىرلار يوشۇرۇنغان: زۇلمەت، ۋەھىمە، ئوغرىلىق، ۋىسال، سۆيۈك، دىدارى مۇلاقەت، ئىتلارنىڭ قاۋىشى، ئاشىقنىڭ يارىنى باغقا چىللاپ ئېيتىۋاتقان ئىشارەتلىك ناخشىسى...

سىز كېچىدىكى بۇ سىرلارنىڭ قايسىبىرىنى قەلەمگە ئېلىپ ئۈلگۈرىسىز؟ ناھايەت «قاپقاراڭغۇ كېچە، كېچە قاراڭغۇسى خۇددى قاغىنىڭ قانىتىدەك، ئاسمان تېگى گويا قازاننى دۈم كۆمتۈرۈپ قويغاندەك، سىياھتەك...» شۇنچىلىك ئوخشاتماققا قۇربىڭىز يېتىدۇ...

بىر تال قىزىل گۈل، ئاران بىر تاللا قىزىلگۈل، ئۇنىڭ ھەر تال بەرگىگە، بىر پۈتۈن گەۋدىسىگە قانچىلىك گۈزەللىك، قانچىلىك نەپىسلىك ۋە قانچىلىك تەبىئەت ھېكمىتى مۇجەسسەملەشكىنىنى يارىتقۇچى بىلىدۇ! سىز ئۇنى ئۆز ئەسىرىڭىزدە ئەينەن (ئۈستۈنىنى دېمەيلى) ئاشۇ قىزىلگۈلنىڭ ئۆزىدەك تەسۋىرلىيەلەمسىز!...

كىشىلىك ھاياتنى، دۇنيانى، ئۇنىڭدىكى تۇرمۇش ھاۋادىسىلىرىنى ئۇنىڭ ئۆزىدەك قىلىپ يېزىش، ئىپادىلەش ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ، سىز - بىزنىڭ قولىمىزدىن كېلەرمۇ؟

تۇرمۇشتىكى پەسلىك ئىچىدە ئالىيجانابلىق، گۈزەللىك ئىچىدە بىر ھېس قىلالمايدىغان سەتلىك، بەخت دېگەنلىرىمىزنىڭ دالدىسىدا دە - ئەلەم، رەھىم - شەپقەت بولۇپ كۆرۈنگەن نەرسىلەردە ۋاپاسىزلىق زۇلۇم - ئىستىبداتلىق ئارىلاشما ھالەتتە مەۋجۇد. بۇلارنى ئۇ ھالەتتىن ئۈستۈن دەرىجىدە ئەمەس، ئۆز ئەينىگە يېقىنلاشتۇرۇپ ئىپادىلەپ بېرىشكىمۇ قۇدرەت - كامالەت كېتىدۇ.

كۆپتۈرۈش - مۇبالىغىنىڭ، چىرايلىقلاشتۇرۇپ، جايىدىراق ئىپادىلەش تىل پاساھىتىنىڭ، ماھىيەتكە يېقىنلىشىش - تەپەككۇردىكى بالاغەتنىڭ نەتىجىسى. ئۇ ھەرگىزمۇ تۇرمۇشنى ئۆز ئەينەنلىكىدىن ئۈستۈن قىياپەتكە كۆتۈرۈشنىڭ مۇمكىنچىلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ!

**ئابدۇقادىر ھاشىم:** چىڭغىز ئايتماتوف: «يازغۇچى زاماننىڭ ۋىجدانى» دېگەنىكەن. بۇ ھۆكۈم بويىچە بىزدە «شائىر - يازغۇچى» ئاتىلىۋاتقان قاتارى ئادەملەرنى قانداق باھالىغان تۈزۈك؟

**روزى سايىت:** يازغۇچى - شائىر ئۆز دەۋرىنىڭ ئادىمى. قايسى دەۋر، قايسى زامانغا تالىق ئادەمكەنمىز، «يازغۇچى - شائىر»لىقىمىزمۇ شۇ دەۋر، شۇ زامانغا تەۋە بولىدۇ. «ۋىجدان» دېگىنىڭىزمۇ ئادىمى ھەم ئادىمىيلىككە قاراپ ئۆلچىنىدۇ. ئادىمى پەزىلەت، ئادىمي خىسلەت كامالىغا يەتسە، ئۆز ھالىغا ئېچىنىپ يىغلىيالىسا، پەرياد چېكەلىسە ۋە ياكى كۈلەلىسە - ھېجىيالىسا، نەق ئاشۇ ۋىجدان، ئۇنداق بولمايدىكەن، ۋىجدان يوقلا بىر نەرسە. بۇ، «يازغۇچىنىڭ ۋىجدانى»نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئەلۋەتتە. زاماندىن ۋىجدان تەمە قىلماق، «زاماننىڭ ۋىجدانى» بولىمەن دېمەك، بىۋاپا چىرايلىقتىن سۆيۈك تىلىمەك ۋە «سۆيىمەن قۇچىقىدا ئۆلۈپ بېرىمەن!» دېگەنچىلىك گەپ.

«ئەدىب ئاتىلىۋاتقان ئادەملەر قاتارىنىڭ ۋىجدانىنى باھالاش»تىن ئىلگىرى زامان ۋىجدانىنى باھالىماق لازىمكى، بۇ خىل ئىمتىياز مەندە

① كانار - قاساپنىڭ گۆش ئاسىدىغان ئىلغۇسى.

www.uyghurkitap.com

يوق. ئەڭ مۇۋاپىقى: «سەندە ئاشۇ ۋىجدان بارمۇ؟» دەپ سوراڭ. ئاللا مېنى ۋىجداندىن - ئەدىبلىك ۋىجداندىن ئايرىمىسۇن!

**ئابدۇقادىر ھاشىم:** «دېھقان بولماق تەس» يېزىلغاندىن كېيىن باشقىلارمۇ بىرمۇنچە «تەس»لەرنى يېزىشتى، گويا جاھاندا ھەممىئىش تەسلىشىپ كېتىۋاتقاندەك. سىز بۇنىڭدىن غەيرىيلىك ھېس قىلىپ رەنجىمىدىڭىزمۇ؟

**روزى سايىت:** راست دەيسىز، يېقىنىنىڭياقى «تەس»نى رادىق قىلىپ يازىدىغانلار ئۇۋۇشى بۇزۇلغان ھەرىدەك كۆپىيىپ كەتتى. «ئادەمبولماق تەس»، «كادىر بولماق تەس»، «كېلىن بولماق تەس»، «ھاراق ئىچمەك تەس» ۋەھاكازالار. ھەتتا «ئېشەك مىنمەك تەس»مۇ بازارغا چىقتى. بۇ خىل «تەس»لەر بىر قارىماققا بىمەنىلىكتەك، دورامچىلىقتەك، ئىجادىيەت ئەخلاقسىزلىقىدەك كۆرۈنسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ئىشلار ھەقىقەتەن تەسلىشىپ كەتتى: نوپۇس كۆپەيگىنى بىلەن چىن مەنىسىدىكى ئادەملەرنى تاپماق تەس بوپكەتتى؛ شتات كېرىكىدىن ھەسسىلەپ ئېشىپ، بىر پۇقرا بىر كادىرنى باقىدىغان ھالەت شەكىللەنگىنى بىلەن «خەلق چاكىرى» دېگەن نامغا لايىق چاكارلىق قىلماق تەسلىشىپ كەتتى؛ چىرىك، پارىخورلار ئاۋۇغاچقا ياشىماق، قويمىچى - ئالدامچىلار دەستىدىن ھالاللىق، ئىشەنچ يوقاپ، روھىي زەئىپلىك، غاپىلۇ - غەپلەت تۇپەيلىدىن ئەقىل بۇسلىشىپ، ئەقىدە - ئېتىقاد سۇسلىشىپ ئارامخۇدا كۈن ئۆتكۈزمەك تەسلىشىپ كەتتى. . .

بىز شۇنچە «تەس»لىكلەر ئىچىدە تىرىشىپ-تىرمىشىپ ياشاۋاتساق، بۇ «تەس»لىكلەر قەلەمگە ئېلىنمىسا بولمايتتى. مەن زامانداشلىرىمىنىڭ ئۆز ئەتراپىدىكى تەسلىكلەرنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈۋېلىشىنى، تونۇپ يېتىشىنى بەكمۇ خالايتتىم! مەن قەلەمكەشلىرىمىزنىڭ بىزنى ئادەمدەك ياشاتمايۋاتقان ئاشۇ لەنىتى «تەس»لىكلەر ئۈستىدىن مەردانىلىق بىلەن شىكايەت قىلىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتىم! . . .

تولىمۇ ئەپسۇس، كىملەردۇر ھاراق بوتۇلكىسى تېگىدە قالغان تىندۇرمىلارنى يالاپ تۇرۇپ، ئەقلىي پىيەنچۇكلۇك بىلەن «ھاراق ئىچمەك تەس!» دەپ ئېكرىسا، يەنە كىملەردۇ «ئېشەك مىنمەك تەس. . .» دەپ غىلجىڭلىدى. مەيدىسىدە ئەركەك تۈكى بار، ئۆزىنى «دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ساناقلىقلىرى» دەۋالغان بەزىلەر بۇ خىل «تەس»لەرنى تەخسىگە ئېلىپ، يۇرتتىن يۇرتقا يۈتكەپ يىغىلىش، بەزمىلەردە ئۇياتماي ئوقۇپ ئاغزىنى شالتاق قىلىشىپ يۈردى. مانا، بۇ سىز بايا مەندىن باھا بېرىشنى تەلەپ قىلغان «زامان ۋىجدانى» بولمىش بەزىبىر «ئەدىب»لىرىمىزنىڭ ئەھۋالى. كېمەل باشقا، دورا باشقا. . .

ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئەدىب - قەلەمكەش بولماقتىنمۇ بەكرەك روھنى پاكلاش قىيىندەك، تەستەك تۇرىدۇ. روھىمىز پاكلانمىسا دېگىنىمىز، داۋراڭ سالغىنىمىز باشقا، ئەمەلىيىتىمىز باشقا بولۇپ، ئەھۋالىمىز تېخىمۇ تەسلىشىپ كېتىدىغاندەك تۇرىدۇ.

ھاراق ئىچمەك تەس بولسا، ئىچمە! ئېشەك مىنگىدەك ئەرلىكىڭ بولمىسا، ئۆزۈڭنى چاغلا! ئەمما سېنى بېقىۋاتقان، سېنىڭ دەردۇ - بالايىڭدا ئىنساندەك ياشاشتىن مەھرۇم بولغان، دىلى خۇن، كۆزى ياش ئاشۇ دېھقانلىرىمىزنىڭ دەردى يېزىلغان شېئىرلارغا مەسخىرە كەلتۈرۈدىغان «تەس»لەرنى بىلجىرلاشتىن ئۇياتقىن!

**ئابدۇقادىر ھاشىم:** شائىر مىللەت روھى ئۈستىدە ئىزدەنگۈچى بۈيۈك ئىنسان. سىز شائىر بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن مىللەت روھى ئۈستىدە قانداق ئىزدىنىشلىك تەسىراتلارغا ئىگە بولدىڭىز؟

**روزى سايىت:** مەن مىللەت روھى ئۈستىدە ئىزدىنىشتىن كۆرە، مىللەتنىڭ ھازىرى ئۈستىدە كۆپرەك ئويلىنىشنى ماقۇل كۆرىمەن. روھ ھەققىدە ئىزدىنىش، ئويلىنىشنى پىسخولوگلىرىمىزغا قويۇپ، رېئاللىق ھەققىتىگە بەكرەك ئېتىبارىمىزنى بەرسەك «شائىرلىق سۈپىتى»مىزنى ئاقلىغان بولىمىز، دەپ قارايمەن.

مىللەت - تىل، ئېتىقاد، ئۆرپ - ئادەت، مەدەنىيەت قاتلىمى ئۆزگىچىلىكى بىلەن ئىككىنچى بىر قەۋمگە ئوخشىمايدىغان مىللىي گەۋدە. روھ ئاشۇ گەۋدىنىڭ مەۋجۇدلۇقىدىكى پىسخىك جان، مىجەز-خاراكتېر.

مىللىتىمىزنىڭ ھازىرقى رېئاللىقىنى ئاشۇ مىجەز - خاراكتېر ۋە بۇ مىجەز - خاراكتېرغا كىرگۈزگەن دەۋر رېئاللىقى ئاپىرىدە قىلغان. مىللەت ھازىر ئاچمۇ - يېلىڭمۇ؟ مىللەت ھازىر شاد - خۇراممۇ، دەرد - دىشۋاردىمۇ؟ مىللەت ھازىر ئۆزىنى چۈشىنەمدۇ ياكى ماڭقۇرتمۇ؟

ئاچ ئادەمگە نان، ئۇسسۇزغا سۇ كېرەككى، قۇرۇق تەسەللىي، ئاۋۇندۇرۇشلار لازىم ئەمەس. مېنىڭ شائىرلىق «سۈپىتىم»، مىنىڭ مىللەتنىڭ رېئاللىقى، ھازىرى ئۈستىدە ئويلايدىغىنىم ئاشۇنداق ئاددىي!

. . .

**ئابدۇقادىر ھاشىم:** ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش بىزگە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئېلىپ كەلدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى باشقىلاردىن ئاشقان «مەدەنىيەت» ئەندىزىلىرى بىزگە قويۇندەك يوپۇرۇلۇپ كەلدى، خەلق بۇ جەرياندا كۆپ نەرسىلىرىنى يوقاتتى، ئېرىشىش بىلەن يوقىتىش ئارىسىدىكى مۇۋازىنەت دەرىجىسىنى بىز ھازىرغىچە ئېنىق مۆلچەرلىيەلمەي كېلىۋاتىمىزمۇ، قانداق؟

**روزى سايىت:** ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش بىزگە دۇنيانىڭ ئىشىكىنى ئاچتىمۇ ياكى بىز دۇنياغا ئىشىكىمىزنى ئاچتۇقمۇ؟ بۇ «ئېچىش» بىزگە مەدەنىيەت ئەندىزىلىرىنى ئېلىپ كەلدىمۇ ياكى ئېلىپ كېتىۋاتامدۇ؟ بۇ ھەقتە ئالدىراپ خۇلاسە چىقارمىغۇلۇق. ئىسلاھات باھار شامىلىنىڭ يۈزىمىزنى سىيلاپ ئۆتكىنىگە ئاران 20 يىل بولدى. بىزگە نىسبەتەن «ئېچىۋېتىش» تېخى مۇكەممەل رېئاللىققا ئايلانمىدى. بىراق، قىيا بولسىمۇ ئېچىلغان ئىشىك يوچۇقلىرىدىن قىسىلىپ كىرگەن چەتنىڭ مەدەنىيەت ئەندىزىلىرى ئۆزىمىزدە ئەسلىدە بار بولغان مەدەنىيەت ئەندىزىلىرى بىلەن ئەمدىلا سالاملىشىۋاتىدۇ. شۇڭا ئېرىشكىنىدەك نېمۇ، يوقاتقىنىدەك چوڭ نەرسىمۇ روشەن كۆزگە چېلىققىنى يوق.

ئەزەلدىن شۇنداق: ھاياتىي كۈچىنى، ياشاش - مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇش لاياقىتىنى يوقاتقىنى سەپتىن چۈشۈپ قالىدۇ، ئىلگىرىكىسىدىن ئەۋزەل، كۆڭۈلگە ماقۇل كەلگىنى يوقالغاننىڭ ئورنىنى ئالىدۇ. باشقىچە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

تارىخچىلارنىڭ قەيت قىلىشىچە، ئەجدادلىرىمىز بۇ يەرنىڭ ئەسلى ئاھالىسى بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن، ئۆزلىرىدە بار بولغان يۈكسەك مەدەنىيەت ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن ئۇلارنى «يەۋەتكەن» مىش. ئوخشاشلا، كېيىنكى مىڭ يىللار مابەينىدە غەربىي يۇرتقا قەدەم باسقان ھەر قانداق «يات»لار يەنە مۇشۇ مۇكەممەل مەدەنىيەت ئەندىزىسى چەمبىرىكى ئىچىگە سىڭىشىپ، تېخىمۇ باي ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى روياپقا چىقارغانمىش!

تارىخنىڭ بۇ قىسمىتىدىن يەنە شۇنداق يەكۈن چىقىرىمىزكى، «يوپۇرۇلۇپ قوپۇندەك كەلگەن مەدەنىيەت ئەندىزىلىرى» ئەجدادلىرىمىز بارلىققا كەلتۈرگەن ، سىز بىلەن مەن ھەقدالىق قىلىۋاتقان مەدەنىيەت ئەندىزىلىرى بىلەن دىدارى مۇلاقاتلىق ئىچىدە مۇشۇ قۇملۇق مۇكەممەلچىلىكىگە لايىقلىشالايدىغان مۇۋازىنەت پەيدا قىلىدۇ.

كاللا «سىرتتىن كەلتۈرۈلگەن» چۆپنى يەپ سۈتكە ئايلاندۇرىدۇ، بەدىنىگە گۆش، ياغ ئالىدۇكى، ھەرگىز چۆپ ئىستىمال قىلغىنى تۆپىلى، ئوت - خەسكە ئايلىنىپ كەتمەيدۇ!

**ئابدۇقادىر ھاشىم:** مىللىي روھ ۋە مەدەنىيەتتىكى كرىزىس بىزنى تراگېدىيە ئىچىگە مۇيەسسەر قىلارمۇ؟

**روزى سايىت:** چۈشكۈنلۈك، مەنىۋى زەئىپلىك، شۈكۈر - قانائەت ۋە بىپەرۋالىقنىڭ مىللىي روھتىكى مىسكىن ئاشكارىلىقى؛ قارا-قويۇق ئىنكار قىلىش، ھەقدارلىقتىن ۋاز كېچىش، ياخشى - يامىنىنى ئىلغىماي قوبۇل قىلىش پاجىئەسىدىن كېلىپ چىقىدىغان «بارىنى چىڭ تۇتالماي، يوقىغا تەلمۈرۈپ قېلىش» تىپىدىكى مەدەنىيەت كرىزىسى ۋە بۇ ھالەت پەيدا قىلغان ياكى قىلىدىغان تەقدىرى قىسمەت ئۇيغۇرلارنىڭ يېڭى ئەسىر ھارپىسىدىكى تراگېدىيىسى. ئۇ، بىزنىڭ كۆز ئالدىمىز، ئەتراپىمىزدا يۈز بېرىۋاتىدۇ، ئىچىمىزغا تەسىر قىلىۋاتىدۇ...

تراگېدىيە - ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئۆزئارا ئېلىشقاندا ياخشىلىقنىڭ مەغلۇب بولۇشى، رەزىللىكنىڭ غالىب كېلىشى. بىزنىڭ «روھىي سۈسىز توغراقتەك قۇرۇپ قالغان، ئەقلى، ئېڭى ئۆلۈك، دەۋرىل قىيامەتكىچە مۇستەقىل ئويدىن يىراق مېخانىك» (ئاسىمجان ئوبۇلقاسىم) ھالىتىمىزنىڭ ئۆزى تراگېدىيە! ئۇنى تونۇپ يەتكەنلىكىمىزنىڭ ئۆزىمۇ تراگېدىيىلىك بەخت! بىزنىڭ مەدەنىيەت تراگېدىيىسى ئارقىلىق ئېرىشكەن «بەختىمىز» ئاڭ جەھەتتە بولسىمۇ قولدىن كەتكىنى - كېتىۋاتقىنى ۋە كېتىدىغىنىنى كۆرۈپ، ھېس قىلىپ يېتەلىگىنىمىزدۇر. شۇنى بىلەلىگەنىكەنمىز بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىش لازىملىقىنى ئويلاشقا باشلايمىز. ئەمما بۇ خىل بىلىش ، بۇ خىل ئويلاشنىڭ دەسلىپى تولىمۇ ئازابلىق ئەمەسمۇ؟

**ئابدۇقادىر ھاشىم:** تەسەۋۋۇرى قايناق، پىكىر يولى ئوچۇق، نىيەت - ئىقبالى دۇرۇست بىر شائىر قانداق مۇھىتتا بارلىققا كېلىدۇ؟

**روزى سايىت:** تەسەۋۋۇرى قايناقلىق ياشلىقتا، پىكىر يولى ئوچۇقلۇق بىلىش دائىرىسى، كۆزىتىش ئىقتىدارى يېتىلگەن چاغدا، نىيەت - ئىقبالى دۇرۇستلۇق ھەق يولىنى تۇتقان مۇھىتتا بارلىققا كېلىدۇ.

جەمئىيەت مۇھىتىدىن ئالغاندا، سىز ئارزۇلىغان شائىر ئەدەبىيات - سەنئەت دېموكراتىيىسى كەڭ يولغا قويۇلغاندا، قانۇن ئىجادىيەت خادىملىرىغا چىن مەنىسى بىلەن ھامىي بولغاندا ۋە ياكى دەرد - دىشۋار، ئەلەم - كۈلپەت كۆپىيىپ، تىل دىلغا كۆچكەن يوشۇرۇن ئىجادىيەت قىسىلچىلىقىدا بارلىققا كېلىدۇ.

**ئابدۇقادىر ھاشىم:** 21-ئەسىر ماڭدامىلىرىمىزدا تۇرۇپتۇ. يېڭى ئەسىر بىزنى دۇنيا ۋە ئۆزىمىز بىلەن ئالاقە قىلىشنىڭ قانداق يېڭى، بۈيۈك پۇرسەتلىرى بىلەن قۇتلار؟

**روزى سايىت:** ئىنسان ئارزۇنىڭ چەكسىزلىكىدە، ئۈمىدنىڭ جىلۋىگەر ئالۋۇنلىرىدا ياشاپ ئۆگىنىپ قالغان. نەق گەپنى قىلساق، 21-ئەسىرنىڭ بېشى 20-ئەسىرنىڭ قۇيرۇقىدىن باشلىنىدۇ. كۈن يەنىلا ئەۋۋەلقىدەك شەرقتىن كۆتۈرۈلۈپ، بىزنىڭ مەھەللىمىز تەرەپكە ئۆلتۈرىدۇ؛ كېچە بولىدۇ، تاڭ ئاتىدۇ، دېھقان تىنىمسىز ئىشلەيدۇ، مەن ئۇخلىماي قوشاق قاتىمەن. سىز ئوقۇيسىز، ئۇ يىغلايدۇ، بۇ كۈلىدۇ...

ئۈمىدۋاربولۇڭ: ماڭدامىلىرىمىزدا تۇرۇۋاتقان 21-ئەسىردە دۇنيا بىلەن ئارىلىقىمىز يېقىنلايدۇ، ئۆلمىگەنلەر ۋە تۇرۇلىدىغانلار يېڭى پۇرسەتلەرنى باغاشلايدۇ. پۇرسەت - ئەتىدە!

**ئابدۇقادىر ھاشىم:** ھاياتىڭىز ۋە ئىجادىيىتىڭىزدىكى خۇشاللىق ۋە ئۆكۈنۈشلۈك تەسىراتىڭىز توغرىسىدىمۇ سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز؟

**روزى سايىت:** ھاياتىمدا خۇشاللىق بار دېيىلسە، ئۇ، ئاللانىڭ مېنى ئاۋامنىڭ نەزىرىدىن چەتتە قويمىغانلىقى، كىچىككىپەرەك بولسىمۇ راست گەپ قىلىشنى ئۆگىنىۋالغىنىم، شائىرلىق كوچىسىدا تەمتىرەپ بولسىمۇ ماڭالىغىنىم! ھايات ئۆكۈنۈشلىرى، بەھەد، چۈنكى جاھانغا تۇرۇلۇشنىڭ ئۆزى كېيىنكى ماھىيەت ئېتىبار بىلەن يوقىلىشتىن ئىبارەت تراگېدىيىغۇ!...

ئىجادىيىتىمدىكى خۇشاللىق تەسىراتىم ۋە ئۆكۈنۈشلىرى، ھاياتىمنىڭ خۇشاللىقى ۋە ئۆكۈنۈشلىرىمنىڭ سىرتىدا ئەمەس: بىرنەچچە ئېغىز راست گەپ قىلالىدىم. گېپىم زامانداشلىرىمنىڭ كۆڭلىگە لايىق كەلدى. ئەپسۇس، تولۇقى بىلەن راست سۆزلۈك بولالمىدىم. تالاي دەيدىغانلىرىم لېۋىمدە توختاپ قالدى، يەنە تالاي دېگەنلىرىم ئىرادەمگە خىلاپ بىلجىرلاش بولدى، ھەقىقىي، چىن پىكىرلىك، جۈرئەت بىلەن ئىجاد قىلغان شېئىرلىرىم مەتبۇئات يۈزىدە جامائەت بىلەن كۆرۈشۈش بەختىگە مۇيەسسەر بولالمىدى...

**ئابدۇقادىر ھاشىم:** سىزنى سۆيگەن خەلققە يەنە قانداق ئۇتلۇق سالاملىرىڭىز بار؟

**روزى سايىت:** ئىجادىيىتىمدىكى ئەجىر - مېھنىتىم سۆيۈشكە يارىغاي. بەرگەن سالاملىرىمنى ئەل ئىلىك ئالغاي! ئۆمرۈم يار بەرسە قولۇم - كۆكسۈمدە - مەن خەلقىمنىڭ ، ئەل-يۇرتۇمنىڭ سالامچىسى بولۇشقا ھەر قاچان تەييار!...

(M1) 2000-يىل 1-ئىيون، خوتەن

كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ماشىنىست ۋە بەتچى رىسالەت مۇھەممەت
بۇ سانىنىڭ تېخىرىداكتورى ۋە مەسئۇل كوررېكتورى: قۇربان مامۇت

# مەدەنىيەت - سەنئەت گېزىتى

**2000-يىل 4-سان، ئومۇمىي 28-سان**

**- مەدەنىيەت - سەنئەت ئۇچۇرلىرى**

**(2000-يىل ئىيولدىن ئۆكتەبىرگىچە)**



▲12-ئەسىردىن 13-ئەسىرگىچە جۇڭگودا كەشپ قىلىنغان مەتبەئەچىلىكنىڭ قائىدە - تېخنىكىلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن تەدرىجىي غەربىي شىمالغا تارقالدى ھەمدە داۋاملىق غەربكە تارقىلىش ئۈچۈن مەدەنىيەت ئاساسى ۋە تېخنىكىلىق شارائىت يارىتىلدى. بۇ، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ «جۇڭگودا مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ كەشپ قىلىنىشى ۋە دەسلەپكى تارقىلىشى» توغرىسىدىكى تەتقىقات تېمىسىدىن چىقىرىلغان يەكۈن.

تاڭغۇتلارغا ئائىت ئىككى قىسىمنى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى شى جىنبو ئەپەندى يازغان، ئۇيغۇرلارغا ئائىت ئىككى قىسىمنى مەزكۇر ئاكادېمىيە مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى دوكتور ياسىن ھوشۇر ئەپەندى يازغان «جۇڭگودا مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ كەشپ قىلىنىشى ۋە دەسلەپكى تارقىلىشى» ناملىق تۆت قىسىملىق كىتابتا جۇڭگودا مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ كەشپ قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ تەدرىجىي مۇكەممەللىشىپ بېرىشىغا ئائىت زور مىقداردىكى قىممەتلىك سۈرەت، يازما يادىكارلىقلار تۇنجى قېتىم سىستېمىلىق ئېلان قىلىنىپ، مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ جۇڭگودا كەشپ قىلىنغانلىقى توغرىسىدىكى يەكۈننى يەنىمۇ مۇھىم ئاساسلار بىلەن تەمىنلىدى. مەزكۇر كىتابتا ئېلان قىلىنغان يازما يادىكارلىقلار تاڭغۇتچە، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ۋەسىقىلەرنى، نوملارنى ۋە باشقا ماتېرىياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ خېيشۈيچېڭ، دۈنخۇاڭ، خېلەنشەن، لىڭۋۇ، ۋۇۋېي قاتارلىق جايلىرىدىن قېزىۋېلىنغان.

2000-يىل 8-ئىيون بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن، مىللەتشۇناسلىق، تارىخشۇناسلىق، ئاسار-ئەتىقىشۇناسلىق، مۇزېيشۇناسلىق، مەتبەئەشۇناسلىق ساھەلىرىدىكى مۇتەخەسسىس - ئالىملار قاتناشقان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا، مۇتەخەسسىس - ئالىملار بىردەك: مەزكۇر كىتاب تەمىنلىگەن تاڭغۇتچە، ئۇيغۇرچە مەتبەئەچىلىك بۇيۇملىرى ۋە ماتېرىياللار دۇنيا پەن - تېخنىكا تارىخى ۋە مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇردى، شۇنداقلا جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت دۇردانىلىرىنى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق بەرپا قىلغانلىقىنى ئىسپاتلىدى، دەپ قاراشتى.

«جۇڭگودا مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ كەشپ قىلىنىشى ۋە دەسلەپكى تارقىلىشى» دېگەن كىتابتا دۈنخۇاڭدىن قېزىۋېلىنغان، ھازىر پارىژدىكى گۈيمېت ئاسىيا سەنئەت مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان 960تال ئۇيغۇرچە مەتبەئە ھەرپى ۋە ئۇنىڭدا بېسىپ چىقىرىلغان تېكىستلەر تۇنجى قېتىم ئاشكارىلاندى. شۇنداقلا مەزكۇر كىتابتا بۇ ھەرپلەر دۇنيا بويىچە ئەڭ بۇرۇن كەشپ قىلىنغان ھەرپلىك يېزىقنىڭ مەتبەئە ھەرپى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان بىردىنبىر ماددىي پاكىت بولۇپ، بۇ پاكىتنى پۈتكۈل دۇنيا ئېتىراپ قىلغانلىقى دەلىللەندى.

**- تۇرغۇن ئابدۇلئەزىز**

▲چوڭ تىپتىكى مىللىي ناخشا - ئۇسسۇل «بىزنىڭ شىنجاڭ ياخشى جاي» جياڭسۇ، جېجياڭ، گۇاڭشى ۋە گۇاڭدۇڭدا 50نەچچە قېتىم قويۇلغاندىن كېيىن، 3-ئىيول كەچتە جىنەندە سەندۇڭ خەلقىغە دوكلات يۈزىسىدىن قويۇپ بېرىلدى. بۇ نەپىس مىللىي ناخشا-ئۇسسۇل قويۇلغانلا يەردە تاماشىبىنلارنى ھاياجانغا سېلىپ، قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشتى.

**- خەن زىيۇڭ**

▲2000-يىللىق دۆلەت ئىچى ساياھەت - سودا يەرمەنكىسى تەشكىللىي ھەيئىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ئۈرۈمچىگە كەلگەن قازاقىستان دۆلەتلىك «ئاباي» سەنئەت ئانسامبىلىنىڭ بالېت ئۆمىكى 11-ئىيول كەچتە شىنجاڭ «خەلق» سارىيىدا «ئاققۇ كۆلى»نى ئورۇنداپ تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. بۇ بالېت ئۆمىكى كېيىن قويغان ئۇدا ئىككى كۈنلۈك ئويۇندا «ئاققۇكۆلى»دىن باشقا يەنە «ئۇيقۇدىكى ساھىبجامال» نىمۇ ئورۇندىدى.

**- مېھرىنساي ياقۇپ**

▲شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى بىلەن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزۈپ چىققان «جۇڭگو شىنجاڭ ئاسار-ئەتىقىلەر قوللانمىسى» ناملىق كىتاب بۇ يىل ئىيولدا نەشردىن چىقتى. ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، ئىنگلىزچە، ياپونچە تۆت خىل يېزىقتا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغان بۇ كىتابتا شىنجاڭدىكى 150دىن ئارتۇق مۇھىم ئاسار-ئەتىقە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ۋە بۇ رايوندىكى ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، مىللىي ئالاھىدىلىكى، مۇزىكا،

ناخشا-ئۇسسۇللىرى، قاتناش، بىناكارلىق، سودا-سېتىق جەھەتلەردىكى بىلىملەر بىر قەدەر سىستېمىلىق تونۇشتۇرۇلغان ھەم 235 پارچە رەڭلىك سۈرەت، 14 پارچە ساياھەت يېتەكچىلىكى خەرىتىسى كىرگۈزۈلگەن.

— رىسالەت مۇھەممەت

▲7-ئىيولدىن 12-ئىيولغىچە گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ جاۋچىن شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن 2000-يىللىق مەملىكەتلىك بوكس لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىدە ئابدۇشۈكۈر مىجىت 90 كىلوگراملىقلار بويىچە، ئابدۇراخمان ئابلىكىم 75 كىلوگراملىقلار بويىچە چېمپىيونلۇققا ئېرىشىپ، تەڭرىتاغ ئوغلانلىرىنىڭ جاسارىتىنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلدى. بۇ، ئابدۇراخمان ئابلىكىمنىڭ مەملىكەت بويىچە ئېلىپ بېرىلغان يۇقىرى سەۋىيىلىك بوكس مۇسابىقىسىدە يەنە بىر قېتىم چېمپىيون بولۇشى. 22 ياشلىق بۇ «ئاسىيا بوكس چېمپىيونى» يەنە ئۇزاق ئۆتمەي — ئىيولنىڭ ئاخىرى، ئاۋغۇستنىڭ بېشىدا كۇبادا ئۆتكۈزۈلگەن 33-نۆۋەتلىك خەلقئارا بوكس تەكلىپ مۇسابىقىسىدە كۆپلىگەن خەلقئارالىق ماھىرلارنى يېڭىپ 3-لىككە ئېرىشتى.

— ئىلھام ئىمىن

▲2000-يىللىق مەملىكەتلىك پۇتبولنى ئومۇملاشتۇرۇش تۈرى بويىچە ئۆسمۈرلەر (13 — U) پۇتبول مۇسابىقىسىنىڭ شىئەن شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن، غەربىي رايون تەييارلىق مۇسابىقىسىغا قاتناشقان ئۈرۈمچى شەھىرى 5-باشلانغۇچ مەكتەپ پۇتبول كوماندىسى سىچۇەن چۇەنشىڭ، شىئەن، تاڭشەن، گەنسۇ، چوڭچىڭ، شىنجاڭ ئاتۇش قارىھاجى پۇتبول كوماندىلىرىنى يېڭىپ، ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىدە سىچۇەن چۇەنشىڭ كوماندىسىنى نۆلگە قارشى سەككىز نەتىجە بىلەن ئۇتۇپ، مۇتلەق ئۈستۈنلۈك بىلەن غەربىي شىمال بويىچە 1-لىككە ئېرىشتى ۋە شەرەپ قوچۇپ 28 ئىيول ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى.

— ئابدۇرېھىم توختى، ئاينۇر مۇھەممەت

▲مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ئۇيۇشتۇرغان 9-نۆۋەتلىك «مەدەنىيەتلىك جۇڭخۇا» مۇكاپاتىنى باھالاش پائالىيىتىدە قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكى ئورۇندىغان «تاغ ئاتا، سۇ ئانا» ناملىق چوڭ تىپتىكى مىللىي ناخشا-ئۇسسۇل ئىيوندا «مەدەنىيەتلىك جۇڭخۇا يېڭى ئەسەر مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى.

— ئامىنە ئابدۇرېشىت

▲شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدىكى ئارخېئولوگلار ئۆزلىرىنىڭ ئالتاي تاغ تىزمىسى جايلاشقان چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ سەنداۋخەي دېگەن يېرىدە سۈنئىي ئۇسۇلدا ئۆزگەرتىلگەن بىر چوڭ تاغنى بايقىغانلىقىنى، بۇنىڭ چىڭگىزخان دەپنە قىلىنغان قەبرىستانلىق بولۇشى ئېھتىماللىقى زورلۇقىنى ئېيتتى.

ياردەمچى تەتقىقاتچى جياڭ خۇي مۇنداق دېدى: «بۇ تاغنىڭ يۈزى جەنۇبتىن شىمالغا يۆزلىنىدۇ، ئوڭ-سول تەرەپتە بىردىن كۆل بار، كۆل ئارىلىقى سۈنئىي دەريا بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان، تاغ تىزمىسىنىڭ يېرىمى روشەن ھالدا سۈنئىي ئۆزگەرتىلگەن، توپا سىرتىغا چىقىپ قالغان كۆپلىگەن تاش بىلەن تاغ جىنسلىرىنىڭ يۈزلىنىشى ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزئارا ماسلاشمىغان. بۇ يەردىن يەنە چوڭ ھايۋانلارنىڭ يۇمىلاق تېشىلگەن تاغاق سۆڭىكى بايقالدى. بۇنداق سۆڭەكلەر پال سېلىش قورالى قىلىپ ئىشلىتىلگەن ھەمدە كۆپىنچىسى جەسەت بىلەن بىرلىكتە كۆمۈۋېتىلگەن». گەرچە، نۆۋەتتە ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ بېرىلمىغان بولسىمۇ، بىراق جاڭ خۇينىڭ پەرىزىچە، «بۇ، بۇنىڭ ئىچىدىكى زور بىر بايقاشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ» كەن. «ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى» دىكى خاتىرىگە قارىغاندا، چىڭگىزخاننىڭ جەسىتى ئەمىرنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ئالتاي تېغىغا كۆمۈلگەنىكەن.

يۈەن سۇلالىسىنى قۇرغان بۇ سەركەردە 1227-يىلى قوشۇن باشلاپ غەربكە يۈرۈش قىلىش سەپىرىدە كېسەللىك سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتكەن. ئېيتىلىشىچە، چىڭگىزخاننىڭ «ئۆلۈم خەۋىرىمنى ئېلان قىلماي مەخپىي تۇتۇڭلار» دېگەن ۋەسىيىتىگە ئاساسەن، ئۇنىڭ جەسىتى ئەسلى يۇرتىغا ئېلىپ كېلىنگەن، قەبرىسى چوڭقۇر كولانغان، كېيىن ھەممە يەر تۈزلىۋېتىلگەن، قەبرىستانلىق ئورمانلىققا ئايلىنىپ كەتكەن. شۇڭا چىڭگىزخاننىڭ قەيەرگە دەپنە قىلىنغانلىقىنى بىلگىلى بولمىغان. ھازىرغا قەدەر چىڭگىزخاننىڭ جەسىتى دەپنە قىلىنغان جاي ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتە توغرا بايقالمىغان.

جياڭ خۇي مۇنداق دېدى: «تارىختا خاتىرىلىنىشىچە، چىڭگىزخان ئالتە قېتىم ئالتاي تاغ تىزمىسىدىن ئۆتكەن. چىڭگىل موڭغۇل ئارمىيىسىنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشتا مۇقەررەر ئۆتىدىغان يولى بولغان. سەنداۋخەي ئەتراپىدا چىڭگىزخان ئەينى يىللىرى غەربكە يۈرۈش قىلغاندا ئاچقان تۆت ھارۋا يولى، ئۇ ئەينى ۋاقىتتا تۇرغۇزغان ھەربىي چېدىرلارنىڭ ئىزناسى بار. يەنە ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئات باغلايدىغان قوزۇقى بار.»

سۈنئىي ئۆزگەرتىلگەن بۇ تاغنىڭ غەربىگە 400 مېتىر كېلىدىغان جايدا ئېگىزلىكى 20 مېتىر، ئاستىنىڭ دىئامېتىرى 78 مېتىر كېلىدىغان ئېللىپس شەكىللىك تاش قەبرە بار. جياڭ خۇي مۇنداق دېدى: «جۇڭگونىڭ خۇاڭ يى، ياۋ يىڭ قاتارلىق ئارخېئولوگلىرى بىلەن تارىخچىلىرى بۇ چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسىنىڭ قەبرىسى دېدى».

— شىنخۇا ئاگېنتلىقى

▲28-سېنتەبىر نەنجىڭدە باشلىنىپ 13-ئۆكتەبىر ئاياغلاشقان جۇڭگو 6-نۆۋەتلىك سەنئەت بايرىمىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا ۋاكالىتەن بۇ بايرامغا قاتناشقان ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكى ئورۇندىغان چوڭ تىپتىكى مىللىي ناخشا-ئۇسسۇل «دولان چېچەكلىرى» مۇنەۋۋەر نومۇر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

— رىسالەت مۇھەممەت

▲10-ئۆكتەبىر چۈشتىن كېيىن ئۈرۈمچى «خەلق» تىياتىرخانىسىدا ئادىل ھوشۇرنىڭ خېڭشەن تېغىغا تارتىلغان پولات ئارغامچىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكەنلىكىنى تەبرىكلەش بويىچە تەنتەنىلىك مۇراسىم ئۆتكۈزۈلۈپ، مەدەنىيەت نازىرى زۇنۇن قۇتلۇق شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ ئادىل ھوشۇرنى مۇكاپاتلاش، مەدەنىيەت سىستېمىسىدىكىلەرنى ئۇنىڭدىن ئۆگىنىش توغرىسىدىكى قارارىنى ئوقۇپ ئۆتتى ۋە بۇ قەھرىمان ئوغلان 50 مىڭ يۈەن بىلەن تارتۇقلاندى.

— رىسالەت مۇھەممەت (M2)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ئۇنىۋېرسال مۇلاھىزىلەر

توختى باقى ئارتىشى تەرجىمىسى

## ئۇنى-بۇنى ئوقۇپ قويۇڭ

ئادەم بىرەر ئىش - كەسىپ بىلەن ئۇزۇن يىل شۇغۇللانسا، ئۇنىڭدا شۇ ئىش، شۇ كەسىپكە مۇھەببەت پەيدا بولۇشى ۋە شۇ مەشغۇلات ئادەتكە ئايلىنىپ قېلىشى، بىرخىل ھاياتلىق قانۇنىيىتى بولسا كېرەك. ئادەتكە ئايلانغان مەشغۇلاتنىڭ ئادەمنى بىزار قىلىشى تولىمۇ ئاز ئۇچرايدىغان ھادىسە. نورمال مەشغۇلات ھەرقاچان خۇمارغا ئايلىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن شۇغۇللانغاندا ئادەم خۇددى خۇمارىدىن چىققاندەك، ئارزۇ-ئارمىنىغا يەتكەندەك بولىدۇ. بۇنداق ھالەت تۇرمۇشنىڭ شېرىن لەززىتى ئىكەن. ئۆمرۈمنىڭ كۆپ قىسمى كەسپىي تەرجىمانلىق ۋە تەھرىرلىك بىلەن ئۆتتى. دېمەك كىتاب، گېزىت-ژۇرنال چىقىرىش ساھەسىدە كۆپ يىل ھەمراھ بولغان بىر مەشغۇلات ئۆزىنىڭ مۇئەييەن ئالاھىدىلىكى بىلەن ئادەمدە ئۇنى-بۇنى ئوقۇيدىغان، ئوقۇشتىن زېرىكمەيدىغان، زوق ۋە ھەتتا ئىشتىياق بىلەن ئوقۇيدىغان، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن روھىي دۇنياسىنى بارغانسېرى بېيىتىپ ۋە نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، شۇنىڭ بىلەن ھوزۇرلىنىدىغان ئادەتنى پەيدا قىلسا كېرەك.

تولىمۇ ئېگىز-پەس ئۆتكەن تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرىمدە تۆپە-تۆپىلەپ كەلگەن بىئاراملىقلار ئىچىدە ئارامخۇدا - ئەركىن نەپەس ئالالىشىمغا مەدەت بەرگەن ۋە شۇنداق ئىمكانىيەتكە ئېرىشتۈرگەن مەنىۋى ئامىل ئەنە شۇنداق ئۇنى-بۇنى ئوقۇش ئادىتىمدۇر. پېنسىيىگە چىققان ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، ئومۇمەن ئېيتقاندا ئىچ پۇشۇقى دېگەن مەنىۋى ھادىسىگە قاتتىقراق چىرمىلىپ، ئۇنىڭ قاتتىق ئازابىغا قالغان ۋاقتىمنى بىلمەيمەن. ئىچ پۇشۇقى پەيدا بولسىمۇ، ۋۇجۇدۇمدا ئۇقەدەر كۈچلۈك ياكى ئۇ قەدەر ئۇزاق ۋاقىت ھۆكۈم سۈرەلمەيدۇ. راست، ئادەم، بولۇپمۇ ياشانغان ئادەم ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىدا ئىچ پۇشۇشتىن خالىي بولالمايدۇ. ئىچ پۇشۇش دېمەك ئىچى تىتىلداش، زېرىكىش، كۆڭلى ئېچىلماسلىق، دىلى سۇنۇش، بىئاراملىق، خاپىلىق، غەشلىك، غەم-غۇسسە، دەرد-ئەلەم، قايغۇ-ھەسرەت، ۋەھاكازادۇر. بۇلارنىڭ قايسىبىرى بولسۇن بىر خىل روھىي ئازاب، بىر خىل مەنىۋى جاراھەت. تىغ يارىسىنى ساقايتىش ئاسان، دىل يارىسىنى ساقايتىش قىيىن، بۇ ھەممىگە ئايان ساۋات. لېكى ھەر ئىشنىڭ يولى باشقا دېگەندەك، ئادەمنى ئاخىرىدا ھەر بالاغا

## ئىبرەت ۋە ئۆزىنى تونۇش

قويىدىغان، ھەرخىل زىيانلىق ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان «ئىچ پۇشۇقى» نى چىقىرىشنىڭ ئۆزىگە لايىق ھەرخىل ئىجابىي، سەلبىي تەدبىرلىرى، يۇمشاق-سىلىق ۋە ياكى كەسكىن، قاتتىق چارە-ئاماللىرىمۇ يوق ئەمەس. تۇرمۇش تەجرىبىلىرىدىگە ئەستايىدىل كۆڭۈل قويغان ئادەم ئۆز تۇرمۇشىدا دۇچ كەلگەن دىلخەستىلىكتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئۆزىگە مۇناسىپ كېلىدىغان بىرەر دىلكەش ۋاستىلىرىنى تاپالىشى مۇمكىن. ماڭا دىلكەش بولغان ۋاستىلارنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى ئۈنى-بۈنى ئوقۇشتۇر. تەجرىبەمدىن قارىغاندا، ئۈنى-بۈنى ئوقۇش بىلەن ئادەمنىڭ كۆڭلى سۇ ئىچىدۇ، دىلى سۆيۈنىدۇ، كۆڭلى ئېچىلىدۇ، روھى كۆتۈرۈلىدۇ، كۆڭلى تەسكىن تاپىدۇ، چېچىلىپ تۇرغان پىكرى-خىيالى جايىغا چۈشىدۇ، پۈت-قولىغا ماغدۇر كىرىپ، غەيرىتى ئاشىدۇ.

بۇنداق روھىي ھادىسىنىڭ پەيدا بولۇشى تاسادىپىي ئەھۋال بولمىسا كېرەك. ئۈنى-بۈنى ئوقۇغاندا شۇنداق گەپلەر ئۇچرايدۇكى، ئۇ گەپلەر مەيلى نەزەرىيە، مۇھاكىمە، مۇلاھىزە، تەقرىز بولسۇن، مەيلى تەكلىپ-مەسلىھەت، پەند-نەسىھەت بولسۇن، مەيلى خاتىرە، ئەسلىمە ياكى ھېكايە بولسۇن ۋەياكى شىكايەت، پاش قىلىش تەنقىد، رەددىيە، ۋەھاكازا بولسۇن - ئەگەر رەسمىيەتكە ئايلىنىپ قالغان «ئاتام ئېيتقان» بايىقى كونا گەپلەرنىڭ تەكرارلىنىشىدىن ، تۇتۇرۇقسىز تەرغىباتلاردىن ، تېتىقسىز مۇبالىغىلەردىن، بىھۇدە مەمەدانىلىقلاردىن، ئاساسسىز ئويدۇرمىلاردىن خالىي بولسىلا، خۇددى قارا قىشتا لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرغان ئوتقا، تومۇز ئىسسىقتا چاڭقاپ تۇرغاندا ئىچكەن بۇلاق سۈيىگە ئوخشاش ھوزۇرلاندۇرۇشى مۇمكىن. شۇ گەپلەرنىڭ تېگىدىن چىقىپ تۇرغان مەنە، ھېس-تۇيغۇ ئادەمگە غەلىتە بىر لەززەت سۈپىتىدە تەسىر قىلىپ، ئىختىيارسىز ھالدا ئادەمنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىپ، تېتىپ-چايناپ كۆرۈشكە، ھەزىم قىلىشقا تۈرتكە بولۇشى مۇمكىن. شۇ گەپلەر مەيلى تارىخىي ياكى رېئال بولسۇن، مەيلى شاد-خۇراملىق ياكى دەرد-ئەلەملىك بولسۇن، ئەقلى-ھوشى جايىدا بولغانلىكى ئادەم ئاڭقىرالايدۇ. ئاڭقىرىشنىڭ ئۆزى ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسىنى شۇنداق كېڭەيتەلەيدۇكى، ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسىنى ۋاللىدە يورۇتۇپ، قوشۇقچىلىق مېڭىسىنى پايانسىز دۇنياغا ئايلاندۇرىدۇ، تەپەككۇر ئاسمىنىدىكى قارا بۇلۇتلارنى سۈرۈپ تارقىتىپ، ئارامبەخش مۇھىت ئىچىدە ئەركىن نەپەس ئېلىپ، ھاياتقا ئەتراپلىق قاراش ئىمكانىيىتىگە ۋە ئىنسانىي ھاياتتىكى تۈرلۈك-تۈمەن غەيرىي-غەيرىي ھادىسىلەرگە ئاڭلىق قاراش ۋە ئاقىلانە مۇئامىلە قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ.

بۇلار مېنىڭ تۇرمۇش تەجرىبەم؛ چەكلىك ھاياتىدا، نىسبىي رەۋىشتە ئېيتقاندا، تۇرمۇشتا بولۇپمۇ سىياسىي تۇرمۇشتا چەكسىز دېگۈدەك دەرد-ئەلەملەرنى باشتىن كەچۈرگەن ئادەم ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتقان ئەقىدە. مۇشۇ ئەقىدە بويىچە ئۈنى-بۈنى ئوقۇش جەريانىدا ، ئانا تىلىمىزدىكى يازمىلاردىن بەھرىلەنگەندىن تاشقىرى ، خەنزۇ تىلىدىكى بەزى يازمىلارنى ئوقۇپ قالىمەن. ئۇلاردىن چوڭقۇر تەسىر قىلغانلىرىنى خەنزۇ تىلىدىن بىۋاستە بەھرىلىنەلمەيدىغان قېرىنداشلىرىمغا تەرجىمە قىلىپ بەرگىم، ئۇلارنىمۇ خەۋەرلەندۇرگۈم كېلىدۇ. ئۆزۈڭ ياخشى كۆرگەننى باشقىلاردىن ئايىما، قولۇڭ ياغ بولسا دوستۇڭغا سۈۋا، دېگەن گەپ بار. ئارام ئېلىش ئورنىدا ئوقۇغاندا تەسىر قىلغان بەزى يازمىلارنى ئۇيەر-بۇ يەردىن تېرىپ تاللاپ، ئېھتىياج ۋە زۆرۈرىيەتكە قاراپ تولۇق ياكى قىسقارتىپ ۋە ياكى يۇغۇرۇپ، ۋەزىپە ئۈچۈن ئەمەس، خالىس تەرجىمە قىلىپ سۇنۇش ئارزۇيۇم ۋە بۇ يولدىكى مەشغۇلات كەمىنە قەلەم ئىگىسى ئۈچۈن مەنىۋى راھەتتۇر.

گەپ توغرا كېپقالغاچقا شۇنى ئىزاھلىۋالاي: ھەركىمنىڭ مەيلى باشقا بولىدۇ. كەمىنە قەلەم ئىگىسى تەسىرلىك ئىكەن، چوڭقۇر مەنىلىك ئىكەن، دەپ تەرجىمە قىلىپ سۇنغان نەرسىلەر سىز ئۈچۈن تەسىرلىك، مەنىلىك بولماسلىقىمۇ مۇمكىن. قايسىدۇر بىر مەشھۇر مۇتەپەككۇرنىڭ : بىمەنە-قۇرۇق گەپ بىلەن باشقىلارنىڭ ۋاقتىنى زايە قىلىش خۇددى قان چىقارماي جان ئالغان بىلەن باراۋەر، دېگەن ئىبرەتلىك سۆزى ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. بەزى ئىختىيارىي تەرجىمىلىرىم بىر ئوبدان ئۈنۈم بېرىۋاتقان مېڭىمىزنى باشقىلارنىڭ تەپتارتماستىن ئۆز ئىدىيىسىنىڭ ئات چاپتۇرىدىغان مەيدانىغا ئايلاندۇرۇۋېلىشىغا زامىن بوپقالمىغاي. بۇ ئىختىيارىي تەرجىمىلىرىمنىڭ كۆڭلىڭىزگە ياققانلىرى ئۈلگە بولۇپ قۇتاتسۇن، ياقمىغانلىرى ئىبرەت بوپقالسۇن.

- توختى باقى ئارتىشى

## ئەدەب-ئەخلاق ئادەم ئۆلتۈرەمدۇ؟

جىلىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 90ياشتىن ئاشقان ھۆرمەتلىك پروفېسسورى جىن جىنفاڭ خانىم بۇ يىل نەشر قىلىنىشقا باشلىغان «مەدەنىيەت سېلىشتۇرما تەتقىقاتى» ناملىق ژۇرنالدا ئېلان قىلغان ماقالىسىدا مۇنداق دەيدۇ:

مەدەنىيەت جەھەتتە بىز ئۆزىمىز جۇڭگونى «ئەدەب-ئەخلاقلىق، رەسىم-يوسۇنلۇق ئەل» دەپ تەرىپلەيمىز. لېكىن جەمئىيەتتە ھەممىدىن بەك ئالقىشلىنىۋاتقانلار بولسا ناخشا چولپىنى، كىنو چولپىنى، ئۇسسۇل چولپىنى دېگەنلەردۇر. بۇنداق

www.uyghurkitap.com

چولپانپەرەستلىك ئاساسەن غەربتىن قوبۇل قىلىنماقتا؛ جۇڭگونىڭ ئەسلى ئەدەب-ئەخلاقى ئاتا-ئانىغا ۋاپادارلىق، ئاكا-ئاچىلىرىنى ھۆرمەتلەش، ئەدەب، ئىنساب، شەرم-ھايا، ۋەھاكازالار يوقىلىپ تۈگىمىگەن بولسىمۇ، لېكىن تاختىبېشىغا ئېلىپ قويۇلمىۋاتىدۇ. بەزىلەر ئاندا-ساندا تىلغا ئالسىمۇ، قارشى ئېلىنمايدىغان بوپقالدى. بۇنداق ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىشى ئۆتمۈشتىكى يېڭىلىق تەرەپدارى بولغان ئەربابلارنىڭ «ئەدەب-ئەخلاق ئادەم ئۆلتۈرىدۇ» دەپ كۈچەپ تەشۋىق قىلغانلىقىنىڭ ئاقىۋىتى بولسا كېرەك. (تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر ئۆلىما) گۇەنزى: «ئەدەب، ئىنساب، شەرم-ھايا دۆلەتنىڭ تۆت تۈۋرۈكىدۇر. بۇ تۆت تۈۋرۈك يالجىپ تۇرمىسا، دۆلەت ھالاك بولۇر» دەپتىكەن. بۇ گەپ ئوبدان ئويلاپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ. دەرۋەقە، بىر دۆلەتنىڭ خەلقى ئەدەب-ئەخلاق ، ئىنساب-تەۋپىق دېگەننى بىلمىسە، شەرمىساز، نومۇسسىز بولسا، ئۇ دۆلەت ھالاك بولمىغان تەقدىردىمۇ ، ئۇنى قانداقمۇ «مەدەنىيەتلىك دۆلەت» دېگىلى بولار؟

«لۇشۈن تەتقىقاتى» ناملىق خەنزۇچە ئايلىق ژۇرنالنىڭ 2000-يىل 5-سانىدىن

# جۇڭگودا مەدەنىيەت بارمۇ؟

مۇشۇ بىر نەچچە يىلدىن بۇيان كۆڭلۈمدە بارغانسېرى مۇنداق بىر گۇمان پەيدا بولۇۋاتىدۇ:

جۇڭگودا زادى مەدەنىيەت بارمۇ-يوق؟ جۇڭگودا «نوپۇز ئىگىسى» زادى بارمۇ -يوق؟

ئامېرىكىدا ناھايىتى توم بىر كىتاب چىققانىكەن، ئۇنىڭدا ھەرقايسى ساھەدىكى مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ قىلىپ، ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى مىللەتلەرنىڭ دۇنيا مەدەنىيىتىگە قانداق تۆھپىلەرنى قوشقانلىقى ۋە قانداق تەسىرلەرنى بەرگەنلىكى ئۈستىدە قىلىنغان مۇزاكىرىلىرى بايان قىلىنغانىكەن. شۇ كىتابنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى تەيۋەن-تەيبېيدە نەشر قىلىنىپتۇ. ئۇنىڭ ئىسمى «20-ئەسىر تارىخى» ئىكەن. تەيۋەندىكى يۈيىنسى پروفېسسور ئۇنىڭغا باھا يېزىپ، شۇ مۇتەخەسسىسلەرنىڭ جۇڭگونىڭ 20-ئەسىردە دۇنياغا تەسىر قىلغان ئىشلىرى ئۈستىدە گەپ بولغاندا پەقەت جۇڭگودىكى ئىنقىلابلارنىلا تىلغا ئېلىپ، جۇڭگونىڭ مەدەنىيىتى توغرىسىدا ھېچ گەپ قىلمىغانلىقىنى ، بۇ پروفېسسور ئۆزىنىڭ بۇنىڭغا تولىمۇ بىئارام بولغانلىقىنى بايان قىپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ يەنە: سوغۇققانلىق بىلەن ئېيتسام، جۇڭگو ئادەملىرىنىڭ 20-ئەسىردە مەدەنىيەت جەھەتتە ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەنلىرى ھەقىقەتەن ۋاھ دېگۈچىلىكى يوق، دەپ ئېتىراپمۇ قىپتۇ. تەيۋەنلىك يازغۇچى بەي شيەنيۇڭمۇ ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ بىرئاز بىئارام بوپتۇ، لېكىن شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنە بۇ پروفېسسورغا ئوخشاش ھېسسىياتتا بوپتۇ. بەي شيەنيۇڭ دەپتۇ: «ئامېرىكىلىق بىر دوستۇم ماڭا: ئۆزىڭىزنىڭ قارىشىچە ، 20-ئەسىردە جۇڭگودا ئوتتۇرىغا چىققان، دۇنيا مەدەنىيىتىگە تەسىر كۆرسەتكەن بىرەر كاتتا مەدەنىيەت ئەربابىنى دەپ بېقىڭا، دېۋىدى، بىر ھازاغىچە لام-جىم دېيەلمەي تۇرۇپ قالدىم. ئاخىر نائىلاج گەپنىڭ راستىنى قىلىپ، يوق، دېدىم. ئەسلىدە لۇشۈن بار، دېمەكچى ئىدىم، كېيىن ئويلاپ قارىسام، لۇشۈن ئەپەندى پارچە-قىسقا ھېكايىلەرنىلا يازغان، رومان يازمىغان، شۇڭا ۋەزنى تولمايدىغاندەك تۇردى. شۇنىڭ بىلەن شۇنداق تەسىراتقا كەلدىمكى، جۇڭگونىڭ 20-ئەسىردىكى مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى يۈكسەك ئەمەس. تارىخنى ئەسلەپ قارىساق، بۇمۇ تاسادىپىي ئەھۋال بولمىسا كېرەك. 1919-يىلدىكى 〈 4-ماي 〉 ھەرىكىتىدىن تارتىپ 〈 مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى 〉 غىچە ئۆتكەن يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان جۇڭگو ئادەملىرى ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىنى شۇنداق ئۇزۇل-كېسىل ۋەيران قىلدىكى، دۇنيادا ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى بىلەن شۇنداقمۇ قېرىشقان، يوقاتمىغىچە كۆڭلى تىنمايدىغان مىللەت بولمىسا كېرەك!»

بەي ئەپەندىنىڭ سۆزلىرى بىر ئاز بىرتەرەپلىمىدۇر، لېكىن ئەمەلىيەت ھەقىقەتەن شۇنداق. بىز ھەدېگەندىلا جۇڭگونىڭ 5000يىللىق پارلاق مەدەنىيىتى بار، دەيمىز. لېكىن ھازىر نېمىگە ۋارىسلىق قىلدۇق؟ توپتوغرا 100يىلدىن بۇيان «تۈزۈككىنە» بىرەر كىتاب ياكى كىنو چىقارغىنىمىز يوق، ياكى كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىزغا بەرگىدەك مەدەنىيەتكە دائىر بىرەرسىنى ئوتتۇرىغا چىقارغىنىمىز يوق.

«مەدەنىيەت» قالمىغانلىقى ئۈچۈن ھازىر ھەممىنى يېڭىباشتىن بەرپا قىلىشقا كىرىشىۋاتىمىز، پۇلنى كۆزلەيدىغان ، پۇلنى كۆزلىمەيدىغان «مەدەنىيەت» پەيدا بولۇۋاتىدۇ؛ مەنىلىك، بىمەنە «مەدەنىيەت» لەر ئوتتۇرىغا چىقىۋاتىدۇ؛ ھۆكۈمەت قەدىرلەيدىغان، ئامما ئىلىك ئالمايدىغان «مەدەنىيەت» ھۆكۈم سۈرۈۋاتىدۇ؛ بەزى «مۇتەخەسسىس» لەر ياراتمايدىغان، لېكىن بازىرى ئىتتىك غەلىتە-غەلىتە «مەدەنىيەت» لەر پەيدا بولماقتا.

شۇنىڭ ئۈچۈن، مېنىڭچە، قورسىقىمىز تولىمۇ كۆپمىسۇن، «غەلىتە-غەلىتە» مەدەنىيەتلەرگە «غەلىتە-غەلىتە» مەدەنىيەتلەر بىلەن قارشى چىقىپ ئاۋارە بولمايلى، بەزى ئاتالمىش «نوپۇز ئىگىلىرى» نى «ھەزىل» قىلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىپمۇ يۈرمەيلى. ھەممىدىن ياخشىسى، ھەممىمىز كەڭ قورساقراق بولايلى.

ۋاڭ لى ئىمزالىق بۇ ماقالە ئەسلى خەنزۇچە: «ئىلىم-پەن ۋاقىت گېزىتى» نىڭ «مەدەنىيەت توغرىسىدىكى كۆز قاراش سەھىپىسى» دە 2000-يىل 19-فېۋرالدا بېسىلغان.

# ئاتام ئېيتقان بايىقى گەپ

ئەگەر بىرەرسى سىزگە «چايخانىدا» دېگەن تىياتىرنى 20 قېتىم، «لياڭشەنبو بىلەن جۇيىڭتەي» دېگەن تىياتىرنى 30 قېتىم كۆرۈپ بېقىڭ، دەپ دەۋەت قىلسا ياكى بىر ئاي ئىچىدە ھەر قېتىملىق تاماقتا پەقەت ئۆردەك كاۋىپى بىلەنلا مېھمان قىلسا، دېمەك بىرخىل ئىشنى قايتا-قايتا تەكرارلاتتۇرۇۋەرسە، چىشىڭىزنى چىشلەپ زورمۇزور بەرداشلىق بەرسىڭىزمۇ، لېكىن ئاخىرىدا ھەپسىلىڭىز «پۇر» بولماي قالمايدۇ.

چۈنكى ھەرقانچە مۇڭلۇق ساز بولسىمۇ ئۇنى تەكرار-تەكرار چېلىۋەرسىڭىز، ئۇ ساز ھەتتا ياغسىراپ قالغان هارۋا چاقىنىڭ غىچىرلىشىغا ئوخشاش قۇلاققا ياقماسلىقى مۇمكىن.

لېكىن، ئادەملەر ئۆز تۇرمۇشىدا ئايىغى چىقماس تەكرارلىقلارغا، مەسىلەن، «ئاتام ئېيتقان بايىقى گەپ» لەرگە بەرداشلىق كېلىدىكەن. «تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن زامانلار» دېكى «بايىقى» ئەھۋاللارنى بېشىدىن كەچۈرگەن ئادەملەر ھەر قاچان ئېچىلغان يىغىنلاردىكى كۈلكىلىك ئەھۋاللارنى ئۇنتۇمىغان بولسا كېرەك: مۇنبەرگە چىقىپ سۆزلىگۈچىلەر سۆزىنىڭ بىسمىللاسىدىلا: «ياشىسۇن! تۈمەن مىڭ يىل ياشىسۇن!»، «مەڭگۈ سالامەتلىك تىلەيمىز!» دەپ تىلەك-ئارزۇسىنى بىلدۈرەتتى؛ ئاندىن كېيىن: «باغۇ-بوستان گۈللىمەكتە باھار شامىلىدا، ئالتەيى خەلق (جۇڭگونىڭ شۇ چاغلاردىكى نوپۇسى. — مۇھەررىردىن) ياشىماقتا مۇقەددەس ئەلدە-جەننەتتە»، «ھازىر ئېلىمىزنىڭ ۋەزىيىتى چوڭ ياخشى، كىچىك بولمىغان دەرىجىدە ياخشى...» دەپ ئۇندەپ توۋلايتتى. نەچچە «يى»، يەنى نەچچە 100 مىليون ئادەمنىڭ ئاۋاز چىقىرىدىغان كارنىيى گويا پەقەت بىر بولسا، ئۇلارنىڭ پىكىر-خىيالى ۋە تىل-زۇۋانى گويا مەتبۇئاتتىن چىققاندەك بىر تەكشى بولسا كاشكى!

شۇ زاماندىن تارتىپ جۇڭگو ئادەملىرىنىڭ بايان قىلىش ئۇسۇلىغا كېسەل چاپلاشقانىدى، شۇ كېسەل بىر قانچە يىل ھەرەج قىلدى. بۈگۈنكى كۈندە «ئاتام ئېيتقان بايىقى گەپ» لەرنىڭ زامانىۋى نۇسخىلىرىمۇ پەيدا بولماقتا. خۇددى ئېغىزغا ئالمىسا خەلقنىڭ تاپا-تەنىسىدىن قۇتۇلالمايدىغاندەك، ھە دېسىلا ۋەزىيەتنى، ھۇ دېسىلا ئەھمىيىتىنى سۆزلەپ كېتىشىدۇ. بىر ئەمەلداردىن نېمىشقا «ئاتام ئېيتقان بايىقى گەپ» لەرنى چاقپەلەكنىڭ چۆرگىلىشىگە ئوخشاش تەكرارلاپ سۆزلەشنى ياخشى كۆرۈسلە؟ دەپ سورىسام، ئۇ: شۇنداق سۆز بىخەتەر بولىدۇ. ئويلاپ كۆرۈڭ، يوغان گەپ قىلسىڭىز، ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىدىغان ئادەم چىقمايدۇ؛ يوقىلاڭ گەپلەرنى قىلسىڭىز، ئۇنى ھەقىقەتلەيدىغان ئادەم يوق؛ يىڭ باسمايدىغان قۇرۇق گەپلەرنى قىلسىڭىز، ھېچ بولمىغاندا ئاڭلاپ ئولتۇرغانلارنى مۈگىدەك باستۇرىدۇ. ھەممىدىن ياخشىسى ئاتام ئېيتقان بايىقى گەپ. ئۇنداق گەپلەرنى قىلىشقا باش قاتۇرۇپ ئولتۇرۇشنىڭ هاجىتى يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە «خىزمەت» نى ئادا قىلغان بولىسىز، دەپ جاۋاب بەردى. تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا، بۇ جاۋابتا تىل-يازىدىن كېلىدىغان بالا-قازادىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىشنىڭ، ھۇرۇنلۇقنىڭ ئالامەتلىرى يوق ئەمەس. لېكىن جۇڭگو جەمئىيىتى كۈندىن كۈنگە مەرىپەتكە، دېموكراتىيىگە قاراپ ماڭماقتا، 21-ئەسىرنىڭ پارلاق نۇرىدا ياشاۋاتقانىكەنسىز، نېمىگە گۇدرەت قىلىسىز؟! مۇنبەردىكى بىرەر نۇتقىڭىزدا نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنى تىلغا ئالماي قويسىڭىز، رەھبەرلىك سىزنى ئېڭى تۆۋەن، ساپاسى ناچار ئىكەن دەپ تەنقىد قىلارمۇ؟ دوكلاتىڭىزدا ئىسلاھاتنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا بىر ئاز گەپ يورغىلاتمىسىڭىز، دوكلاتىڭىزنى ئاڭلىغۇچىلار مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە ياشاۋاتامدۇق، نېمە؟ دېگەن ھېسسىياتقا كېلىپ قالارمۇ؟

ئەتراپىمىز يوغان گەپلەر، پۈچەك گەپلەر، بايىقى گەپلەر بىلەن تولۇپ تۇرۇپتۇ، سۆزلىگىنى بىكار بولۇپ چىقىدىغان، سۆزلىگەن بولسىمۇ سۆزلىمىگەنگە ئوخشاش بولىدىغان سۆزلەر تىقىلىپ تۇرۇپتۇ. شۇنداق سۆزلەر يۇقىرى سۈرئەتلىك ئۈچۈر يوللىرىنىڭ دۇقمۇشلىرىغا كەپلىشىۋالسا، ئادەمنىڭ ئىلھام مەنبەلىرىنى توسۇۋالىدۇ، ئۇچقاندەك تېز ئىلگىرىلەش قەدەملىرىنى چۈشەپ قويىدۇ.

ئەپسۇسكى، «ئاتام ئېيتقان بايىقى گەپ» لەرنى تەكرارلاۋېرىدىغان يامان ئادەت ھاكىمىيەت دائىرىسىدىن ئاخبارات، ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىگىمۇ ۋە ئاۋام-پۇقرانىڭ تۇرمۇشىغىمۇ يامراپ بارماقتا. خەۋەر-ئاخباراتنى ھۆكۈمەتنىڭ دوكلاتىغا ئايلاندۇرۇپ يېزىش مۇخبىرلارغا ھۈنەر بوپقالماقتا. ھۆكۈمەت دوكلاتىنى ئىلمان قىلىپ يازمىسا، كىمدۇر بىراۋلار ئالدىدا يەرگە قاراپ قالارمىش. ئەمدىلا دەم ئېلىشقا چىققان بىر پېشقەدەم كادىر بازارغا چىقىپ كۆكتات غالتىكى ئالدىغا بارغىنىدا، قېنىغا سىڭىپ كەتكەن ئادىتى بويىچە بارماقلىرىنى پۈكۈپ ساناپ: «بىزدەك ياشانغانلارنىڭ بازارغا چىقمىقىمىز ئاسان ئەمەس، بۇ بىر؛ سېنىڭ كۆكتاتلىرىڭ ئانچە يېڭى ئەمەس ئىكەن، بۇ ئىككى؛ سەنچۇ، سېنىڭ پۇل تاپمىقىڭمۇ ئاسان ئەمەس، بۇ ئۈچ...» دەپتۇ. غالتەكچىنىڭ بۇ ئەزمىلىككە تاقىتى تاق بولۇپ: «بوۋا، سىز زادى نېمە ئالماقچى؟!» دەپتۇ. شۇ پېشقەدەم يولداش ھېلىقى كۆكتاتچىدىن «تەربىيە» ئالغاندىن كېيىن، يەنە ھەرقاچان بازارغا كۆكتات ئالغىلى چىقسا، كۆكتات سالىدىغان سېۋەتنى ئالدىغا ئېگىز كۆتۈرۈپ، نەق گەپنىلا قىلىپ: «ئوتياش، يېڭىسىدىن!» دەيدىغان بوپتۇ.

ئامېرىكانلار بىزگە قارىغاندا چاقچاقچى ئەمەس، لېكىن شەيتانىراق. ئۇلارنىڭ تولىسى يىغىنلاردا

نۇتۇق سۆزلەشنى ئۆزىنىڭ ماھارەت ۋە قابىلىيىتىنى نامايىش قىلىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى دەپ قاراپ، كۆلكىلىك چاقچاقلارنى قىستۇرىدۇ. نۇتۇقىنىڭ يازما ئورگىنالىدا بەزىدە «نۇتۇقنى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ كۈلۈۋېلىشىغا يېتەرلىك ئورۇن قالدۇرۇلدى»، دەپ ئىسكوپكا بىلەن ئىزاھاتمۇ بېرىدۇ. ئۇلار ھېچ بولمىغاندا قايىنىغان داغ سۇغا كوكاكولا ئارىلاشتۇرۇشنى بىلىدۇ. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بىر قاتناش ھادىسىسى يۈز بېرىپتۇ، نوقتىسىنى ئۈزۈپ قاچقان توسۇن ئات بازارغا چاپچىپ كىرىپ، پاتىپاراقچىلىقتا بىر ئىتنى دەسسەپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. شۇ چاغدا ئەدىبلەر بۇ ۋەقە توغرىسىدا نەزمە - بېيىت توقۇشۇپتۇ، يەنە تېخى بۇ ھەقتە بىرنەچچە پارچە ئەسەر يازساق قانداق؟ دەپ مەسلىھەتمۇ قىلىشىپتۇ. لېكىن ئوۋياڭشيۇ (سۇڭ دەۋرىدە ياشىغان مەشھۇر ئەدىب. - تەرجىمان ئىزاھى) موي قەلىمىنى بىر تەۋرىتىپ، شۇ داۋراڭنى پەقەت «سالتاڭ ئات كوچىدا ئىتنى ئۆلتۈرۈپ قويدى» دېگەن قىسقىغىنە سۆز بىلەنلا چۈشەندۈرگەن. ئۇ، گەپتە سۆزنى قىسقارتىشنىڭ مۇناسىپ ئۇستازىدۇر.

«راۋىلەر رىۋايەت قىلىدۇرلەركى» دېگەنلىك گەپلەر بۇگۈنكى كۈندە يوق بولسىمۇ، لېكىن كىشىلەر يۇقىرى سۈرئەتلىك يولدا ئۇچۇر «ئەخلەت ھارۋىلىرى» تىقىلىشىپ قالمايدۇ دەپ ۋەدە قىلالىسۇن. مەيلى ئالىغۇ-بەرگۈ قىلىشتا ياكى ھۆكۈمەت خىزمىتىدە بولسۇن، مەقسەتنى ئېنىق ئېيتىسىڭىز، باشقىلار سۆزىڭىزنى چۈشەنسە، شۇنىڭ بىلەن ئىش پۈتسە كۇپايە قىلاتتى. ئەدناسى، تاشقىرىغا ئاچچىقسۇ سىيىۋېلىش ئۈچۈن چىقىدىغان چاغلىق بىر ئىشتىمۇ گەپكە ئۇسما قويۇپ، پوسما كەيدۈرۈپ، يۇيۇپ-تاراپ، سۇرلۇك قىلىپ ياساپ ئاۋارە بولۇشنىڭ نېمە ھاجىتى؟

---

لىن مىڭ ئىمزالىق بۇ ماقالىسى ئەسلى «جۇڭگو سوۋېت گېزىتى» (خەنزۇچە) نىڭ 2000-يىل 30-مارت بېسىلغان.

# زامان تەقەززا بولۇپ تۇرغان پىكىر

ماكسىم گوركىي: «زامانغا ماس كەلمىگەن پىكىرلەر» (1) دەپ ئومۇمىي سەرلەۋھە بەرگەن نەچچە ئون پارچە سىياسىي مۇلاھىزىسىدە سوۋېت رۇسىيە جەمئىيىتىدە ئوكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ ئالدى-كەينىدە يۈز بەرگەن تولىمۇ جىددىي مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل تىلغا ئېلىپ، بولشېۋىكلار ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسەت ۋە خىزمەت جەھەتتىكى نۇقسانلىرىنى، سەھۋەنلىك تاكى تەقدىرىگىچە مۇناسىۋەتلىك بوپقالغان چوڭ-چوڭ خاتالىقلىرىنى توغرىدىن توغرا تەنقىد قىلغان ھەتتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاخىر سۇكۇلۇپ -پارچىلىنىپ كېتىدىغانلىقىغا كۆز يەتكۈزگەن.

بىز «مەدەنىيەت قىزىتمىسى» نى بېشىمىزدىن ئۆتكۈزگەن بولغاچقا، گوركىينىڭ مەدەنىيەت قارىشى دىققەت-ئېتىبارىمىزغا تولىمۇ ئەرزىيدۇ. گوركىينىڭ قارىشىچە، مەدەنىيەتنىڭ ھەقىقىي مەنىسى ئادەمنى «تېخىمۇ ئادىمىلىككە ئىگە قىلىش» دۇر. «مەدەنىيەتنىڭ ھەقىقىي نېگىزى ۋە ماھىيىتى شۇ يەردىكى، مەدەنىيەت بارلىق ئىپلاس، پەس، ساختا نەرسىلەردىن، قوپاللىقتىن يىرگىنىدۇ، ئادەمنىڭ قەدىر-قىممىتىنى چۈشۈرۈدىغان ۋە ئادەمگە دەرد كەلتۈرۈدىغان نەرسىلەرگە نەپرەت قىلىدۇ!». گوركىي مانا مۇشۇ پىكىر-ئىدىيىنى مەدەنىيەتنىڭ مېغىزى سۈپىتىدە تەرىپلەپ، شۇ مەركەزدىن چەتنەپ كېتىدىغان پۇچەك مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى ئۆتكۈر تەنقىدلىگەن: «ئەتراپىمىزدا بىرمۇنچە ئاتالمىش 〈مەدەنىيەت ئەربابى〉 لىرى بار. ئۇلار سىياسىي جەھەتتە تولىمۇ پىشىپ كەتكەن، ئۇلارنىڭ ھەرخىل، ھەر قىسما بىلىملىرى ناھايىتى مول. لېكىن ئۇلارنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىلىرى، ئىلىم-بىلىملىرى يەھۇدىيلارغا، دېموكراتىزمغا قارشى ھەرىكەت قىلىشقا ھەتتا خەلق ئاممىسىغا زۇلۇم، ئىنسانىي ئەركىنلىككە جەبىر سالىدىغان دۆلەت تۈزۈملىرىنىڭ ھامىيسى بولۇپ ھەرىكەت قىلىشىغا دەخلى قىلمايدۇ. ئۇلار... ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردە ناتوغرا ئۇسۇللارنى تەپتارتماستىن، دىلغۇل بولۇپمۇ تۇرماستىن قوللىنىۋېرىدۇ... ھەتتا قاقشاتقۇچ چارىلارنىمۇ قوللىنىۋېرىدۇ... بۇ قىلمىشلىرى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى بىز 〈مەدەنىيەت〉 ئەربابى دەپ قارىشىغىمۇ دەخلى يەتكۈزەلمەيدۇ». گوركىي: «مەدەنىيەت خەۋپ ئىچىدە قېلىۋاتىدۇ» دەپ قاراپ خەۋپ ھەقىقىي مەدەنىيەتنىڭ كەم بولۇۋاتقانلىقىدىلا ئەمەس، ساختا مەدەنىيەت ئەربابلىرىنىڭ يالغان مەدەنىيەتلىرىنى بازارغا سېلىۋاتقانلىقىدا نامايان بولماقتا، دەپ ئاھ ئۇرغان.

گوركىي مەدەنىيەتنى قايتا بەرپا قىلىشتىكى مەقسەتنى، يەنى ئىنسانىي ئاڭ، ئىنسان قەدىر-قىممىتى ۋە تەپەككۇر قىلىشتا ئويغىنىش، مەنىۋى يېڭىلىق يارىتىش يولىدا تىرىشىش زۆرۈرلۈكىنى مېڭىدە ئايدىڭلاشتۇرۇش شەرت، دەپ قايتا-قايتا تەكىتلىگەن. ئۇ، مەدەنىيەتنى ئادەمنى پاك ۋە ساپ قىلىپ تاۋلايدىغان «ئوچاقنىڭ ئوتى» غا ئوخشاتقان. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئادەمدىكى ئۇزۇندىن بۇيان پەيدا بولۇپ كېلىۋاتقان «قۇل» لۇق مىجەزنى مەدەنىيەتنىڭ ئوتىدا بارا-بارا تاۋلىغاندىلا بىر-بىرلەپ يوقاتقىلى، جاھالەتتىن مەدەنىيەتكە كۆچكىلى، غەپلەتتىن ئويغانغىلى، رەھىمسىزلىكنى تۈگىتىپ، مېھىر-شەپقەت يولىدا ماڭغىلى بولىدۇ. «ئىنقىلابنىڭ ئۆزىدە، - دەپ يازىدۇ ماكسىم گوركىي، - ئادەمنى روھلاندۇرۇدىغان بىرەر ئالامەتنىڭ يوقلۇقى، ئادەمنى تېخىمۇ سەمىمىي، راستچىل قىلالمىغانلىقى»، «پارە ئېلىشتا ئىلگىرىكى ئەمەلدارلاردىن قېلىشمايدىغانلىقى، يەنە تېخى ئادەملەرنى تۈرمىلەرگە

خۇددى هايۋانلارنى قوغلىغاندەك قوغلاۋاتقانلىقى مىنى ھەممىدىن بەك چۆچۈتمەكتە، ھەممىدىن بەك ۋەھىمىگە سالماقتا». بۇ شۇنداق بىر شۇملۇقنىڭ بىشارىتىكى، بۇ بىشارەت رۇسىيىدە پەقەت ماددىي كۈچ-قۇۋۋەت جەھەتتىلا بۇرۇلۇش ۋۇجۇدقا چىققانلىقىنى، لېكىن بۇنداق بۇرۇلۇش مەنىۋى كۈچ-قۇدرەتنىڭ ئۆسۈشىنى تېزلىتەلمىگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. گوركىينىڭ قارىشىچە، ئىنسابىي بار زىيالىيلار ئىدىيە جەھەتتە ئويغىتىش ۋە مەنىۋى جەھەتتە يېڭىلىق يارىتىش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئېلىشى ۋە بۇ يولدا ئۆزىنىڭ ئەركىنلىكىنى، جېنىنى ئايىماسلىقى لازىم. «رۇسىيە زېمىنىنى ئەڭ پاك ئىسسىق قېنىمىز، ئەڭ ياخشى نېرۋا سۈيۇقلىقىمىز بىلەن سۇغۇرۇپ تورۇقلۇق ئۈندۈرگىنىمىز ئاچچە راۋاج تاپالمىغان، يىگىلەپ قالغان كۆچەت - نوتا بولغان» تەقدىرىمۇ «يەنىلا تىرىشىشىمىز كېرەك»، «بۇ، زىيالىيلارنىڭ قىلىدىغان ئىشى»، چۈنكى «بىزدە ئۇلاردىن باشقا ئەقلىي كۈچ يوق».

زىيالىيلارنىڭ يەنە بىر بۇرچى، گوركىينىڭ قارىشىچە، تەنقىدلەش. ئۇ شۇنداق ئاشكارا جاكارلىغانكى: «مەيلى ھاكىمىيەت كىمنىڭ قولىدا بولسا بولىۋەرسۇن، ئۇنىڭ ئادەمگە تۇتقان پوزىتسىيىسىگە تەنقىدىي مۇئامىلە قىلىش ھوقۇقىمدىن ۋاز كەچمەيمەن». «تەنقىدىي رېئالىزم» دېگەن تېرمىن - سۆزنى گوركىينىڭ ئىجاد قىلغانلىقى كىشىلەرنىڭ ئېسىدە بولسا كېرەك. ئۇ شۇنداق تەشەببۇس قىلغان: «زىيالىيلار سىياسىيدىن ئۈستۈن تۇرۇش كېرەك، ئۆزىنىڭ سىياسىي ھېس-تۇيغۇسىنى چەكلەشنى بىلىۋېلىشى ۋە چەكلەشكە ماھىر بولۇشى لازىم»، چۈنكى «سىياسىي - مەيلى كىمنىڭ سىياسىيسى بولسا بولسۇن - ھەر قاچان، ھەر زامان ئادەمنى بىزار قىلىدۇ، چۈنكى ئۇ يالغانچىلىقتىن، تۆھمەت-بۆھتاندىن ۋە زوراۋانلىقتىن خالىي بولالمايدۇ، ئۇ مۇقەررەر». لېكىن سىياسىيدىن خالىي بولۇپ تۇرغانلىق سىياسىيدىن ئۆزىنى چەتكە تارتىپ، سىدام ئىلىم ياكى سىدام سەنئەت خالتا كوچىسىغا كىرىپ كەتكەنلىك بولمايدۇ، بەلكى سىياسىي قاينامنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى قۇسۇرلار ۋە خۇنۇكلۇكلەرنى غەيرەت بىلەن پاش قىلىشقا، تەنقىدلەشكە توغرا كېلىدۇ.

گوركىي مۇشۇنداق تەنقىد زىيالىيلار بىلەن ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان پارتىيە رەھبەرلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا تۇرتكە بولىدىغان ياخشى مۇناسىۋەت بەرپا قىلىپ بىرەر، دەپ چىن كۆڭلىدىن ئۈمىد كۈتكەن. ئۇ بىرتەرەپتىن ئۆزىنىڭ مۇستەقىل پىكىر -ئىدىيىلىرىگە سادىق بولۇپ، زىيالىيلارغا خاس تەنقىدلەش ھوقۇقىنى قولدىن بەرمىگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن سىمولنىي سارىيىدىكى داھىي مۇشۇ چىن يۈرىكىنى چۈشەنمىسىكەن، سەمىمىي ۋە ئۆتكۈر تەنقىدلىرىگە كەڭ قورساقلىق قىلمىسىكەن، زامانغا باپ كەلمەيدۇ دېيىشىۋاتقان ئىدىيە ۋەپىكىرلىرىنى نەزەر ئېتىبارىغا ئالمىسىكەن، قىلىۋاتقان-ئېيىتىۋاتقانلىرىنىڭ ھەممىسىدە كولاش ئەمەس، يۆلەش مەقسەت قىلىنغانلىقىنى، كولاپ ئاغدۇرۇش ئەمەس، يۆلەپ تۇرغۇزۇش، گۈللەندۈرۈش مەقسەت قىلىنغانلىقىنى، شەخسىي مەنپەئەت ئەمەس، دۆلەت ۋە مىللەت نەزەردە تۇتۇلغانلىقىنى چۈشەنمىسىكەن، دەپ ئىنتىزار بولغان. ئېھتىمال شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، لېنىن گوركىينىڭ ئاتاپ تۇرۇپ قىلىۋاتقان تەنقىدلىرىگە 14يېرىم ئاي سەبر قىلغان؛ «يېڭى ھايات» گېزىتىنى پېچەتلەش توغرىسىدا چۈشۈرگەن بۇيرۇقىدىمۇ «گوركىي ئۆز ئادىمىمىز» دەپ كېسىپ ئېيتقان.

گوركىينىڭ پىكىر-ئىدىيىلىرى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ يۈنىلىش - سىياسىي تەدبىرلىرىگە ئايلانمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ رۇسىيە كالېندارى بويىچە 1917-يىلى 19-دېكابىردا قىلغا ئاگاھلاندۇرۇش خاراكتېرلىك بىشارەت سۆزى ھەقىقىي رېئاللىققا ئايلاندى!

گوركىينىڭ يىراقنى كۆرەرمەنلىكىگە ئاپىرىن ئوقۇيمىز، ئۇنىڭ يۈكسەك نەزىرىنى تېخىمۇ قەدىرلەيمىز.

①«زامانغا باپ كەلمىگەن پىكىرلەر»- بۇ ئەسلى ماكسىم گوركىينىڭ ئەسىرى، رۇسچىدىن خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، جياڭسۇ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1998-يىلى يانۋاردا نەشر قىلىنغان.

بۇ ماقالە ئەسلى ۋاڭ نو تەخەللۇسى بىلەن «كىتاب ئوقۇش» ژۇرنىلىنىڭ 1999-يىل 1-سانىغا بېسىلغان.

## پۈتكۈل ئەل كېسەلمىدۇ؟

دورا ئېلانلىرى جاھاننى قاپلىماقتا.

گېزىت-ژۇرنال، رادىئو-تېلېۋىزىيىمۇ دورا ئېلانلىرىدىن قۇرۇق قالماي، ھەر يەردە تارقالماقتا، ياڭرىماقتا.

ئەرلەرمۇ، ئاياللارمۇ، قېرىلارمۇ، ياشلارمۇ دورا يېمەيدىغىنى يوقتەك، پۈتكۈل ئەلنىڭ ھەممە يېرى دورا دۇكىنىدىن، ئاپتېكىدىن خالىي ئەمەسكەن.

دورا سۇ، دورا چاي، دورا ئۇسسۇلۇق،
دورا كۆرپە، دورا يوتقان، دورا ياستۇق؛
دورا تاماكا، دورا ھاراق، دورا ئوزۇقلۇق،
يەنە تېخى دورا ئاياغ، دورا پايپاق بار تولۇق.

چوڭ رەستە، تار كوچىلارنى ئارىلىسىڭىز، قاتار كەتكەن دورا دۇكانلىرى، دورا بوتكىلىرى؛

كۆرىسىز دائىم ئايىغى ئۈزۈلمەي كىرىپ-چىقىپ تۇرغانلارنى، ئۇلار شەكسىز شۇ دورا دۇكانلىرىنىڭ خېرىدارى.

دورىنىڭ ئېلان قەغەزلىرى، تەشۋىق ۋەرەقىلىرى ئۇچۇپ يۈرىدۇ، كوچىلاردا، دوقمۇش-دوقمۇشتا، يوللاردا.

ھەتتا شۇنداق قەغەز، ۋەرەقىلەر يولۇقىدۇ،

قىستۇرۇقلۇق ئىشىك، بوسۇغا ئاراشلىرىغا.
ساقايتارمىش گاسنى، ساقايتارمىش گاچىنى،
ساقايتارمىش قارنىغۇنى، تاز ھەم چوقۇرنى.
ساقايتارمىش تۇغماسنى،
ساقايتارمىش پەرزەنت كۆرەلمەس ئەركەكنى.
دورا ئىسسىق-سوغۇق مىجەزنى تەڭشەرمىش،
ئەڭگىزنى ياخشىلاپ قىرىلىقنىڭ ئالدىنى ئالارمىش.
تال، جىگەر ۋە بۆرەككە قۇۋۋەت بېرىپ،
دەردكە داۋا، رەنجگە شىپا بولارمىش.
بوۋاق-كىچىك باللارغا كالتىسى دورا ئىكەن،
ئۆسمۈرلەرنى ئۆستۈرۈدىغان دورا كوبالت ئىكەن.
ياشلارغا ئىمتىھان ئالدىدا قۇمۇلاق دورا زۆرۈر ئىكەن،
مېڭىسىنى قۇۋۋەتلەندۈرۈپ، ئېسىنى ياخشىلايدىكەن.
ياشانغانلار دورا بىلەن ياشلىقىغا قايتارمىش،
قورۇقلىرى تۆگەپ، چىشلىرى چىقارمىش.
ئاقارغان چاچلىرى قۇندۇزدەك قارىداپ،
پۇت-قولىغا باشقىدىن ماغدۇر كىرەرمىش.
پاپا ئادەم پۇتىغا كەيسە دورىلانغان ئاياغنى،
ئۆستۈرەرمىش دارازا قىپ بوي-بەستىنى.
سەمرىتەرمىش دورا ھەرقانداق جىن ئاۋاقنى،
ئورۇقلىتارمىش دورا تولۇمدەك سېمىز ئادەمنى.
ھەيرانمەن، پۇتكۈل ئەل كېسەلمىدۇر؟!
دورا يېمىسە بولمايدىغان ئاغرىقمىدۇر؟!

(«ھەجۋىي ۋە يۇمۇر» ژۇرنىلىنىڭ 1999-يىل 5-ئىيون سانىدىن.

تەرجىماندىن ئىلاۋە: بۇ، ئەسلى ئاپتور خې ۋىنيۇنىڭ شېئىر ئۇسلۇبىدا يېزىلغان قاپىيەلىك ھەجۋىي ئەسىرى ئىدى. بۇنىڭغا زىنچە تۆمۈر بىلەن سالاسۇن شەكلىدە ئېھتىيات ئىشىكى ئورنىتىلغان ئۆينىڭ ئىشىكىنىڭ سالاسۇنلىرىغا، ئىشىكنىڭ يان تەرىپىدىكى ئەخلەت ساندۇقىنىڭ ئاغزىغا رەتسىز قىستۇرۇلغان، بوسۇغا ئالدىدىمۇ چېچىلىپ ياتقان بىرمۇنچە دورا ئېلان قەغىزى، تەشۋىق ۋەرەقىلىرى ۋە قەغەز ۋەرەقىلەرنى كۆرگەن سالاپەتلىك بىر ئادەمنىڭ ھالڭ-تالڭ بولۇپ تۇرۇپ قالغانلىقى تەسۋىرلەنگەن ھەجۋىي رەسىممۇ قوشۇمچە قىلىنغان. بۇ ماقالىنى تاللاپ، كۆكلەپ تەرجىمە قىلغان كەمىنە جاپاكەش تەرجىماننىڭ ئىقتىدارى چەكلىك بولغاچقا، ئەسلى ئەسەرنىڭ شېئىر شەكلى ئامانەت قالدۇرۇلۇپ، تۈپ ماھىيىتىلا بايان قىلىپ بېرىلدى. بۇ قوسۇرىمىزنى كەچۈرۈشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.)

# «جۇڭگو خەلقى»ئەجدىھاغا ئاشىقمۇ؟

بەزى ئادەملەرنىڭ تەسەۋۋۇرىدا، شۇ قاتاردا كەمىنە قەلەم ئىگىسىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىمۇ ئەجدىھا دەپ ئاتىلىدىغان بىر مەخلۇق مەۋجۇد. لېكىن بۇ تەبىئەت دۇنياسىدا مەۋجۇدمۇ ياكى ئادىمىزات دۇنياسىدا مەۋجۇدمۇ، بۇنىڭ جاۋابى مەجھۇل. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئۇنىڭ بويى ئۇزۇنمىش، تېنىدە يالتىراپ تۇرىدىغان قاسراقلىرى، بېشىدا مۈڭگۈزى، بېقىنىدا پۇتلىرى بارمىش؛ ئۇ ھەم يەردە ماڭالايدىغان، سۇدا ئۈزەلەيدىغان، ئاسماندا ئۇچالايدىغان، ئۇچرىغاننى ھام قىلىپ يۇتۇۋېتەلەيدىغان، ۋاقتى كەلسە بۇلۇت پەيدا قىلىپ يامغۇر ياغدۇرالايدىغان، جۇدۇن-چاپقۇن پەيدا قىلالايدىغان ئاجايىپ سۇرلۇك ھەم سىرلىق مەخلۇقمىش. بۇ كارامەت مەخلۇق توغرىسىدا ھەر مىللەت، ھەر ئادەمنىڭ چۈشەنچىسى ئوخشاش ئەمەس. خەنزۇ خەلقىنىڭ قارىشىچە، ئەجدىھا فېئودالىزم دەۋرىدە خان-پادىشاھلارنىڭ سىمۋولى ئىكەن، ئۇنى ئەزىزلەش يۈزىسىدىن خان-پادىشاھلارنىڭ لازىمەتلىكلىرىگىمۇ، مەسىلەن، شاھانە تونلىرىغىمۇ، تۆشەكتىكى كارىۋاتلىرىغىمۇ كەشتە-نەقىش بىلەن قوندۇرۇپ قويىدىكەن، يەنى خەنزۇچە «ئەجدىھا» دېگەن سۆزنى چاپلاپ قويىدىكەن؛ بەزىلەر خەنزۇچە «ئەجدىھا» دېگەن سۆزنى فامىلە قىلىپ قوللىنىدىكەن («ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»گە قاراڭ). بىز ئۇيغۇر خەلقى ئەجدىھانى ئەپسانىۋىي چوڭ يىلان، دەپ چۈشىنىمىز. بۇ چۈشەنچە بويىچە ئەجدىھا ئەپسانىلاردىكى ھەر خىل قىياپەتكە ئۆزگىرەلەيدىغان، باشقىلارنى سېھىرىي كۈچى بىلەن ھەر خىل قىياپەتكە كەلتۈرەلەيدىغان ھەمدە ئالدىغا كەلگەن نەرسىنى يالماپ يەپ تۈگىتىدىغان قانخور، ياۋۇز، زالىم مەخلۇقتۇر. ئەجدىھا يەتتە باشلىق يالماۋۇز، دەپمۇ ئېيتىلىدۇ («ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» I توم237-بەتكە، Ⅵ توم490-بەتكە قاراڭ). خەنزۇچە «خېبېي گېزىتى» ئىگىدارچىلىقىدا چىقىدىغان «زاۋېنباۋ» («فېلىيەتون گېزىتى») نىڭ 2000-يىل 23-ماي سانىدا ۋېن لياڭچىن ئىمزاسى بىلەن ئېلان قىلىنغان «جۇڭگو خەلقى ئەجدىھاغا ئاشىقمۇ؟» دېگەن سەرلەۋھىدىكى ماقالىنى تۆۋەندىكىچە تەرجىمە قىلىپ، ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ بەھرىگە سۇندۇم، ئوقۇپ بېقىشىڭلارغا ئەرزىيدۇ قالار.

- توختى باقى ئارتىشى

ماقالىدە مۇنداق يېزىلغان:

ۋاقىت تولىمۇ يۈگۈرۈك ئىكەن، ئەجدىھا يىلى كىرگەندىن كېيىن كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە بىرنەچچە ئاي ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدى پاراڭ قىلىپ بەرسەم، «مودا قوغلىشىپتۇ» دەيدىغان گەپ-سۆزگە قالمايدىغاندەك تۇرىمەن.

ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، يېڭى ئەجدىھا يىلى ئەمدىلا باشلانغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوقۇرمەنلەر ھەپتىلىك مەجمۇئەلىرىدىن بىرى قاتاردىن قالماي، بىر پارچە ئەجدىھا رەسىمىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپتۇ، شۇ رەسىمنىڭ يېنىغا «ئەجدىھا يىلى خەيرلىك بولسۇن» دېگەن سۆزلەرمۇ بېسىلىپتۇ. بۇ، ئەلۋەتتە، ئارزۇ-ئۈمىدنى بىلدۈرۈدىغان سۆز. بىراق، ئەپسۇسكى، ئەجدىھا يىلى بايرىمى ئەمدىلا ئاياغلاشقانىدى، خەيرلىك بولمىغان شۇم خەۋەرلەر كەينى-كەينىدىن كەلگىلى تۇردى: جياۋزۇ شەھىرىدە 70نەچچە تىرىك جان ئوتتا كۆيۈپ ئۆلۈپتۇ؛ ئۇچ

www.uyghurkitap.com

نەپەر ئۇسسۇر بالا ئىككى يېرىم كوي پۇلنىڭ كاساپىتى بىلەن جېنىدىن ئايرىلىپتۇ. دېمەك، ئەجدىھا يىلى ئۇ قەدەر خەيرلىك ئەمەسكەن. بۇ يەردە ئۇنداق خەيرلىك بولمىغان پاراڭلارنى قويۇپ تۇرايلى، بەزى ئادەملەرنىڭ زېتىغا تېگىپ كەتمىگەي.

پاراڭنى باشقا ياقتىن باشلايلى. ھېلىقى مەجمۇئەدىكى ئەجدىھانىڭ رەسىمى يېنىدىكى ئىزاھتىن قارىغاندا، جۇڭگو ئادەملىرى ئەجدىھادىن ئايرىلالمايدىكەن. بۇنىڭدىن 6000 يىل ئىلگىرىكى «ياڭشاۋ مەدەنىيىتى» (خۇاڭخې ۋادىسىدىكى يېڭى تاش دەۋرىدە ۋۇجۇدقا كەلگەن، كۈللۈك ساپال قاچىلار بىلەن مەشھۇر بولغان، كۈللۈك ساپال مەدەنىيىتى دەپمۇ ئاتىلىدىغان مەدەنىيەت. — تەرجىمان ئىزاھى) نىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىن قالغان خارابىلىرىدىن قۇلۇلە قاپلىرى بىلەن تىزىپ ياسالغان ئەجدىھا شەكلىدىكى نەرسىلەر تېپىلغان؛ ئەنە شۇ نەرسىلەر ھازىرغا قەدەر ھەممىدىن بۇرۇن تېپىلغان ئەجدىھا ئىسكىلىتى ئىكەن. شۇنىڭ ئۇچۈن ئۇ «تۇنجى جۇڭخۇا ئەجدىھاسى» دەپ تەرىپلىنىپ كېلىنىۋېتىپتۇ. ياڭشاۋ مەدەنىيىتى دەۋرىدىن كېيىنكى زامانلاردا ئەجدىھانىڭ پۇشتى ئىزچىل نەسىل سۈرۈپ كەلدى، ھەتتا ھازىرقى كۈندىمۇ ئەجدىھانىڭ جىسمى، كۆلەڭگىسى كۆز ئالدىمىزدا ئۇچراپ، نامايان بولۇپ تۇرماقتا. شۇڭا ئىدىيە جەھەتتە پىكرى خېلىلا ئوچۇق ھەم يېڭى بولۇپ تونۇلغان شۇ ئوقۇرمەنلەر مەجمۇئەسىدىكى «مۇھەررىرنىڭ سۆزى» دىمۇ: «ئەجدىھا، جۇڭگو خەلقى تولىمۇ ئاشىق بولۇپ ياخشى كۆرۈدىغان بۇ مەخلۇق بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزغا سىڭىپ كەتكەن»، «〈ئەجدىھانىڭ پۇشتى〉» دېگەن ناخشىدا كونا تارىخلىق ۋەتىنىمىزنىڭ ئەجدىھا بىلەن دەرد-ئەلەمنى تەڭ تارتىدىغان ، راھەت-پاراغەتنى تەڭ كۆرۈدىغان ئايرىلماس مۇناسىۋىتى بارلىقى بايان قىلىنىدۇ» دەپ يېزىلغانلىقىدىن ئەجەبلىنىش ھاجەتسىز بولسا كېرەك.

ئۇنداق گەپلەرنى قىلىپ قويۇپ ئادەمنى گاللىۋاڭلاشتۇرغاندىن كۆرە قىلمىغىنى تۈزۈك.

شۇ ئەپسانىۋى مەخلۇققا زادى قانچىلىك «جۇڭگو خەلقى» ھېرىس-ئاشىق؟ بۇنى بىلمەيمەن. چۈنكى ئۇنىڭ راست مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش مۇمكىن ئەمەس، يوق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىشمۇ مۇمكىن ئەمەس. قانداق بولسا بولسۇن، «جۇڭگو خەلقى » جۈملىسىدىن بولغان پېقىر (ئاپتور ۋېن لياڭچېن. — تەرجىمان ئىزاھى) ئۇنداق ياۋۇز، زالىم بىر نەرسىنى ياخشى كۆرمەيمەن، پالانى-پوكۇنىلەر ئەجدىھاغا ھېرىس، ئاشىق ئىكەن، دەپ ئاڭلىغىنىممۇ يوق. بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئىلگىرى «دېھقانلارغا كىم ۋەكىللىك قىلالايدۇ؟» سەرلەۋھىلىك ماقالەمدە: «بىزدە شۇنداق 〈ئالاھىدە خۇسۇسىيەت〉لىك ، ئۆزىمىزگە 〈خاس〉 ھادىسە باركى، بەزىلەر ئاغزى ئېچىلسىلا ئانچە مىڭ، مانچە تۈمەن خەلققە ھەتتا پۈتكۈل جۇڭگو خەلقىگە 〈ۋەكالىتەن〉 ۋەھاكازا دەيدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنى كىم 〈ۋەكىل قىپتۇ؟〉» دەپ تەنقىد قىلغانىدىم. ھازىر ئىككى يىل ئۆتتى، خەلقنىڭ ئىرادىسىغا زورلۇق قىلىدىغان ھادىسىلەر يەنىلا ئىلگىرىكىدەك مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇۋېتىپتۇ، بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟!

ئەجدىھا زادى قانداق نەرسە؟ «مۇھەررىرنىڭ سۆزى» گە قارىغاندا ، «بۇ مەسىلىنى بۇرۇندىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە سان-ساناقسىز مەلۇماتلىق ئادەملەر، ئالىملار تەتقىق قىلىپ، تەھقىقلەپ، ئاخىرى خېلىلا بىرلىككە كەلگەن مۇنداق بىر خۇلاسىنى چىقارغان: سېھرىي كۈچى بىلەن ئالەمنى مالەم قىلالايدىغان شۇنداق كارامەت سىرلىق ئوبراز ئىپتىدائىي ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدە توتېمىزمدىن پەيدا بولغان؛ ئۇ، تۇرلۇك ھايۋاناتقا بولغان توتېم (چوقۇنۇشتىن شەكىللەنگەن مەبۇد) لارنىڭ يۇغۇرۇلۇشى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان خىيالىي مەخلۇقتۇر». دېمەك، دۇنيادا ئەجدىھا دېگەن نەرسە مەۋجۇد ئەمەس، بىزنىڭ قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە چوقۇنۇپ كېلىۋاتقىنىمىز يوق نەرسىدۇر.

يوق نەرسە ئىكەن، «جۇڭگو خەلقى» شۇ نەرسىگە ھەقىقەتەن ھېرىس ئىكەنۇ، خەير، بۇنىڭغىمۇ مەيلى. گەپ شۇ يەردىكى ، مېنىڭ بىلىشىمچە، ئەجدىھا دېگەن بۇ ئويدۇرما نەرسىگە بۇرۇندىن تارتىپ ھازىرغىچە ئاشىق بولۇپ كەلگەنلەر ۋە كېلىۋاتقانلار «جۇڭگو خەلقى» ئەمەس، بەلكى «جۇڭگو خەلقى» نىڭ خان-پادىشاھلىرىدۇر. ئەجدىھانى «جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇزۇندىن بۇيانقى ئەنئەنىۋى بەلگىسى» دېگەندىن كۆرە، جۇڭگونىڭ بىرنەچچە مىڭ يىللىق فېئودال ئىستىبداتچىلىقىنىڭ بەلگىسى، جۇڭگود ئۆتكەن خان-پادىشاھلارنىڭ بەلگىسى، دېگەن تۈزۈك؛ ئۇنى بىرخىل سۈرلۈكلۈك، زالىملىقنىڭ بەلگىسى، رەھىمسىزلىك — ياۋۇزلۇقنىڭ سىمۋولى ، دېگەن تۈزۈك. «ئەجدىھا سۈپەتلىك پادىشاھنىڭ قەھر-غەزىپى ئۆرلەپ» كەتسە، ئادەم ئۆلتۈرۈشىدە، ئادەم ئۆلتۈرگەندىن كېيىن «سۆرەپ چىقىپ ئىتقا تاشلاپ بېرىلسۇن» دەپ پەرمان قىلىشىدا شەك يوق. بۇنى قانداقمۇ «ياخشى، ئارزۇلۇق ئوبراز» دېگىلى بولسۇن؟! «مۇھەررىرنىڭ سۆزى» دە : ئەجدىھا «فېئودالىزم جەمئىيىتىدە خان-پادىشاھلارنىڭ دەخلى يەتكۈزگىلى بولمايدىغان مۇقەددەس ئوبرازىدۇر» دەپ ئېتىراپ قىلىنغان. بۇ گەپچە، ئەجدىھا دېمەك — خان-پادىشاھ دېمەكتۇر، خان-پادىشاھ دېمەك — ئەجدىھا دېمەكتۇر، ئەجدىھا سۈپەتلىك پادىشاھ دېمەكتۇر. شۇنداق ئىكەن، «جۇڭگو خەلقى» ئۇنى قانداقمۇ ياخشى كۆرسۇن؟ ئۇلار ئەجدىھاغا ھېرىس بولسا، خان-پادىشاھقا ھېرىس بولغان بولىدۇ. لېكىن بىزدە تارىختا پادىشاھ بارلىققا كەلگەندىن بۇيان، «جۇڭگو خەلقى» نىڭ پادىشاھنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقى ، پەقەت پادىشاھتىن ھېيىقىپلا يۈرۈدىغانلىقى، خەلقنىڭ ياخشى كۆرۈدىغىنى ھېچ بولمىغاندا پادىشاھنىڭ تەختى-تاجىسى ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىپ كەلدى، خالاس. بەزى دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى داھىيلىرىنىڭ ھەتتا بەزى تۆرە-خوجىلارنىڭ مەقسىتىمۇ بىر قېتىم پادىشاھ بولۇپ باقسام ئىكەن، دېگەن ئارزۇ-ئارماندىن باشقا نەرسە بولمىسا كېرەك؛ بەزى ئادەملەرنىڭ يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ ، «پادىشاھلىقنىڭ نۆۋىتى بار، كېلەر

يىلى نۆۋەت پېقىرگە كېلىدۇ» دەپ «كەچۈرگۈسىز گۇناھ»لىق گەپلەرنى قىلىشقا جۈرئەت قىلىشىدىكى مۇددىئامۇ شۇنىڭدىن باشقا نەرسە بولمىسا كېرەك. ئۇنداق ئەھۋاللار شۇ ئادەملەرنىڭ «ئەجدىھا سۈپەت پادىشاھ»غا ئامراق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ. بۇنى شىنخەي ئىنقىلابىدا پادىشاھلىق تۈزۈم بىكار قىلىنغاندىن كېيىن، يۈەن شىكەي پادىشاھلىق تۈزۈمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنغىنىدا پۈتكۈل مەملىكەت خەلقىنىڭ يەتتە ياشتىن 70 ياشقىچە چوڭ-كىچىك ھەممىسى لەنەت-نەپرەت قىلغانلىقى ناھايىتى ئوبدان چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. خۇددى بەزىلەرنىڭ دېگىنىدەك: «شىنخەي ئىنقىلابى مانجۇ پادىشاھلىرىنىلا قوغلاپ قالماستىن، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ھەرقانداق يول بىلەن پادىشاھلىق قىلىشىغىمۇ قارشى تۇردى». دېمەك، «جۇڭگو خەلقى» ئەجدىھاغا ـ ئەسلىدە بىر نېمىدەپ ئېغىزغا ئالغۇچىلىكىمۇ يوق بىر نېمىگە ـ خۇشتار ئەمەس.

«جۇڭگو خەلقى» ئەجدىھاغا ئامراق، ئەجدىھادىمۇ «زامانىۋى نەپەس يوق ئەمەس» دەيدىغان كاجلىقلارغا كەلسەك، ئۇنداق كاجلىقلار شۇ ئادەملەرنىڭ ئۆزلىرىدە «ئەجدىھا ئىشقى» بارلىقىنى بىلدۈرگەندىن باشقا، خۇددى «جۇڭگو خەلقى» باشقىلارنىڭ زۇلۇم قىلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ، دېگەنگە ئوخشاش تەلۋىلىك ئەمەسمۇ؟!

بەزىلەرنىڭ ئۆزلىرىنى ئەخمەق قىلغاندىن تاشقىرى باشقىلارنىمۇ ئەخمەق قىلىشىدىن ھەزەر ئەيلەيلى.

## مەمۇرىي دەرىجە ئىلمىي دەرىجىگە باراۋەرمۇ؟

ئاپتور ۋۇجىشۇن: «ئاكادېمىك مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى دەرىجىسىگە تەڭمۇ؟» سەرلەۋھىلىك مۇھاكىمىسىدە مۇنداق يازىدۇ:

شىنجاڭدا شۇنداق بىر ئالاھىدە سىياسەت ئېلان قىلىنىپتۇ، شۇ يەردىكى ئاكادېمىكلەر مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى دەرىجىسىگە باراۋەر تەمىناتتىن بەھرىمەن بولىدىكەن، تۇرالغۇ، داۋالىنىش جەھەتلەردە مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى دەرىجىلىك كادىرلار بىلەن ئوخشاش بولىدىكەن.

بۇ خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، بۇ سىياسەتنى ئىلىم-بىلىمنى قەدىرلەيدىغان، قابىل ئادەملەرنى ئەزىزلەيدىغان ئاقىلانە تەدبىر بوپتۇ، دەپ مەدھىيىلىدۇق. لېكىن چوڭقۇر ئويلاپ كۆرگەندىن كېيىن، ئىلىم-بىلىمنى قەدىرلىگەندە ئۇنى «مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى دەرىجىسى»گە توغرىلاشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى باردۇر؟ دېگەن گۇمان پەيدا بولدى.

ئاكادېمىك دېمەك ـ ئىلىم-پەننى تەتقىق قىلىدىغان ئورگاننىڭ ھەقىقىي ئەزاسى يەنى ئالىي تەتقىقاتچى، ئالىم دېمەكتۇر. ئۇلار بۇ ھۆرمەتكە ئۆزلىرىنىڭ چوڭقۇر ئىلىم-بىلىمى ۋە شۇ جەھەتتىكى پىداكارلىقى بىلەن، شۇنداقلا جەمئىيەتكە يەتكۈزگەن تۆھپىسى بىلەن نائىل بولغان. فرانسۇز مۇتەپەككۇر سايىنت سىمونىنىڭ مۇنداق بىر مەشھۇر سۆزى بار: «ئەگەر فرانسىيىدە 50 نەپەر مۇنەۋۋەر فىزىكا ئالىمى، 50 نەپەر مۇنەۋۋەر خىمىيە ئالىمى، 50 نەپەر مۇنەۋۋەر ماتېماتىكا ئالىمى، 50 نەپەر مۇنەۋۋەر شائىر، 50 نەپەر مۇنەۋۋەر يازغۇچى، 50 نەپەر مۇنەۋۋەر ئىنژېنېر بىردىنلا يوقىلىپ كەتسە، فرانسىيە شۇئان جانسىز مۇردىغا ئايلىنىپ قالىدۇ» (شۇ جۈملىدىن كۆپ مىللەتلىك بىر دۆلەتتە ئەگەر مەلۇم ساندا يېتىشكەن مۇنەۋۋەر تەرجىمە مۇتەخەسسىسى بولمىسا، شۇ دۆلەتنىڭ ماددىي - مەنىۋى تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم ئامىللىرىدىن بىرى بولغان ھەتتا شۇ تەرەققىياتنىڭ ئۇلى بولغان ئىتتىپاقلىق، مۇقىملىق يولىدا مىللەتلەر ئارا مەنىۋى «كۆۋرۈك» بولمىسا پىكىر بىرلىكى نەدىن كېلەر؟ بۇ، تەرجىمانىنىڭ قوشۇمچە تەسىراتى). ئىلىم-بىلىمنىڭ كۈچ-قۇدرىتى، قىممىتىنى چاغلىق مەرتىۋە، دەرىجە، مەنسەپ بىلەن تەڭلەشتۈرگىلى بولارمۇ؟ ئىلىم-پەننىڭ خۇسۇسىيىتىنى دەرىجە بىلەن ئۆلچەش مۇمكىن ئەمەس: ئىلىم-بىلىمگە ھەقىقىي رەۋىشتە ئۆمۈرلۈك ئىشتىياق باغلىغان ئالىم-مۇتەخەسسىسلەر دەرىجە، مەنسەپنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكىگە پەرۋا قىلمايدۇ. ماتېماتىكا ئالىمى چېن جىڭرۇڭ دۇنيانى ھاڭ-تاڭ قالدۇرغان «گولدباخ قىياسى»نىڭ سىرىنى بار-يوقى ئالتە كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئۆيدە ئولتۇرۇپ يەشكەن. ئۇ، مۇئاۋىن پروفېسسور يەنى دوتسېنت ـ مۇئاۋىن ھاكىم دەرىجىسىگە تەڭ ئىكەن، ئۆيى تۆت ھوجرىلىق بولىدىكەن، دەپ ھېسابلاپ يۈرگەنمىكەن؟

مەمۇرىي مەنسەپنى نېمىشقا ئىلمىي دەرىجىنىڭ ھۆرمىتىگە توغرىلاپ باھالىشىدىغاندۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى ئەتراپىمىزدىكى قويۇق «مەنسەپ ھاۋاسى»غا قارىساقلا چۈشىنىۋېلىش مۇمكىن. مەيلى ھەرقانداق كەسىپ، ساھە ياكى ئورۇن-ئىدارە بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەمۇرىي دەرىجە قېلىپىغا چۈشۈرۈلمەكتە: نازارەت دەرىجىلىك مەكتەپ، ناھىيە دەرىجىلىك گېزىتخانا، بۆلۈم دەرىجىلىك كارخانا ۋەھاكازا. بىرمۇنچە دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ لىدىرلىرى، باش دىرېكتورلىرى تىرناق ئىچىدە ئۆزلىرىنىڭ مەمۇرىي دەرىجىلىرىنى ئىزاھلاشتىن زېرىكمەيدۇ. بەزى يەككە-خۇسۇسىي كارخانىلارمۇ «مەنسەپ» دائىرىسىگە كىرىپ، «تۇمار» ئېسىۋېلىشقا تۈرلۈك ئامال-چارىلار بىلەن ئۇرۇنىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ سەۋەبى شۇ «مەنسەپ ئاساس» ئىدىيىسى چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، كىشىلەرنىڭ قىممەت قارىشىغا ھاكىم بوپقالغان؛ ئادەمگە ئۇنىڭ مەنسىپىگە قاراپ مۇئامىلە قىلىدىغان، ئىش توغرا كەلگەندە مەنسەپدارنىڭ قاش-قاپىقىغا قاراپ ئىشلەيدىغان ئادەت پەيدا بوپقالغان. ئەنە شۇنداق مەنسەپ قەدىرلىك، قابىلىيەت قەدىرسىز بوپقالغان شارائىتتا ئىلىم-بىلىم ئەھلىلىرىنىڭ قانچىلىك قەدىر-قىممىتى بولسۇن؟

مەنسەپ قارىشى كۈچلۈك، ماھارەت قارىشى

كۆچسىز، مەنسەپدار ئەزىز، ماھارەت ئىگىسى قەدىرسىز بولسا، مەنسەپدارلىق كەيپىياتى كۆچىيىپ كېتىدۇ، مەنسەپپەرەسلىك - بيوروكراتىزم ۋە بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ئەيىبلەر ئەۋج ئېلىپ كېتىدۇ... ماھارەت ئىگىلىرىنى ئەزىزلەيدىغان مىللەت راۋاج تاپالايدۇ... مېڭىمىزدە ساقىندى بوپقالغان، مەنسەپنى ئاساس قىلىدىغان يامان ئادەتنى ئۈزۈل-كېسىل تۈگىتىپ، ماھارەت ئىگىلىرىنى قەدىرلەپ ئىشلىتىدىغان ئىلىم-پەن تۈزۈمىنى ھەقىقىي بەرپا قىلىش - مانا بۇ تۈپ، نېگىزلىك تەدبىردۇر.

* * *

ئاپتور گاۋ شيا «جۇڭگو ياشلىرى» گېزىتىدە ئېلان قىلغان «ئاكادېمىك - ئاكادېمىكتۇر» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

ئاكادېمىك دېمەك - ئىلىم ئەھلى دېمەكتۇر، مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى دېمەك - مەمۇرىي مەنسەپدار دېمەكتۇر، بۇلارنى تەڭلەشتۈرۈش تەس. بىرىنچىدىن، بۇلارنى پەيدا قىلغان «تۇپراق» ئوخشاش ئەمەس. ئىلىم ئەھلى مەدەنىيەت، ئىقتىساد جەھەتتىكى تەرەققىيات، ئاڭ-پىكىر جەھەتتىكى يۈكسىلىشتىن بارلىققا كېلىدۇ. بۇنداق تەرەققىيات، يۈكسىلىش بولمىغان يەردە بىرەرمۇ ئالىم چىقماسلىقى مۇمكىن، لېكىن سانسىز مۇئاۋىن ئۆلكە دەرىجىلىك مەنسەپدار ھەتتا رەئىس جۇمھۇر چىقىشى مۇمكىن. ئىككىنچىدىن، ئۇلارنىڭ پەيدا بولۇش ئۇسۇلى ئوخشاش ئەمەس. ئالىم دېگەن ئۇنىۋان ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ چوڭقۇر ئىلىم-بىلىمى، ئىلىم-بىلىمى بىلەن كۆرسەتكەن پىداكارلىقى، تۆھپىسى ۋە جامائەتنىڭ ئېتىراپى بىلەن ھاسىل بولىدۇ. ئۇنى بۇيرۇق بىلەن تەيىنلەش ياكى سايلام يولى بىلەن سايلاش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىرىش مۇمكىن ئەمەس. مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى دەرىجىسىدىكى مەمۇرىي مەنسەپدار قانچىلىك كېرەك بولسا شۇنچىلىك تەيىنلەش ياكى ياسىۋېلىش مۇمكىن، ھەتتا شتاتقا سىغمىسىمۇ ياكى دەرىجىسى مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى دەرىجىسىگە يەتمىسىمۇ تىرناق ئىچىگە مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى دەرىجىسى بويىچە تەمىنات بېرىلىدۇ، دەپ يېزىپ قويۇش مۇمكىن. بەزى نىيىتى يامان، خۇشامەتچى ئادەملەرمۇ مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى دەرىجىسىنى ئەپلەپ-سەپلەپ قولغا كەلتۈرۈۋېلىشى مۇمكىن. ئۆلۈم جازاسىغا مەھكۇم بولغان خۇچاڭچىڭ جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى دەرىجىسىگە پارە بېرىش يولى بىلەن تىرمىشىپ چىقىۋاپتىكەنغۇ. ئەگەر بىراۋ ئەنە شۇنداق ھىيلە-نەيرەڭ بىلەن ئالىم بولۇۋالاي دەپ خىيال قىلسا، بۇ ئۇنىڭ ئۇخلىماي كۆرگەن چۈشى! مۇتلەق مۇمكىن ئەمەس. ئالىملارنىڭ ئۆزىگە خاس ئاجايىپ خىزمەتلىرى بار، ئۇلار ئازادلىققا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۆزىگە خاس تۈرتكە بولغان، ئۇلارنىڭ تۆھپىلىرىدە روشەن ئىجادىيلىق، ئىنقىلابىيلىق ۋە ئومۇمىيلىق بار. مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تۆھپىسى بولۇشى ناتايىن، بولغان تەقدىردىمۇ مەلۇم دائىرىدە بولۇشى، كەڭ-ئومۇمىي دائىرىدە بولماسلىقى مۇمكىن.

ئەتىدىن كەچكىچە قورساق تويغۇزۇشنىلا بىلىدىغان، ئومۇم ئىشىغا باش قاتۇرمايدىغان، شۇنچە يىل مەنسەپ تۇتقان بولسىمۇ ئومۇمغا نەپ يەتكىدەك ئىش قىلمىغان مەنسەپدارمۇ يوق ئەمەس. چېن شىتۇڭ (جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ سابىق ئەزاسى، بېيجىڭ شەھەرلىك پارتكومنىڭ سابىق شۇجىسى. - مۇھەررىردىن)، ۋاڭ باۋسېن (بېيجىڭ شەھىرىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى. - مۇھەررىردىن) قاتارلىق بىرنېمىلەر ئەلگە ئاپەت كەلتۈرگەن، كەلتۈرۈدىغان بەدنىيەتلەردۇر. تۆتىنچىدىن، ئۇلاردىن مەلۇم بولغان قىممەت ئوخشاش ئەمەس. ئالىمنىڭ كۆپ بولۇشى مەدەنىيەت تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ، ئىقتىسادتىكى باياشاتچىلىقنىڭ، ئىدىيىدىكى يۈكسىلىشنىڭ ۋە جامائەتنىڭ ئالغا قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر، ئالىم قانچىكى كۆپ بولسا شۇنچە ياخشى. مەمۇرىي ئەمەلدار كۆپ بولسا ئىدارە توقاملىشىدۇ، ئىشتىن ئادەم كۆپ بوپقالىدۇ، ئىش ئۈنۈمى تۆۋەن بولىدۇ. چىرىكلىكنى پەيدا قىلىدىغان سەگەنچۈك قانچىكى كۆپەيسە، ئىش شۇنچە چاتاق بولىدۇ. بەشىنچىدىن، ئۇلارغا بېرىلىدىغان باھا ئوخشاش بولمايدۇ. ئالىملارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى تارىخنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ، خەلق چىن يۈرىكىدىن دائىم مەدھىيىلەيدۇ. مەمۇرىي ئەمەلدارلارغا بېرىلىدىغان باھا ئادەمگە قاراپ پەرقلىق بولىدۇ، بەزىسىگە مەڭگۈ تاش تىكلەش مۇمكىن، بەزىسى سەھنىدە مەدھىيىلىنىپ سەھنىدىن چۈشكەندە ئەيىبلىنىشى، تەنقىد قىلىنىشى مۇمكىن، بەزىسى بۈگۈن ئالاھىدە تۆھپىسى بار، دەپ باھالانسا ئەتە يەنە شۇنداق بولۇشى ناتايىن. مەسىلەن، ھەر قېتىملىق سىياسىي ھەرىكەتلەردە «خىزمەت كۆرسەتكەن» دەپ قارالغانلارنى ھازىرقى كۈندىمۇ شۇنداق دەپ قارىغىلى بولارمۇ؟

دېمەك، مەمۇرىي ئەمەلدار چىقىمى ئاسان، ئالىمنىڭ چىقىمى ناھايىتى قىيىن. ئېلىمىزدە تا ھازىرغىچە ئالىملىقى ئۈچۈن نوبېل مۇكاپاتى ئالغان بىرمۇ ئادەم چىقمىدى، لېكىن مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى دەرىجىسىدىكىلەرنى ۋاگونلاپ تېپىش مۇمكىن. بىرى قىيىن، بىرى ئاسان. ئەسلىدە قىيىن بولغانلىرىنىڭ تەمىناتى ئاسان بولغانلىرىنىڭكىدىن كۆپرەك بولسا ئەقىلگە ئۇيغۇن بولاتتى. ئالىمنىڭ تەمىناتىنى مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى دەرىجىسىدە چەكلەپ قويسا ۋە تېخى مۇشۇنداق قىلىشنى «قەدىرلەش» دەپ قارىسا، كىشىنى قايىل قىلالارمۇ؟ تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردە ئالىملارنىڭ تەمىناتى مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى دەرىجىسىدىن يۇقىرى بولۇش تۇرماق رەئىس جۇمھۇرلاردىنمۇ نەچچە ھەسسە ئېشىپ چۈشىدىغان ئادەملەر ئاز ئەمەس.

بەزىلەر «مەنسەپ»نى ئىلىم-بىلىم ئەھلىدىن يۇقىرى كۆرىدۇ، ھاياتنىڭ قىممىتىنى «مەنسەپ» بىلەن ئۆلچەيدۇ. ئازادلىقتىن بۇيان مەيلى مۇخبىر، ئوقۇتقۇچى، يازغۇچى، ئارتىست، تەتقىقاتچى، تەنھەرىكەتچى... بولسۇن، ھەممىسىگە مەمۇرىي دەرىجە بېرىلدى، ھەتتا پانىي دۇنيادىن بېزىپ

ئىبادەتخانىغا كىرىۋالغان شەيخ، بۇۋىمەلەرگىمۇ بۆلۈم باشلىقى، ناھىيە ھاكىمى دەرىجىلىرىگە توغرىلاپ دەرىجە بېرىلگەن. كەسپىي خادىملارغا ئۇنۋان بېرىلگەنلىكى ئەسلىدە «مەنسەپ ئاساس» دەيدىغان قاراشنىڭ ئىنكار قىلىنغانلىقى ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇنۋان «پالانى دەرىجە» گە تەڭ، دەيدىغان سۆزلەر قۇلىقىمىزغا كىرىپ تۇرىدۇ. دېمەك، «مەنسەپ ئاساس» دەيدىغان فېئوداللىق قىممەت قارىشىنىڭ نەقەدەر جاھىللىق ئىكەنلىكى مانا مەن دەپ تۇرىدۇ. . .

* * *

ئاپتور ۋۇفېي «ۋېنخۇيباۋ» گېزىتىنىڭ 2000 - يىل 27 - مارت سانىدا ئېلان قىلىنغان «‹تەمىنات› تىن تۇغۇلغان ئويلىرىم» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدا مۇنداق دەيدۇ:

. . . مەلۇم بىر يەر بىلىمنى قەدىرلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن يېقىندا مۇھىم بىر سىياسىي تەدبىرنى ئېلان قىلىپ، ئاكادېمىككە «مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى دەرىجىسىگە تەڭ تەمىنات» بېرىدىغان بوپتۇ ۋە «مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى دەرىجىسىگە تەڭ تەمىنات» نىڭ كونكرېت مەزمۇنلىرىنىمۇ بايان قىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن مەندەك بۇقرانىڭ كۆزىنى ناھايىتى چوڭ ئېچىپ قويدى. شۇ «تەمىنات» نىڭ ئادەمنى زوقلاندۇرۇدىغانلىقى ماڭا ئادەملەرنىڭ ئۈستىدە تۇرۇدىغان تاغ بېشىدىكى «دەم» نىڭ ھىممىتىنى چۈشەندۈرۈپ قويدى، نېمە ئۈچۈن «ئادەملەرنىڭ يۇقىرىغا يامىشىدۇ» غانلىقىنىمۇ بىلىپ قويدۇم.

«مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى دەرىجىسىگە تەڭ تەمىنات» تەگمىسىمۇ ئاكادېمىك ئەمەلىيەتتە يەنىلا ئاكادېمىكتۇر. جۇڭگو خەلقىگە بىۋاسىتە نەپ يەتكۈزۈۋاتقان ئاكادېمىكلارنىڭ تۆھپىسى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇلارغا ھېلىقى بىر «مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقىغا تەڭ تەمىنات» ئىكەن، ھەرقانداق كاتتا شان-شەرەپ ۋە تەمىنات بېرىلسە ئارتۇقلۇق قىلارمۇ؟ مەسىلىنىڭ يەنە بىر تەرىپىنى يەنى ھازىرقى «مۇئاۋىن ئۆلكە 'باشلىقى دەرىجىلىك تەمىنات» ئالىدىغان بەزى ئادەملەرنىڭ نامى-ئەمالىنى ئالساق، ئۇلار ئاكادېمىكلارغا ئوخشاش تەمىنات ۋە شان-شەرەپكە مۇناسىپ كېلەرمۇ؟ پېقىرنىڭ قارىشىچە، ئۇلارنىڭ بەزىسى ئايروپىلاندا، مەخسۇس پىكاپتا ئولتۇرۇشقا مۇناسىپ ئەمەس؛ بەزىسىگە ماشىنىنىڭ سىرتىدا ياردەم پۇلى بېرىش ھاجەتسىز، چۈنكى ئۇلار ئاللىقاچانلا پۇل تېپىشقا ئۇستا بوپقالغان؛ بەزىسىگە ئۆيىنىڭ كۆلىمىنى چوڭايتىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، چۈنكى ئۇلار نەۋرە - چەۋرىلىرىگىمۇ ئۆي-جاي تەييارلاپ قويغان . . . ئۇلارغا يەنە نېمە كەم، دەيسىز؟ ئۇلار ئاكادېمىك دېگەن ئۇنۋانغا تەلمۈرۈپ شۆلگەيلىرىنى ئاقتۇرۇشى مۇمكىن. چاتاق ئەنە شۇ يەردە: قولىغا كەلگىنىنى قەدىرلىمەيدۇ، قولىغا كەلمىگىنىگە تەلمۈرىدۇ. جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى خۇ چاڭچىڭ يېقىندىلا ئۆلۈم جازاسىغا مەھكۇم بولدىغۇ!

ئاكادېمىكنىڭ ئاكادېمىككە خاس ئىشى بار، ئۇ ئەگەر «مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى دەرىجىسىگە تەڭ تەمىنات» نىلا كۆزلەيدىغان بولسا، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ جانپىدالىق بىلەن ئىشلىمىگەن بولاتتى. خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن يېقىندا يەتتە-سەككىز نەپەر ئاكادېمىكنى زىيارەت قىلدىم. شۇ زىيارەتلەردىن چۈشىنىشىمچە، ئۇلارغا ھەممىدىن بەك كەملىك قىلىدىغىنى ۋاقىت ئىكەن. بەزىلەر ئۆزىنىڭ ئىشىدا ئۇلارنى بىكار ئاۋارە قىلىدىكەن، ۋاقتىنى زايە قىلىۋېتىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭچە، ئۇلارغا ئەۋۋەل «ئەڭ تۆۋەن تەمىنات» بېرىش - يەنى ئۇلارنى بىكار ئاۋارە قىلماسلىق، ئۇلارنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىۋەتمەسلىك كېرەك.

* * *

ئاپتور يىن جاۋپىڭ «فېلىيەتون گېزىتى» نىڭ 2000 - يىلى 26 - ماي سانىغا بېسىلغان «مەنسەپ ۋە يوغان گەپ» سەرلەۋھىلىك تەقرىزىدە مۇنداق دەيدۇ:

شىنجاڭدا، بۇ يەردىكى ئاكادېمىكلەر مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى دەرىجىسىگە تەڭ تەمىنات ئالىدۇ، دەيدىغان ئالاھىدە سىياسەت ئېلان قىلىنغانىكەن. ۋۇجىشۇن ئەپەندى ئاكادېمىككە بېرىلگەن بۇ مەنسەپ تاجىسىدىن گۇمانلىنىپ: «ئىلىم-بىلىمنى قەدىرلىگەندە ئۇنى ‹مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى دەرىجىسى› گە توغرىلاشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بار؟» دەپتۇ. چۈنكى ئۇنىڭ قارىشىچە، «ئىلىم-بىلىمگە ھەقىقىي روھتا ئۆمۈرلۈك ئىشتىياق باغلىغان ئالىم - مۇتەخەسسىسلەر دەرىجە، مەنسەپنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىگە پەرۋا قىلمايدۇ» مىش.

مەن ۋۇ جىشۇن ئەپەندىنىڭ تەقرىزىگە قوشۇلالمايمەن. بىرىنچىدىن، ئىلىم-پەننىڭ خۇسۇسىيىتىنى دەرىجە بىلەن ئۆلچەش مۇمكىن ئەمەسلىكى ئىلىم-پەن ئەھلىنىڭ تۇرمۇش تەمىناتىنى دەرىجە بىلەن ئۆلچىگىلى بولمايدۇ، دېگەن گەپ ئەمەس. چۈنكى رېئال تۇرمۇشتا سىز قەدىردان ئاكادېمىك بولسىڭىزمۇ ئادىمىزات ھاياتىنى كەچۈرىسىز، شۇنداق ئىكەن، سىز ئادىمىزاتسىز، ئادەتتىكى ئىنسانسىز، ئىنسانغا خاس ئارزۇ-ئارمىنىڭىز بولىدۇ، يەيسىز، ئىچىسىز، چىقىرىسىز، ئەگەر دەرىجىڭىز بولمىسا ئىشىڭىز تەس: ئۆي تەقسىم قىلىنغاندا كۆڭۈلدىكىدەك ئۆي تەگمەي قېلىشى مۇمكىن، پىكىر بايان قىلغاندا ئېتىبارغا ئېلىنماي قېلىشىڭىز مۇمكىن، بىرەر يەرگە مەجلىس ياكى يىغىنغا بارىدىغان چاغدا ئاپتوبۇستا قىستىلىپ يۈرۈشىڭىز مۇمكىن، ئاغرىپ قېلىپ دوختۇرخانىغا بارىدىغان بولسىڭىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە بالا-چاقىڭىز ھەمراھ بولۇپ ئاۋايلاپ ئېلىپ بېرىش توغرا كېلىپ، خوجىلىق بۆلۈمىنىڭ پالانى باشلىقىغا ياكى پۈكۈنى كادىرىغا ماشىنا چىقىرىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىشىڭىز مۇمكىن، يەنە تېخى ئۇلارنىڭ ماشىنا چىقىرىپ بېرىشىمۇ ناتايىن؛ بەزىدە: «ماشىنىلار بەك ئالدىراش، بېرەلمەيمەن» دېگەن بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا سىزنى يولغا سېلىۋېتىشى مۇمكىن. . ئىنسانىي ھاياتتىكى مۇشۇنداق ئاددىي ئىشلاردىن چەتنىگەن ھالدا ئىلىم-بىلىمنى

قەدىرلەش، ئىلىم-بىلىم ئەھلىنىڭ قەدرى - قىممىتىگە يېتىش توغرىسىدا پاراڭ قىلىشنىڭ ئۆزى يوغان گەپ بىلەن قۇرۇق لاپ ئۇرغانلىق بولماسمۇ؟

ۋۇجىشۇن ئەپەندى ماقالىسىنىڭ ئاخىرىدا «مەنسەپ قارىشى كۈچلۈك، ماھارەت قارىشى كۈچسىز، مەنسەپدار ئەزىز، ماھارەت ئىگىسى قەدىرسىز بولسا، مەنسەپدارلىق كەيپىياتى كۈچىيىپ كېتىدۇ، مەنسەپپەرەسلىك - بيۇروكراتىزم ۋە بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان ئەيىبلەر ئەۋج ئېلىپ كېتىدۇ. ماھارەت ئىگىلىرىنى ئەزىزلەيدىغان مىللەت راۋاج تاپالايدۇ... مېڭىمىزدە ساقىنىدى بوپقالغان، مەنسەپنى ئاساس قىلىدىغان يامان ئادەتنى ئۈزۈل-كېسىل تۈگىتىپ، ماھارەت ئىگىلىرىنى قەدىرلەپ ئىشلىتىدىغان ئىلىم-پەن تۈزۈمىنى ھەقىقىي بەرپا قىلىش - مانا بۇ تۈپ نېگىزلىك تەدبىردۇر» دەپ تەكىتلەپتۇ. بۇ سۆز ئەلۋەتتە توغرا، دېمىسىمۇ ھەممىمىز بىلىمىز. لېكىن ئاكادېمىككە مەنسەپ تاجىسىنى كىيگۈزۈپ قويۇشنىڭ ئۆزى مەنسەپنى ئەزىزلەپ، ماھارەتنى قەدىرسىز بىلگەنلىك ئەمەس، بەلكى «مەنسەپ قەدىرلىك، ماھارەت قەدىرسىز» بولۇپ تۇرغان دەۋردە نائىلاج قوللىنىلغان چارىدۇر. «مېڭىمىزدە ساقىنىدى بوپقالغان، مەنسەپنى ئاساس قىلىدىغان يامان ئادەتنى ئۈزۈل-كېسىل تۈگىتىپ، ماھارەت ئىگىلىرىنى قەدىرلەپ ئىشلىتىدىغان ئىلىم-پەن تۈزۈمى ھەقىقىي بەرپا» بولغىچە يوغان گەپلەرنى قىلىپ يۈرمىگىنىمىز ياخشى. يوغان گەپلەرنى قىلىپ لاپ ئۇرۇپ كېلىۋاتقىنىمىزغا خېلى كۆپ يىل بوپقالدى. ماھارەت ئىگىلىرى نېمىشقا ھازىرغىچە قەدىرلىنەلمەيۋاتىدۇ؟ قىلغان، قىلىۋاتقان «يوغان گەپ»لىرىمىز توغرىسىدا ئويلىنىپ باقساقمىكى؟!

## بۇنىمۇ ئوقۇپ قويۇڭ

غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە گۈللەندۈرەيلى، دېگەن داغدۇغىلىق شوئار ياڭراشقا باشلىغاندىن بۇيان، بۇ ئۇلۇغ ئەھمىيەتلىك ئىش ھەممە تەرەپنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىماقتا. ئېلىمىزنىڭ بۇ ئۇلۇغ ئىشىغا ھەقدار بولغان غەربىي رايوندىكى بولۇپمۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بۇ بۈيۈك گۈللىنىش دەۋرىنى خۇشاللىق ۋە جاسارەت بىلەن كۈتۈۋېلىۋاتقان ھازىرقى كۈندە پۈتكۈل مەملىكەت خەلقىنىڭ ھەتتا دۇنيا ئەللىرىنىڭ قىزغىن قوللاش سادالىرىنى ۋە ئەمەلىي ھەرىكەتلىرىنى تۈرلۈك ئاخبارات ۋاسىتىلىرىدىن بىۋاستە ئاڭلاپ، كۆرۈپ تۇرماقتىمىز. بۇ خەۋەرلەر ئىجتىھاتلىق ئادەملەرگە زور خۇشاللىق ۋە غەيرەت بېغىشلىماي قالمايدۇ. ئىجتىمائىي ۋەزىپىدىن توختاپ، پېنسىيىدە دەم ئېلىۋاتقىنىمغا بىر قانچە يىل بولغان بولسىمۇ، خالىس ئىجتىمائىي خىزمەتلەرنى توختاتماي پىداكارلىق كۆرسىتىشىمگە غەيرەت بېرىۋاتقان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرسىمۇ ئەنە شۇ گۈللەندۈرۈش تەنتەنىسىنىڭ تۈرتكىسىدۇر. گۈللەندۈرۈشنىڭ مېۋىلىرىدىن ئاز-تولا بەھرىمەن بولۇشقا ئۆمرۈم يار بەرسىكەن، دېگەن ئارزۇنىڭ ئۆزىمۇ مەندەك ياشانغان ئادەم ئۈچۈن زور غەيرەت مەنبەئىدۇر.

ئەنە شۇنداق غەيرەتنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئوقىغان گېزىت-ژۇرناللاردىن ئالغان ئۇچۇرلاردىن مەلۇم قىسمىنى ئوقۇرمەنلىرىمىزگە - بولۇپمۇ خەنزۇ تىل-يېزىقىدىن بىۋاستە پايدىلىنالمايدىغان، پايدىلىنالىسىمۇ بۇ تىلدىكى گېزىت-ژۇرناللارنى بىۋاستە - ئەتراپلىق ئوقۇشقا ۋاقتى يەتمەيدىغان قېرىنداشلىرىمغا تەرجىمە قىلىپ، سۇنۇشقا مۇۋەپپەق بولالىغانلىقىم بىلەن ھوزۇرلىنىمەن.

غەربنى، بولۇپمۇ شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشكە دائىر ئادەتتىكى خەۋەر ۋە خۇش خەۋەرلەردىن باشقا، مەسلىھەت مەنىسىدىكى مۇلاھىزىلەرمۇ گېزىت-ژۇرناللاردا كۆپلەپ ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، دىققەت - ئېتىبارنى تارتماقتا. يېقىنقى بىرنەچچە ئايدىن بۇيان ئىچكى ئۆلكىلەردە چىقىدىغان «ۋېنخۇيباۋ»، «جوڭگو ياشلىرى» دېگەندەك مەشھۇر نوپۇزلۇق گېزىتلاردا ئارقا-ئارقىدىن ئېلان قىلىنغان بىرقانچە پارچە تەقرىزنى مەخسۇس-توپلاپ يىغىپ، گېزىت - ژۇرنال سەھىپىلىرىنىڭ چەكلىك بولۇش خۇسۇسىيىتىگە مۇۋاپىق يىغىنچاقلاپ - كۆكلەپ تەرجىمە قىلىپ، بۇلاردىن «غەربىي رايوننىڭ رەھبەرلىرى 〈ئۆزەڭگىدىن چۈشسە〉 ئىكەن» سەرلەۋھىلىك تەقرىزنى ئوقۇرمەن قېرىنداشلىرىمغا سۇندۇم. «ياخشىدىن ئۆلگە ئال، ياماندىن ئىبرەت» دېگەندەك، ئوقۇرمەنلەرنىڭ پايدىلىنىشىغا ئەرزىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

— توختى باقى ئارتىشى

## غەربىي رايوننىڭ رەھبەرلىرى «ئۆزەڭگىدىن چۈشسە» ئىكەن

بۇ ماقالىنىڭ ئاپتورى ۋاڭ جىنيۇ مۇنداق يازىدۇ:

«غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە گۈللەندۈرۈش» شوئارى چىققاندىن كېيىن، غەربىي رايون ئادەملىرىگە ئائىت خەۋەرلەرنى ناھايىتى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايدىغان، ئۇلارنىڭ كۆلەڭگىلىرىنى تېلېۋىزورلاردىن كۆرۈدىغان، ئۇلارنىڭ ئىش-ئەمەلىنى گېزىتلەردىن ئوقۇپ بىلىدىغان بولدۇم. شۇلاردىن مەندە ھەممىدىن بەك چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغىنى ئىككى ئىش بولدى، بۇنىڭ بىرى، غەربىي رايوننىڭ

www.uyghurkitap.com

دېھقانلىرى شەرقىي رايوننىڭ دېھقانلىرىغا قارىغاندا ھەقىقەتەن ناھايىتى كەمبەغەل ئىكەن، ھەتتا بەزىلىرى ھازىر يىرتىق ـ ياماق كىيىم كىيىدىكەن، يەيدىغان ـ ئىچىدىغىنى ئۇماش، يوبدان ئىكەن. يەنە بىرى، غەربىي رايوننىڭ كادىرلىرى شەرقىي رايوننىڭ كادىرلىرىدىن قېلىشمايدىكەن، ئۇلارغا ئوخشاش گەپ-سۆز قىلىدىكەن، ئوخشاش كىيىنىدىكەن، ئوخشاش پىكاپلاردا يۈرۈدىكەن، ئوخشاش ياسىداق بىنالاردا ئولتۇرۇدىكەن.

مۇشۇنداق سېلىشتۇرغاندا، ئادەمدە شۇنداق تەسىرات پەيدا بولىدىكەنكى، غەربىي رايوندىكى كەمبەغەللىك پەقەت دېھقانلارنىڭلا كەمبەغەللىكىدىن ئىبارەت ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن غەربىي رايوندىكى ئۆلكە، شەھەر، ناھىيە ۋە يېزا رەھبەرلىرىگە شۇنداق بىر تەكلىپ بەرگىم كەلدى: غەربىي رايوننى گۈللەندۈرۈشنى ئەۋۋەل ئۆزۈڭلارنى گۈللەندۈرۈشتىن باشلىماي، ئۆزۈڭلارنىڭ تۇرمۇش ئۆلچىمىڭلارنىڭ «ئۇزەڭگە» سىدىن چۈشسەڭلار قانداق؟

**كىيىنىش «ئۇزەڭگە» سىدىن چۈشسەڭلار ئىكەن.** بىلىمەن، ئاپئاق كۆڭلەكلىرىڭلارنى، قاتۇرۇپ دەزماللانغان شىم-كاستۇملىرىڭلارنى، مەشھۇر ماركىلىق گالىستۇكلىرىڭلارنى، ۋالىلداپ نۇرغان بەتىنكىلىرىڭلارنى ئۆزۈڭلارنىڭ ئايلىق ئائاشىڭلارغا سېتىۋالغاندۇرسىلەر. لېكىن بىر ئىقلىقى 100يۇەنگە توختايدىغان كۆڭلەكنى، بىر قۇرى 1000يۇەنگە بارىدىغان شىم-كاستۇمنى كىيىۋېلىپ، بىرنەچچە يۈەنلىك، بىرنەچچە ئون يۈەنلىك ئۇستىباش بىلەن تۇرغان پۇقرانىڭ ئالدىغا بارسىڭىز، ئۇلار ئەيمىنىپ قالار؟

**يېيىش-ئىچىش «ئۇزەڭگە» سىدىن چۈشسەڭلار ئىكەن.** «غەربىي رايون يىگىتلىرى» دىن بىرسى ئۆزىنىڭ بىر ماقالىسىدا: «ھازىر غەربىي رايوننىڭ بەزى جايلىرى يەپ-ئىچىشتە ئارقىدا قېلىشنى خالىمايدۇ، غەربىي رايون ئادەملىرىنىڭ شۇنداق ئادىتى بار، ھەرقانچە كەمبەغەل بولسىمۇ، مېھمانغا كەمبەغەللىك قىلمايدۇ» دەپتۇ. لېكىن زادى «مېھمانغا كەمبەغەللىك» قىلمامدۇ ياكى ئۆزىگىمۇ؟ بۇيەردە گۇمان بار.

**ئۆي-جايدا «ئۇزەڭگە» دىن چۈشسە ئىكەن.** بۇلتۇر جازاسىنى تارتقان، گۇاڭشى ئۆلكىسىنىڭ خېيۇ ناھىيىسىدىكى «چىرىك كوچا» دا ئولتۇرۇشلۇق كادىرلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ياسىداق ئۆي-جايى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 166.8كۋادرات مېتىر كېلىدىكەن، ئۇلارغا 347مىڭ يۈەندىن پۇل خەجلىنىپتۇ (بۇ پۇلدىن 183مىڭ يۈەننى ھۆكۈمەتتىن چىقىم قىلدۇرۇۋېتىپتۇ). بۇ ئەھۋاللارنى كۆرگەن ـ بىلگەن پۇقرالار تىللاپ قاغىماي تۇرالارمۇ؟ ئوبدانراق ئۆيدە ئولتۇرسىڭىز ھېچكىم ھېچنېمە دېمەس، لېكىن پەرق تولىمۇ چوڭ بولۇپ كەتسە ئىش چاتاق.

**يۈرۈش «ئۇزەڭگە» سىدىن چۈشسە ئىكەن.** غەربىي رايوندىكى بەزى كادىرلارنىڭ شەرقىي رايوندىكى كادىرلار بىلەن «ئۇزەڭگە» سوقۇشتۇرغۇسى باردۇر. بىراق ئېھتىمال ئۇلار خىزمەتتە، تۆھپىدە سوقۇشتۇرماستىن، تەمىنات جەھەتتە «ئۇزەڭگە» سوقۇشتۇرسا، سەن ھاكىم بولساڭ مەنمۇ ھاكىم، سەن سېكرېتار بولساڭ مەنمۇ سېكرېتار، سەن «ئودى» دا ماڭساڭ مەن «سانتانا» دا يۈرەلمەيدىكەنمەنمۇ، سەن بىر يەرگە بېرىشتا پويىزدا ئولتۇرۇشنى خالىمايدىكەنسەن، مەنمۇ ئايرۇپىلاندا ئولتۇرىمەن، دېسە بولمىغىنى.

**خەجلەش «ئۇزەڭگە» سىدىن چۈشسە ئىكەن.** غەربىي رايوننىڭ رەھبەرلىرى «پۇل يوق» دېگەن سۆزنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىكەن، يۇقىرىغا تەلەپ قويغاندا دەيدىغان سۆزىمۇ «پۇل يوق» ئىكەن. «پۇل يوق» دېگەن سۆز غەربىي رايوندىكى تەرەققىياتنىڭ ئاستا بولۇۋاتقانلىقىنىڭ تولىمۇ مۇھىم سەۋەبى بوپقالغاندەك تۇرىدۇ. لېكىن غەربىي رايوندىكى رەھبەرلەر پۇلنى قەدىرلەمدۇ؟ بىر پۇلنى ئىككى يېرىم پۇل ئورنىدا خەجلىيەلەمدۇ؟ نۇرغۇن گېزىتلەرنىڭ يېقىندا بەرگەن خەۋەرلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۈرۈمچى شەھىرى زېمىن باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى شۇزۇڭشيۇنىڭ: «يارىم بىر كۇلۇپ باقسا ماڭا، بار-يوقۇمنى سەدىقە قىلىمەن ئاڭا» دېگەندەك چىرىكلىكلىرى بار ئىكەن. ئۇ «ئەي» فامىلىلىك بىر چوكانغا ئاشىق بولۇپ، ئىككى قېتىمدىلا بىرمىليون يۈەن بېرىپتۇ، بۇنىڭغا ھەتتا «ئۆزىنىمۇ ئايىماي بېرىۋەتكەن» شۇ چوكانمۇ ھەيران قاپتۇ. شۇزۇڭشيۇ كۆڭلى چۈشۈپ قالغان يەنە باشقا ئىككى ئايالنىڭ بىرىگە 500مىڭ يۈەن، يەنە بىرىگە 420مىڭ يۈەن بېرىپتۇ. بۇ باشلىق قىسقىغىنە بىر نەچچە يىل ئىچىدە دۆلەتنىڭ 31مىليون 430مىڭ يۈەن زېمىن پۇلىنى ئۆزىنىڭ ئاشنىلىرىغا، دوستلىرىغا «قەرز» بەرگەن، ئاخىر بۇ پۇلدىن 21مىليون 640مىڭ يۈەننى قايتۇرۇۋېلىشقا ئامال بولمىغان.

بۇ بىر ئالاھىدە دېلو بولسىمۇ، غەربىي رايوندىكى بەزى كادىرلارنىڭ خىيانەت قىلىشتا، جالاپ ئويناشتا ۋە خەزىنىنى قۇرۇتۇشتا يۈرىكىنىڭ نەقەدەر چوڭ ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ؛ شۇنداقلا غەربىي رايوننىڭ بەزى جايلىرىدا ئەمەلىيەتتە پۇل يوق ئەمەسلىكىنى، پەقەت «كەمبەغەللەرگە يار-يۆلەك بولۇش» ۋە «گۈللەندۈرۈش» ۋاقتىدىلا «پۇل يوق» بوپقالىدىغانلىقىنى، بەزى كادىرلارنىڭ يەپ-ئىچىپ، ئويناپ ـ كۈلگىسى كەلگەن ۋە خىيانەت قىلغۇسى كەلگەن چاغلاردا بولسا پۇل «ئۆكسىمەي كېلىدۇ» غانلىقىنى، باشقىلارغا تەلەپنى قاتتىق قويۇپ، ئۆزلىرىنى بوش قويۇۋېتىدىغانلىقىنىمۇ چۈشەندۈرىدۇ.

غەربىي رايوندا رەھبەرلىك قىلىش شەرەپلىك ئىش. شەرەپنىڭ مۇھىم بىر بەلگىسى جاپا چېكىپ ئىشلەشتۇر. جاپا چېكىپ ئىشلىگەندە ئىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى، بەخت ياراتقىلى بولىدۇ؛ جاپا چېكىپ ئىشلىگەندە ئەلنى رازى قىلغىلى بولىدۇ، ۋاقتىنچە «ئۇزەڭگە» دىن چۈشكەندە كەلگۈسىدە «ئۇزەڭگە بىلەن ئاتقا مىنگىلى»، خەلق ئاممىسى بىلەن بىللە ئاتلانغىلى بولىدۇ. غەربىي رايون ئۈچۈن كۆك فەنسىنگە، ۋۇدىڭيۇڭگە ئوخشاش جاپا

چەككەن، كۆرەش قىلغان ھەر بىر مەرد يىگىت - قىزنى غەربىي رايون ئادەملىرىلا ئەمەس، شەرقىي رايون ئادەملىرىمۇ ، پۈتكۈل مەملىكەت خەلقىمۇ ئۇنتۇمايدۇ.

# ھەممە ئادەمدىن تارىخ قالدۇ

. ئۆتۈپ كەتكەن ئاشۇ بىر چاغنىڭ تارىخى «سىرلىق ئوردا» لىقىدىن ئاللىقاچان قالغان بولسىمۇ بىرمۇنچە ئادەم ئۇ يەرنى يەنىلا سىرلىق قىلىپ تۇرماقتا. مەن ھەرقاچان شۇ «سىرلىق ئوردا» ئالدىدىن تاسادىپىي ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، گۇڭگا كۆرۈنۈپ تۇرغان دېرىزىسىدىن ئىچىگە قاراپ، نۇرسىز، زەي پۇراپ تۇرغان ھالىتىگە كۆزۈم چۈشكەندە، ئۆزاقىچە ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي قالىمەن، ئىچىم سىقىلىپ، يۈرەكلىرىم لەختە بولغاندەك بولىمەن. نەن يەنىڭ «ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئاھ-زارى» سەرلەۋھىلىك ئەسلىمىسىنى ئوقۇغىنىمدا، ئۆتكەن يوۋىلىرىمىزنىڭ ئاھ - زارى بۇياقتا قېلىپ، ئۆزىمىز ئۈچۈن ئاھ ئۇرۇپ قالدىم، ئىنسانىيلىق دەردلىرى ئۈچۈن پىغان چەكتىم!

1958-يىلى ئارمىيە ئىچىدە «دوگماتىزمغا قارشى كۆرەش» قوزغىلىپ مۇداپىئە مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى ھەم قوشۇمچە تەلىم-تەربىيە تەپتىشلىك بۆلۈمىنىڭ باشلىقى گېنېرال پولكوۋنىك شياۋكېنى باش قوماندان قىلغان، تەلىم-تەربىيە تەپتىشلىك بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى گېنېرال پولكوۋنىك لىدانى مۇئاۋىن قوماندان قىلغان ئاتالمىش «پارتىيىگە قارشى مەزھەبچىلىك گۇرۇھى» تارتىپ چىقىرىلدى. بىر تۈركۈم ئالىي دەرىجىلىك گېنېراللار ۋە يۇقىرى-، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كادىرلارنى «پارتىيىگە قارشى ئۇنسۇر» قىلىپ قويۇشتى. شۇ كۆرەشتە مارشال ليۇبوچېڭغىمۇ «ئوق تەگدى» ، پەشۋا بېرىلدى. شۇ كۆرەشكە كونكرېت قوماندانلىق قىلغان ئادەم ئۆز ۋاقتىدا ج ك پ مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىپ تۇرغان دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى ، مارشال پېڭ دېخۇەي ئىدى. شياۋكېنىڭ ئوخشاشمىغان پىكىرلىرىمىزنى ئالماشتۇرۇپ كۆرەيلى دەپ يېزىپ ئۇنىڭغا بەرگەن خېتى مارشال پېڭ دېخۇەيگە «ھۇجۇم قىلغان» لىقىنىڭ جىنايى دەلىلى بوپقاپتۇ، شۇڭا ئۇنى «دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىدىن قوغلاپ» دېيىشتى. ياندۇرقى يىلى يەنى 1959-يىلدىكى مەشھۇر لۇشەن يىغىنىدا پېڭ دېخۇەينىڭ بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشتى، ئۇنىڭ ماۋزېدۇڭغا سۇنغان «10مىڭ سۆزلۈك خەت» ىمۇ ماۋجۇشىغا «ھۇجۇم قىلغان» لىقىنىڭ جىنايى دەلىلى بوپقالدى.

شۇ كۈنلەردە جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى بولۇپ تۇرغان، ئۆزىنى «ماۋزېدۇڭنىڭ باش مۇھاپىزەتچىسى» دەپ يۈرۈدىغان لورۇيچىڭ «ئىنقىلابىي ھوشيارلىقى ئۈستۈن» ، «كۆرەشتە قەتئىي» بولغانلىقىنىڭ مۇكاپاتى ئۈچۈن ، «پارتىيىگە قارشى پېڭ دېخۇەي، خۇاڭ كېچېڭ، جاڭ ۋېنتيەن، جۇشياۋجۇلار گۇرۇھىنىڭ 2-كاتىپبېشى خۇاڭ كېچېڭنىڭ ئورنىغا ج ك پ مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ باش كاتىپلىق، باش شىتاب باشلىقى (زۇڭسەنمۇجاڭ) لىق ۋەزىپىسىگە ئېرىشتى ۋە ھەمدە گوۋۇيۈەنگە مۇئاۋىن زۇڭلى، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىگە مۇئاۋىن مىنىستىر قىلىپ تەيىنلەندى. ئۇنىڭ تەختتىكى ئورنى تېخى ئەمدىلا ئىسسىۋاتقاندا، يۇقىرىدىكىلەر-نىڭكىگە ئوخشاش تەقدىر ئۇنىڭمۇ بېشىغا كەلدى: لىن بياۋ، يې چۈن تەرىپىدىن «سىياسەتنى گەۋدىلەندۈرۈشكە قارشى چىققان» ، «ئارمىيىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىپ پارتىيىگە قارشى تۇرغان» قارانىيەت دەپ قارىلىنىپ، جىسمانىي ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم بولدى. ئاخىرى ئۇ يۇقىرى قەۋەتلىك بىنادىن ئۆزىنى تاشلاپ، ئۆلمەي، پۇتىنى سۇندۇرۇۋالدى؛ يەنە تېخى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» جەريانىدا «پارتىيىگە قارشى پېڭ دېخۇەي، لورۇيچىڭ، لۇ دىڭيى، ياڭ شاڭكۈن گۇرۇھى» نىڭ ئەزاسى ، ھەم 2-كاتىپبېشى، «ئالمىتوپىلاڭچى» دەپ قارىلاندى. تارىخ گويا ئەنە شۇنداق بىر قېلىپ ئىكەن!

1964-يىلى خې لۇڭ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىغا «ۋۇزىلىنىڭ پارتىيىگە قارشى مەسىلىلىرى توغرىسىدا دوكلات» سۇنغانىدى، نەتىجىدە گۇاڭجۇ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى بولغان ۋۇزىلى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ، سوراققا تاپشۇرۇلدى. شۇنىڭدىن ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن ، خې لۇڭنىڭ ئۆزىمۇ «فېئودال ھەربىي ئۆزگىرىشى» نى قوزغاشقا قۇترىتىش قەستىگە كىرىشكەن «ئوچكە قارشى ئۇنسۇر» دەپ قارىلىنىپ نەزەربەنت قىلىنىپ، سوراققا تارتىلدى، ئاخىر تەقىپ ئاستىدا ئۆلدى.

1962-يىلى يۈننەن ئۆلكىلىك پارتكومىنىڭ سېكرېتارى يەن خۇڭيەن «ليۇجىدەن» ناملىق ھېكايىدا «ئېغىر سىياسىي مەسىلە» بار ئىكەن دەپ پاش قىلىنغاندا، ماۋزېدۇڭ: «ھېكايىدىن پايدىلىنىپ پارتىيىگە قارشى تۇرۇش بىر چوڭ كەشپىيات ئىكەن» دەپ تەستىق يازغان. يەن خۇڭيەن شۇ پاش قىلىنىشىدا ھەتتا گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى شى جۇڭشۈننىمۇ چېتىۋالغان. شۇنىڭدىن تۆت يىل ئۆتۈپ، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى » باشلانغاندا، كالتەك ھەممىدىن ئەۋۋەل ئۆزىنىڭ بېشىغا تەگدى: تارتىپ چىقىرىلىپ، كۆرەشكە تارتىلدى، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەركىزىي گۇرۇپپىسى » نىڭ باشلىقى چېن بوداننىڭ قىيىن-قىستاقلىرى ئاستىدا ئۆلۈپ تۈگەشتى. ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئەھۋالىمۇ ئۇلاردىن قېلىشمايدۇ. مەسىلەن: فېڭ شۆفېڭنى «ئوڭچى ئۇنسۇر» قىلىپ قويۇشتا جۇياڭنىڭ باش رولنى ئوينىغانلىقىدا شەك يوق،

شىيەنمۇ بۇ جەھەتتە رەسۋالارچە رول ئوينىغان. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن جۇياڭ، شىيەنلەرنىڭ كۆرگەن كۆرگۈلۈكلىرىمۇ فېڭ شۆفېڭنىڭكىدىن قېلىشمىدى. . .

بۇ شۇنداق تولىمۇ ۋەھىمىلىك غەلىتە بىر چاقپەلەككى، گويا ھەر بىر ئادەم قولىغا ئۆتكۈر خەنجەرنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئۇچىنى باشقا ئادەمنىڭ بىقىنىغا تەڭلىگەن؛ ئۆزىنىڭ بىقىنىدا بولسا باشقىلارنىڭ خەنجىرى تەڭلىنىپ تۇرغان؛ ھېچقايسىسى قولىدىكى جاللاتلىق خەنجىرىنى تاشلاپ قويۇشنى ماقۇل كۆرمىگەن. كىم قولىدىكى خەنجەرنى چۆرۈپ تاشلىسا شۇ تەقۋادار مۆئمىن بوپقېلىشى مۇمكىن بولسىمۇ، شۇنداق مۆئمىن بوپقالغان تەقدىردىمۇ يەنە تەتۈر پېشانىلىكتىن خالىي بولالىشى ناتايىن بولسىمۇ ،لېكىن شۇنداق بانايى-سەۋەبلەر ئارقىسىدا بەزى ئادەملەر پېشكەللىكلەردىن قۇتۇلۇپ قېلىشى مۇمكىن. قولىدىكى خەنجەرنى ھېچكىم تاشلاشقا ئۇنىمىسا ، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى پەقەتلا شۇنداق بولىدۇ: ھېچقايسىسى ئامان قالمايدۇ!

لى رۇي «لۇشەن يىغىنىدىن ئەمەلىي خاتىرە» دېگەن ئەسىرىدە زەردە بىلەن مۇنداق يېغان چېكىدۇ: « گەپنىڭ راستىنى ئېيتسام، شۇ ئون نەچچە كۈنلۈك يىغىندا روھىي ھالىتىم ناھايىتى مۈرەككەپ بولدى، تولىمۇ پەرىشان بولدۇم. بۇ، مەركىزىي كومىتېتنىڭ يىغىنى تۇرسا، پارتىيىمىزنىڭ ئالىي رەھبەرلىك قاتلىمىنىڭ يىغىنى تۇرسا، ئەجەبا، بىرەر ئېغىز لىللا گەپ قىلىدىغان بىرەر ئادەممۇ چىقمىدى-يا؟ ! دەپ ئويلاپ قالدىم. . . » تەنقىدلەنگەنلەرنىڭ ھەتتا ئۆزىنى ئاقلاش ھوقۇقىمۇ مۇستەبىتلىك بىلەن تارتىۋېلىندى. ياندىكى ئادەملەرغۇ لىللا گەپ قىلالمىسۇن، ۋىجدانى كۆتەرمىسىمۇ ، ھەدەپ پوزىتسىيە بىلدۈرۈدىغان گەپلەرنى سۆزلىمەيلا قويسا بولماسمىدى؟ ! سۈكۈتنىڭ ئۆزى رازى بولغانلىق ئەمەس، لېكىن شۇنداق چاغلاردا سۈكۈت قىلىشنىڭ ئۆزى ئەڭ ئاخىرقى ياخشى نىيەتتۇر ۋە ئىنسابتۇر. بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشكەن ئادەمگە ۋاپا قىلالمىساڭ، ئۇنىڭغا خەيرىيەت؛ ئۆلگەنىنىڭ ئۈستىگە تەپمىسەڭ بولمامدىكەن؟

مۇنداق بىر مەسىلىگە ئەجەبلىنىپلا ، ئىچىم پۇشۇپلا يۈردۈم: نېمىشقا داھىي بولغان ئادەم بىر بارمىقىنى شىلتىپلا قويسىلا ئۇنىڭ ئەتراپىدا قويۇن كۆتۈرۈلىدۇ؟ بوران مەنبەئى (يەنى قويۇنىنىڭ مەركىزى) بولغان يەرنىڭ ئامان تۇرغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، (شامال تەگمىگەن يەر) ئۇچۇق تەگمىگەن ئادەم قالمىدى. ھەممە ئادەم گۇپپاڭچىلىق قىلدى، ھەممە ئادەم بالايى - ئاپەت پەيدا قىلغۇچى بولدى، ھەممە ئادەم بالايى - ئاپەت دەردىنىمۇ تارتتى. ئەسلىدە باشقىچە خىيالدا بولۇپ، نىشانىمۇ ئوخشاشمايدىغان ئادەملەرمۇ زوردىن زورغا بىر نىشانغا تارتىلدى، شۇنداق قىلىپ تارىخ بىپايان قاينام ھاسىل قىلىپ، ھەممىنى ئۆزىنىڭ گىردابىغا كىرگۈزدى، ھەممىنى يالماپ يۇتتى، ھەممىنى ھالاك قىلدى. بوران چىققاندا بىرەر تۇپ دەرەخ ئۇنىڭ سورىغە بەرھەم بەرمىسە، شۇ بوران بارغانسېرى كۈچىيىپ، بارغانسېرى شىددەتلىك سوقۇپ، ھەممىنى قاپلاپ ۋەيران قىلىشى مۇمكىن. گەرچە ئاخىرىدا باش بالاخور، تەبىئىيكى، مالىمانچىلىقنى قوزغىغۇچىلارنىڭ ئۆزى ۋە بىۋاسىتە پەيدا قىلغۇچىلار بولۇپ چىقسىمۇ، لېكىن شۇنىڭغا قاتناشقان شىپەتچىلىكى بار ئادەملەر ئۆزلىرىنىگە لايىق جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىشى لازىم ئەمەسمىكەن؟ قاتناشقانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭمۇ باشقا بىر مالىمانچىلىقتا پەشۋا يەپ قالغانلىقى سەۋەبى بىلەن سەھۋەنلىكىنى سەل چاغلاشقا بولمايدۇ، جاۋابكارلىقنى تارتماسلىقتا تېخىمۇ بولمايدۇ.

ئۇزۇن ۋاقىتتىن بۇيان شۇنى چۈشىنەلمەي كېلىۋاتىمەن: ئادەملەر نېمە ئۈچۈن مەلۇم شەخسكە تەلۋىلەرچە ئىخلاس قىلىدۇ (يەنى سادىق بولىدۇ)؟ ئەجەبا، ئۇنىڭ ھەققانىيەت، ئادالەت، ئۇلۇغلۇق ۋە غايىنىڭ سىمۋولى بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقى ياكى ئىلگىرى شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئىخلاس قىلامدۇ؟ شۇنداق بولسا، نېمىشقا ھەققانىيەت، ئادالەت، ئۇلۇغلۇق ۋە غايىنىڭ ئۆزىگە بىۋاسىتە ئىخلاس قىلمايدۇ؟ ئۇ، تەڭداشسىز يۇقىرى ھوقۇقنىڭ سىمۋولى بوپقالغاچقا شۇنداقمۇ؟ لېكىن ھېچ بولمىغاندا ئادەملەرنىڭ يېرىمى نادان مۇخلىس بولۇپ يۈرمىگەن بولسا، ئۇ ھالدا ئەھۋال باشقىچە بولغان بولاتتى، ئەپسۇسكى ئۇنداق بولمىدى. يىراق ئۆتمۈشنى ئەسلىسەم، قەدىمكى زاماندىمۇ، ھازىرقى كۈندىمۇ بۇرۇتى خەت تارتقان تالاي يىگىتلەرنى داغدا قالدۇرغان، قالدۇرۇۋاتقان نازىنىن پادىشا ۋۇزېتيەن شۇنچە قۇدرەت تاپقان قەھرىلىك مۇستەبىت بولۇپ تۇرۇپمۇ خالىغىنىنى قىلىشقا جۈرئەت قىلالىغان ئەمەس. ھەتتا ئىلگىرى ئۆتكەن پادىشاھلارنىڭ نەزىرىدە ھەممىدىن مۇھىم ۋە چوڭ ئىش دەپ قارالغان، پادىشاھقا تەخت ۋارىسى تەيىن قىلىدىغان ئىش توغرا كەلگەندە ئۆزىنىڭ ئەۋلادىنى تەيىنلەشكە پېتىنالماپتىكەن. تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، بۇنىڭغا ئوردىدىكى ئاكابىر - ئەشرەپلەرنىڭ ئۇنىڭ پېشىنى قاتتىق تارتقانلىقى سەۋەبچى بولغان! ماۋزېدۇڭ تاكى قېرىلىق يېتىپ، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دەك جىددىي خاتالىقلارنى سادىر قىلغىچە ئەس-ھوشى جايىدا ئىدى. نېمىشقا بىر ئادەم شۇنچە ئۆزبىلەمچىلىق بىلەن قاپ يۈرەكلىك قىلسا، باشقىلار: خوش تەقسىر دەپ قول باغلاپ تۇرىدۇ؟ نېمىشقا يالغۇز بىر ئادەملا ھوشيار تۇرىدۇ، قالغان ئادەملەرنى ، بولۇپمۇ يۇقىرى قاتلامدىكى ئادەملەرنى غەپلەت باسىدۇ؟ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نىڭ پۈتكۈل جۇڭگو ۋە چەت ئەللەر تارىخىدا «تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن»، شۇنىڭ بىلەن «مەڭگۈ تەكرارلانماس» بوپقالغان چوڭ بالايى - ئاپەتكە ئايلىنىپ كېتىشىگە زامىن بولغان ئىشتىراكچىلارنىڭ ھېچقايسىسى جاۋابكارلىقتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. بىر ئادەمنىڭ ئۆزبىلەمچىلىق بىلەن يوغانباشلىق قىلىشى كۆپچىلىكنىڭ تىلى تۇتۇلۇپ قېلىشقا سەۋەبچى بولامدۇ؟ ياكى كۆپچىلىكنىڭ تىلى تۇتۇلۇپ ، ئاغزىنى ئۈمەللەپ، گەپ قىلالماي تۇرۇشى بىر

ئادەمنىڭ ئۆزبېشىمچىلىق بىلەن يوغانباشلىق قىلىشىغا سەۋەبچى بولامدۇ؟ ناھايىتى روشەنكى، ئەھۋالنىڭ كېيىنكىدەك بولۇش ئېھتىماللىقى ناھايىتى چوڭ. بۇ يەردە تېخىمۇ مۇھىم مەسىلە شۇكى، بىر ئادەم تەنھا يوغانباشلىق قىلغانىكەن، ئۇنىڭ ئارقىسىدا ماڭىمۇ نەپ تېگىدىكەن دەپ ئويلايدىغان قولچوماقلار ياكى گۇپپاڭچىلار يوق ئەمەس، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شۇنداق توغرا كېلىپ قالغاچقا ۋاقىتلىق لازىم بوپقالغانلىقىنى، ئىشى توگىگەندە خۇددى جۇلىقى چىقىپ كەتكەن ئەسكى كەشنى تاشلىۋەتكەندەك مۇستەسناسىز تاشلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلسە كاشكى! ئۆتمۇشتىكى بولمىش-قىلمىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئەپۇ قىلىش مۇمكىن، لېكىن تارىخنى ئۇنتۇش يارىمايدۇ، ئەينەن، راستچىللىق بىلەن ئەسلەپ، كۆرمىگەن دەرد - ئەلەم بەدىلىگە كەلگەن ساۋاقنى ئەۋلادلىرىمىزغا قالدۇرۇشىمىز لازىم.

تارىخنى زادى كىم يازىدۇ؟ 1959-يىلى لۈشەندە يىغىن ئۆتكۈزۈلگەندە ماۋزېدۇڭ جياڭ جېشى بىلەن سۇڭ مېيلىڭ بىر قانچە قېتىم قونغان «گۈزەل لۈشەن» لەۋھەلىك باغ ھويلا (داچا) دا تۇردى. ماۋزېدۇڭ بۇيەردە بوسۇغا ئاتلاپ كىرگىنىدە ھەممىدىن ئەۋۋەل: «جاڭ ۋېيۈەنجاڭ، مەن كەلدىم!» دەپتىكەن. مەلۇم بولۇشىچە، ماۋزېدۇڭ يېنىدىكى خادىملارغا : «تارىخنى غالىبلار يازىدۇ» دېگەنىكەن. دېمەك، بۇ گەپتىن غالىبلارچە غورۇر ۋە تەمەننا چىقىپ تۇرۇپتۇ. دۆلەت رەئىسى ليۇ شياۋچى فاشىستلارچە زىيانكەشلىككە ئۇچراپ تۇرغان كۈنلىرىدە تولىمۇ ھەسرەت بىلەن : «ھېلىمۇ ياخشى، تارىخنى خەلق يازىدۇ. . .» دېگەن سۆزنى قىلغانىكەن. ئاقىۋەتنى ئېلىپ ئېيتساق، پەلەكنىڭ چارقى چۆرگىلەپ تۇرىدۇ، سۈرگەن دەۋرانلار بوران-چاپقۇنلاردا تۈزۈپ كېتىدۇ، بۈگۈنكى غالىب كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە - ئەتە مەغلۇبقا ئايلىنىشى مۇمكىن. مەيلى مەرد-مەردانە بولايلى، مەيلى كەمتەرىن ئادەم بولايلى ، تارىخنى ئاخىر ئۆزىمىز يازىمىز. بىز ھەممىمىز ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئامانەت ۋاقىتتىكى يولۇچى بىز؛ ھەممىمىز ئۆزىمىزنىڭ تارىخنى قالدۇرۇۋاتىمىز؛ ھەربىرىمىزنىڭ ئۆزىمىزگە خاس يېگانە، شەخسىي تارىخلىرىمىز توپلىنىپ، بىر پۈتۈن ئىنسانىيەت تارىخىنى ھاسىل قىلىدۇ.

بىز ھەربىرىمىز ھەم تارىخنىڭ يارالغۇچىسى، ھەم تارىخنىڭ ياراتقۇچىسى. مېنىڭ ئەقىدەم ھەر قاچان شۇنداقكى، قائىدە - تۈزۈم مۇھىتىنى ساغلاملاشتۇرۇش ھەرقاچان ئەخلاق - ۋىجدان مۇھىتىنى تاكامۇللاشتۇرۇشتىن مۇھىم. دېموكراتىيە ۋە قانۇن -تۈزۈم تەدبىرلىرى نۆۋەتتىكى زۆرۈر ئىشلارنىڭمۇ زۆرۈرى، ئەلۋەتتە؛ شۇنداق بولسىمۇ مەن يەنىلا ئېلياغېرېنبورگنىڭ : ئادەملەر مەنىۋى جەھەتتىن ساغلام بولمىسا، كامال تاپالمىسا، ھەرقانداق ئىجتىمائىي ئىسلاھات، ئىلمىي كەشپىيات ئىنسانىيەتكە ھەقىقىي تۆھپە يەتكۈزەلمەيدۇ، دېگەن سۆزىگە ئىشىنىمەن. قالۇن كېرەكسىز قىلىنغان يەردە قازان-قومۇش «سازى جاراڭلاپ باشقىلارنى سامىئ قىلىۋالىدۇ جۇمۇ!» (يەنى ئۆيدە ئەركىشى بولمىسا ئۆچكىنىڭ ئېتى ئابدۇراخمان دېگەن مەنىدە.
- مۇھەررىردىن) قەدىمكى ئۆلىما جۇاڭزى: «دەرد-ئەلەم بولار، روھىي جەھەتتە ئۆلگەندىن ئارتۇق دەرد بولماس!» دەپتىكەن. زاماندىن ئاغرىنىش، جەمئىيەتتىن رەنجىش، تۈزۈم ياكى مۇھىتتىن كايىش - بۇنداق قىلىش مېنىڭچە كۇپايە قىلمايدۇ. جەمئىيەت ھەر بىر كونكرېت ئادەمدىن تەركىب تاپىدۇ، ناچار تۈزۈملەرنى كۆپچىلىكنىڭ كۈچى بىلەن ئۆزگەرتىش مۇمكىن. ھەرقانچە ياخشى تۈزۈممۇ ئادەمنىڭ ئوبدان ئىجرا قىلىشىغا موھتاج. شۇنداق ئىكەن، جاۋابكارلىقنى قانداقمۇ جەمئىيەتكە، زامانغا، تۈزۈمگە دۆڭگىگىلى بولسۇن؟ بۇنداق قىلىشنىڭ ئۆز ئۆزىگە، جەمئىيەتكە ئىگە بولماسلىقنىڭ ئىپادىسى ئاھ، ئۆلىسەن، تۈگەيسەن، روھىڭ قالىدۇ. ۋاللاھ ئەئلەم بىسساۋاب!

---

تۈزۈك داغۇەن ئىمزالىق بۇ ماقالە «فېلىيەتون گېزىتى» نىڭ 2000-يىل 2-ئاپرېل سانىغا بېسىلغان.

توختى باقى ئارتىشى (78ياش) : ئاتاقلىق تەرجىمىشۇناس، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى لۇشۇن تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى (M1)

بۇ سان 2000-يىل 1-ئاۋغۇستتا تىزىشقا يوللاندى، 30-نويابىردا
باسمىدىن چىقتى. تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مامۇت (M1)،
رىسالەت مۇھەممەت (M2)، بېكىتكۈچى: قۇربان مامۇت

www.uyghurkitap.com



# مەركىزىي ئاسىيالىقلار 21-ئەسىردە ياشىيالامدۇق؟!

[ئەسلى تەھرىر ئىلاۋىسى]

20-ئەسىردە «تۈركىستان» ياكى «ئوتتۇرا ئاسىيا» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن مەركىزىي ئاسىيارايونى سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلگەندىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە پۈتكۈل دۇنيا تەھلىلچىلىرى ۋە كۆزەتكۈچىلەرىنىڭ دىققىتىنى ھەممىدىن بەكرەك ئۆزىگە تارتىپ تۇرماقتا. بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي: جۇغراپىيە ۋە يەرشارى سىياسىيسى تۈپەيلىدىن جۇڭگو ۋە رۇسىيىگە ئوخشاش غايەت زور گەۋدىلەرنى ئۆزئارا گىرەلەشتۈرۈپ تۇرغان بۇ شەيئىي تېخىمۇ كەڭ مەنىدىن ئالغاندا، ياۋروپانى قانلار دەريا بولۇپ ئېقىۋاتقان ئافغانىستان بىلەن؛ غايەت زور خام ئەشيا بازىسى ، ئېنېرگىيە مەنبەسى، مېتال كانلىرى، قىممەتلىك مىنېراللار بولغان ۋە ئىچكى جەھەتتە جىددىيلىك بىلەن تولۇپ، يوشۇرۇن سىياسىي

## دۇنيانىڭ ئىشلىرى

مۇقىمسىزلىققا تولغاق تۇتۇۋاتقان، ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىر نەرسە دېيەلمەيدىغان مۇشۇنداق بىر رايون بىلەن بىۋاستە ۋە چېگرىسىزلا تۇتاشتۇرىدۇ. ناھايىتى قىسقىندا پەسكويغا چۈشۈرۈلگەن تاجىكىستاندىكى تېررورلۇق قىلمىشلار بۇ يەردىكى جىددىيلىك قاپلىغان ئەندىشىلەرنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. كېيىنكى ئەسىردە ، كۆرۈنۈپ تۇرغان كەلگۈسىدە بىز مەركىزىي ئاسىيالىقلارنى نېمە كۈتۈۋاتىدۇ؟ قانداق قىلغاندا ئورتاق ھاياتىمىزنى بالىلىرىمىز ۋە يېڭى ئەۋلادلار ئىقتىساد گۈللەپ ياشنىغان مۇھىتتا خاتىرجەم ياشىيالىغۇدەك قىلىپ تەشكىللىگىلى بولىدۇ؟

«قىرغىزىستان سۆزى» رېداكسىيىسى بۇ تېما ھەققىدە ئەستايىدىل ۋە كەڭ كۆشادە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ بېقىشنى قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتى ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، پەن-مەدەنىيەت باشقارمىسىدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى، بېلگىيە، ھوللاندىيە ۋە لېيۇكسېمبورگ قاتارلىق ئۈچ دۆلەتتىكى پەۋقۇلئاددە ۋە تولۇق ھوقۇقلۇق

ئەلچىسى، (دۇنياۋى شۆھرەتلىك يازغۇچى) چىڭغىز ئايتماتوف بىلەن قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھىندىستان، باكلادېش، سرىلانكا ۋە نېپال پادىشاھلىقى قاتارلىق دۆلەتلەردىكى باش ئەلچىسى ئوسمانئاخۇن ئىبراھىموفتىن ئىبارەت ئىككى نەپەر مەشھۇرقىرغىز دىپلوماتىنىڭ سۆھبىتىگە ھاۋالە قىلىندۇ.

**ئوسمانئاخۇن ئىبراھىموف:** چىڭغىز تۆرەقۇلۇۋىچ، بۇ يىل ئەتىيازدا تاشكەنتتە يۈز بەرگەن بىر قاتار پارتلىتىش ۋەقەلىرى ھەمدە قىرغىزىستاننىڭ جەنۇبىدىكى باتكېنىسكىي ۋە چوڭ ئالايىسكىي رايونلىرىدا يۈز بەرگەن گۆرۈگە تۇتۇش ۋە قوراللىق توقۇنۇشۇش ۋەقەلىرىنىڭ مەركىزىي ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ ھاياتىغا يېڭى مەسىلىلەرنى ئېلىپ كېلىۋاتقانلىقى، شۇنداقلا تۇرمۇشىمىزنى تولىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتكەنلىكى ھەققىدە سىزنى ئۆزۈم بىلەن ئوخشاش قاراشتا، دەپ ئويلايمەن. ئىلگىرى ئامېرىكا ۋە ياۋروپانىڭ ئەڭ ئېغىر ئىللىتى، دەپ قارىلىپ كەلگەن تېررورلۇق ھادىسىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلگەندىن كېيىنكى ھاياتلىق بوشلۇقىمىزدا بىر-دىنىلا ئېغىر رېئاللىققا ئايلىنىپ قالدى. 2-قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىدىن تارتىپ قانلىق توقۇنۇشۇش ۋەقەلىرى سەۋەبىدىن رۇسىيىگە تېڭىلغان تېررورلۇق رايونىمىزنى تېزدىن قاپلىدى. تاشكەنتتىكى پارتلىتىشلار مەيلى مۇددىئاسى، مەيلى كۆلىمى جەھەتتىن بولسۇن ئەڭ چوڭ قازاملىق بوپقالدى. تاشكەنت دائىرىلىرىنىڭ شىددەتلىك زەربىسىگە دۇچ كەلگەندىن كېيىن تېررورچىلار قىرغىزىستاندا پەيدا بولدى. ئۇلار دۆلىتىمىزنىڭ جەنۇبىي قىسمى چېگرىسىنى پاراكەندىچىلىككە سېلىپ، يەرلىك كىشىلەردىن ۋە ياپونىيە گېئولوگلىرىدىن گۆرۈگە ئادەم تۇتۇپ كەتتى، تاشكەنتتە ۋە جەنۇبىي قىرغىزىستاندا تىنچ پۇقرالار شۇنداقلا ئەسكەرلەرنىڭ ئۆلۈش ۋەقەلىرى يۈز بەردى. مۇشۇ كۈنلەردە ئانگېرىت رايونىدا، ئۆزبېكىستاندا تېررورچىلار بىلەن بولغان قوراللىق توقۇنۇشۇشلار ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىۋاتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن مەركىزىي ئاسىيا دۇنيانىڭ ئەڭ تىنچسىز رايونلىرىنىڭ بىرى بوپقېلىۋاتىدۇ.

قىرغىزىستاندا كىشىلەرنى گۆرۈگە ئېلىۋالغاندىن كېيىن تېررورچىلار ھۆكۈمەتتىن پۇل ۋە قوشنا دۆلەتلەردىكى قانۇنلۇق ھۆكۈمەتلەرگە قارشى قوراللىق پائالىيەت قىلىش ئۈچۈن ئۆزبېكىستانغا ئەركىن كىرىپ-چىقىدىغان يولدىن ئىبارەت ئىككى نەرسىنى تەلەپ قىلىشتى. گەپ بۇ يەردە قانداقتۇر «غازات ئۇرۇشى» دەپ ئاتىلىۋاتقان ئۆزبېكىستاننىڭ قانۇنلۇق ھۆكۈمىتىگە قارشى «جىھاد» توغرىسىدا كېتىۋاتىدۇ. دەرۋەقە، بۇنداق جىنايى قىلمىشلاربىلەن قىرغىزىستان ھۆكۈمىتىنى باش ئەگدۈرۈش ھېچقاچان مۇمكىن ئەمەس. خۇددى ئېيتىپ ئۆتۈلگەندەك، باندىتلارنىڭ قوشنا دۆلەتلەرگە كىرەلمەسلىكى ئۈچۈن چېگرىنى جان تىكىپ قوغداش، ئېھتىمالى بولغان بارلىق يوچۇقلارنى ئېتىپ تاشلاش كېرەك. بۇ، ئېيتىماققا ئاسان بولغىنى بىلەن ، ئەمەلىيەتتە تولىمۇ مۈشكۈل خىزمەت. مۇھىمى مۇشۇ ئىش تۇپەيلىدىن ئادەملەر ئۆلۈۋاتىدۇ.

**چىڭغىز ئايتماتوف:** شۇنداق ، ھەممىدىن قورقۇنچلۇقى دەل كىشىلەرنىڭ ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلىقى. شۇنىسى ئېنىقكى، ناۋادا بۇخىلدىكى بېسىپ كىرىشلەر يەنە تەكرارلانسا، بىزنىڭمۇ قانغا قان بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ، خۇددى بۇ يىل كۈزدىكىدەك. تېخىمۇ مۇھىمى، كەڭ كۆلەملىك ھەربىي ھەرىكەت قوللانغاندا ئوتتۇرا ئەسىردىكى دىنىي ئەسەبىيلەر ئاپىتىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ تېررورچىلارنىڭ ئۇۋۇلىرىنى تازىلاشنى مۇشۇ ئەسكىلىكلەرنىڭ مەنبەسىنى قۇرۇتقانلىق، دەپ تونۇش كېرەك. ئۇزۇن مەزگىللىك ئىناق قوشنىدارچىلىق بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، زۆرۈر تېپىلغاندا، مۇشۇ بالايىئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئۆزبېكلەر، تاجىكلار، قازاقلار ۋە تۈركمەنلەر بىلەن مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ بىر سەپتە تۇرۇش كېرەك. چۈنكى بۇ دۇنيا - بىزنىڭ ئائىلىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تېررورچىلار ئۆزلىرى پەيدا بولغان جايلاردا ئومۇمىي خەلقنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ كەلمەكتە، بۇ ھەرقاچان، ھەر زامان شۇنداق بولىدۇ. تېررورلۇق - بىر تۈرلۈك يۇقۇملۇق كېسەللىك، ئۇنىڭغا كوللېكتىپ ھالدا چاقماق تېزلىكىدە تۆپتىن زەربە بېرىش زۆرۈر. چۈنكى بۇ، تېررورلۇقتىن تولۇق قۇتۇلۇش كۈرىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**ئوسمانئاخۇن ئىبراھىموف:** پىكرىڭىزگە پۈتۈنلەي قوشۇلىمەن. ناۋادا ئاشۇ تېررورچىلارغا قارشى بۇ ئىتتىپاقىمىز ئەمەلىيەك بولغان بولسا (بولدى ۋە بولىۋاتىدۇ) شۇنچىۋالا كۈچ سەرپ قىلىپ ھۆكۈمەتلەر ئارا، دۆلەتلەر ئاراكېلىشىم ۋە ھۆججەتلەرنى ئىمزالىشىپ يۈرمەيتتۇق، ئەخلاق ۋە تارىخ كاپالەتنامىلىرىنى ئىمزىدەپمۇ ئاۋارە بولمايتتۇق. شۇنداق، بۇ ھەقتە نۇرغۇنلىغان باش قوشۇشلار بولدى، مەڭگۈلۈك دوستلۇق ئىزھار قىلىنغان كۆپلىگەن توختاملار ئىمزالاندى. ھالبۇكى، ئالايىسكىي - باتكېنىسكىي ۋەقەلىرى بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ پەقەت قەغەز يۈزىدىكى قۇرۇق ۋەدىلەردىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى كۆرسەتتى. قىسقىسى، بىز ئەمەلىيەتتە تېررورچىلار بىلەن يەككە-يېگانە تۇتۇشىۋاتىمىز. ھەتتا ئۆتكۈزۈلگەن دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى يىغىنىدا يىغىن قاتناشقۇچىلىرىدىن بىرىنىڭ قىرغىزىستاندىن مۇمكىن بولغان تېخنىكىلىق ياردەملەرگە ھەق تەلەپ

قىلغانلىقى توغرىسىدا پاراڭلار بولدى. بۇ ئىش تۇپەيلى ئاشۇ مىنىستىرنىڭ ئۆزىنىڭ ئالىيجاناب خەلقىنىڭ ئابرويىنى قانچىلىك تۆككەنلىكى ، ئۆز ھۆكۈمىتىنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا قانچىلىك ھاقارەتكە قويغانلىقى ھەققىدە ئەستايىدىل ئويلىنىپ كۆرۈشكە قادىر بولالىغان. بولالمىغانلىقى توغرىسىدا بىر نەرسە دېيەلمەيمەن.

ئىشلار مانا مۇشۇنداق. ئەمما مەن مەسىلىگە ئېخىمۇ كەڭرەك نۇقتىئىينەزەردە تۇرۇپ مۇئامىلە قىلغان بولساق ياخشى بولارمىكىن، دەپ ئويلايمەن: ئەجىبا بىر تۇپراقتا ياشاۋاتقان، پەقەت ۋە پەقەت بىرلا دىنىي ئېتىقادقا تەۋە يېگانە مەدەنىيەتنىڭ بولغۇسى ۋارىسلىرى ھېسابلىنىدىغان، يېڭىچە دۆلەت قۇرۇشتا بىرقاتار ئورتاق مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىۋاتقان بىز مەركىزىي ئاسىيالىقلار 21ـ ئەسىردە ئايرىم-ئايرىم ياشاپ، ئومۇمىي خاراكتېردىكى رايون مەسىلىلىرىنى ئايرىم-ئايرىم قارار قىلىپ، ئورتاق دۈشمەنلەر بىلەن خۇددى ھازىرقى مىنوتلاردىكىدەك ئايرىم-ئايرىم كۆرەش قىلالارمىزمۇ؟

**چىڭغىز ئايتماتوف:** ئوسمانئاخۇن، سۆزلىرىڭىزنى چۈشىنىۋاتىمەن: مەسىلە ھەقىقەتەنمۇ بەكلا رېئال. شۇڭا تۆمۈرنى قىزىقىدا سوققاندەك بۇنى دەرھال، ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا مۇھاكىمىگە قويۇش كېرەك. بۇ مەسىلىنى قاتتىق سىياسىي ئىرادە ۋە چوڭقۇر ئالدىن كۆرەرلىك چۈشەنچىسىدە تۇرۇپ ھەل قىلىش مۇھىملىقتا تۇرغان كەلگۈسىگە بولغان تارىخىي مەسئۇلىيەتچانلىقنى تونۇپ يېتىشتىن تۆۋەن تۇرمايدۇ. ئەمما، ساڭا شۇنداقلا كۆپچىلىككە سەممىيلىك بىلەن شۇنى دېگۈم كېلىدۇكى (ئۆزۈم شەخسەن شۇنداق ئويلايمەن) ، بۇ بىز يېڭى ئەسىرنىڭ شۇنداقلا يېڭى مىڭ يىلنىڭ ئىشىكىدىن كىرىپ كېتىۋاتقان، ئېخىمۇ مۇھىمى ئىقتىساد، ئۇچۇر قانداقتۇر بىلگىلى بولمايدىغان يوسۇندا يەرشارىلىشىۋاتقان بىر دەۋرگە يۈرۈش قىلىۋاتقان پەيتتىكى روشەن مەسىلە. بىز ئۇچۇن مۇشۇنىڭ ئۆزىلا بىر ھەقىقەت بولۇپ چۈشىنىلىشى كېرەك. مەن ئۇچۇن پۈتكۈل مەركىزىي ئاسىيانى تەقدىرى ئاھالىسى تەرىپىدىن ئالدىن بېكىتمۇۋېتىلگەن، بىزنى دولقۇنلۇق ياكى دولقۇنسىز رەۋىشتە كۆرۈنۈپ تۇرغان دۇنياغا تۇتاشتۇرۇپ تۇرۇۋدىغان بىر ئۇقۇم سۈپىتىدە چۈشىنىش ئادەتكە ئايلىنىپ قالدى. شۇڭا، پەقەت بىرلا نەرسىنى دېمەكچىمەن: بىز غايەت زور دەرىجىدە ئىتتىپاقلىشىشىمىز كېرەك. بىز ھەقىقىي تۈردە ئىتتىپاقلاشقان بىر سىستېما بولغاندىلا ئاندىن بۇ خىل مەنىۋىيەت مەقسىتى بىرلىككە كەلگەن پۈتكۈل رايوننىڭ چۈشىنىشىگە ئېرىشەلەيدۇ.

توغرا، ھەممىلا دۆلەت ئۆزىگە كېرەكلىك بولغان، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئىچكى تەلەپ ـ ئارزۇ ۋە مەنپەئەتلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىشلار بىلەن مۇستەقىل يوسۇندا مەشغۇل بولىدۇ. بۇ تەبىئىي ئەلۋەتتە قىسمەن قەدىرلىنىشى كېرەك. ئەمما سەن تىلغا ئېلىپ ئۆتكەندەك ئورتاق يىلتىز، ئورتاق دىنىي ئېتىقاد، مەدەنىيەت، تىل، سودا ئەنئەنىسى ۋە ئالاقە ئادەتلىرى قاتارلىق سان-ساناقسىز ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئۆزئارا زىچ باغلانغان بىز مەركىزىي ئاسىيالىقلار تۆرلۈك-تۈمەن قىسمەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىنكى يېڭى ئۇچرىشىش يولىغا ھەر قانداق شەكىل بىلەن قىلتاق قۇرساق زادىلا دۇرۇس بولمايدۇ. ئىقتىسادىي جەھەتتە بىر گەۋدىلىشىش، سانائەتتە ھەمكارلىشىش، سودا پائالىيەتلىرىدە شېرىكلىشىش قاتارلىقلار بۇنداق ئۈلۈك ھالەتتىكى مەۋجۇدلۇقنىڭ ھەقىقىي يوسۇندىكى ئورتاق مەۋجۇدلۇق ۋە ئورتاق تەرەققىياتقا يۈتكىلىشى ئۇچۇن خىزمەت قىلىشى كېرەك.

**ئوسمانئاخۇن ئىبراھىموف:** بىراق، ئەمەلىيەتتە شۇنداقمۇ بولارمۇ؟ بۇنداق سۆزلەر رەھبەرلىرىمىز تۆرلۈك يىغىن-مەجلىسلەردە ھەرقايسى ئەل رەھبەرلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىدىن چۈشمەيدۇ، ھەتتا سىياسەت لېكسىكىسىنىمۇ مۇشۇنداق سۆزلەر قاپلاپ كەتتى. جاھاننىڭ ئىشلىرىمۇ رېئال تۇرمۇشتا پۈتۈنلەي باشقىچە بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. قوشنىلار ئارا چېگرا قاراۋۇلخانىلىرىنى ۋە پونكىتلىرىنى تاللىشىش باش كۆتۈرۈپ قالدى، مەركىزىي ئاسىيا رايونىدا ھەقىقىي باھا ئۇرۇشى بولىۋاتىدۇ. كىشىنىڭ كۆڭلىنى ھەممىدىن بەكرەك غەش قىلىدىغىنى كىشىلەر ئارىسىدا سۈنئىي ياتلىشىش ئەۋج ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مەدەنىي-دىنىي ھەمكارلىق مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. باردى-كەلدى مۇناسىۋەت ئەڭ بىمەنە ھالدا مۇرەككەپلىشىپ كەتتى.

**چىڭغىز ئايتماتوف:** بۇ ئەھۋاللارنىڭ سەۋەبچىسى يەنىلا تېررورچىلار. ئەمما مەيلى قانداق بولسۇن يىلتىزداش ۋە ھەقىقىي يوسۇندىكى قانداش مەدەنىيەتنى ئورتاق يارىتىش ئەنئەنىسىنى ھازىرقى خۇنۇك ھالەتتىن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە قۇتقۇزۇۋېلىش كېرەك. . .

**ئوسمانئاخۇن ئىبراھىموف:** . . . بۇنىڭغا يەنە كۆلەملەشكەن ئورتاق تارىخىمىزنى ـ قەدىمكى سوغدىيانا، سەمەرقەند ۋە ئوشنىڭ بىباھا مەدەنىيەت خەزىنىسىدىن، ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنىڭ ئۇلۇغ ئېپوسلىرى بولغان «ماناس» ، «ئالپامىش» ، «گۆر ئوغلى» قاتارلىقلاردىن تا مەركىزىي ئاسىيالىقلارنىڭ ئۇلۇغ بىناكارلىق مۆجىزىلىرى ۋە پۈتكۈل ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىگىچە بولغان مەزمۇنلارنى قوشۇشقا بولىدۇ. بىزنىڭ ھازىرقى ھالىتىمىز مانا مۇنداق بولماقتا: دۇنيا ئالغا قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە، بىز

مەركىزىي ئاسىيالىقلار بولساق ئۆز ئالدىمىزغا پىنھان ماكان تۇتۇپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە بۇزۇلۇش يۈزلىنىشى بويىچە ئارقىغا دەسسەۋاتىمىز. دەۋر ناھايىتى ئوچۇق ۋە ئېنىق قىلىپ بۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا قارشى، ھەتتا ناھايىتى خەتەرلىك يۈزلىنىش ئىكەنلىكىنى جاكارلىماقتا. خاھى بالدۇر خاھى كېيىن بولسۇن بۇ خىل ئۇرۇنۇشلار جەزمەن بىۋاستە ھالدا قوشنىلار ئارىسىدا ئۆتكىلى بولمايدىغان ھالنى پەيدا قىلىپ قويىدۇ. بىر-بىرىنىڭ سۆزىنى چۈشىنەلمەسلىك جەزمەن مەسخىرىگە سەۋەب بولۇپ، تارىخنىڭ خارابىلىكىدە قېلىۋېرىدۇ، ھازىرقى ئەۋلادلارغا بولسا بۇنىڭدىن ھېچ ياخشىلىق يوقتۇر. قېرىنداشلارنى ئۆزئارا ياتلىشىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلىپ قويماسلىق كېرەك، چۈنكى بۇ زور ئەخلاقسىزلىق جۈملىسىگە ياتىدۇ. ئۇلارنى بىر-بىرىگە قارشىپ تۇرغان قاتمۇ قات ھەربىي قەلئەلەر مۇھىتىدا ۋە سىياسىي جەھەتتىكى يىراقنى كۆرەلمەسلىكىمىزنىڭ ئىسپاتلىرى ئېشىپ - تېشىپ تۇرغاندا بىر-بىرى بىلەن باردى-كەلدى قىلىشقا مەجبۇرلاشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. توغرا، ئىچكى قىسمىدىكى خاتىرجەملىكنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئەڭ زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىك ھادىسىلەرنىڭ مەۋجۇد بولۇۋاتقانلىقىنى دادىل ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك. ئۇ بولسىمۇ تېررورلۇق، زەھەرلىك چېكىملىك، تۈرلۈك خام ئەشيا ۋە تاشقى پېرېۋوتنى قانۇنسىز ئىمپورت قىلىش. . . قاتارلىقلاردۇر.

**چىڭغىز ئايتماتوف:** ھالبۇكى، نەق مۇشۇلار يەنىلا تىرىشچانلىقىمىزنى بىرلەشتۈرۈشكە پايدىلىق بولغان ساھەدىكى مەسىلىلەردۇر. بۇنىڭدا بىخەتەرلىكتە ئورتاق مەۋجۇد بولۇشتىن باشقا يول يوق، دېگەننى چىقىش نۇقتىسى قىلىش كېرەك. ماكانىمىزدىكى پىنھان «بىخەتەر» رايونلار ئەلۋەتتە مەۋجۇدلۇقتىن قېلىش قىسمىتىگە مۇپتىلا بولىدۇ.

تاشكەنتتىكى پارتلىتىش ۋەقەلىرى، باتكېن ۋە ئالاي ۋەقەلىرى توغرىلىق كۆپ ئويلاندىم، كۆڭلۈم بۇزۇلدى ھەم بۇزۇلىۋاتىدۇ. بۇ ئەھۋاللار بىزنى ئىختىيارسىز ھالدا ئۆزىمىزنىڭ بىخەتەرلىك سىستېمىمىزنى ياۋروپانىڭكى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشكە مەجبۇر قىلىدۇ. ياۋروپالىقلار تارىختىن ساۋاق ئالغان: ياۋروپا قۇرۇقلۇقىنىڭ سودا، ئىقتىسادىي ھەمكارلىق، ھەتتا يەر شارى خاراكتېرلىك چوڭ ئىشلىرى پەقەت كوللېكتىپ مەنپەئەت ۋە ئۆزئارا كېلىشىش ئاساسىدىلا قارار قىلىنىدۇ. ئۇلار ئىلگىرى مۇشۇنداق قىلمىغانلىقلىرى تۈپەيلىدىن ياۋروپا قۇرۇقلۇقىنىڭ ئۆتمۈشتە دائىم توقۇنۇش ۋە ئۇرۇشنىڭ ئوچىقىغا، جۈملىدىن ئىككى خىل دۇنيا سىستېمىسىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەن. ماڭا شۇنىسى ئايانكى، زامانىۋى تەجرىبىگە كەلگەندە ياۋروپالىقلار بىزگە ئەڭ ياخشى ئۈلگە بولۇشقا مۇناسىپ، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ رايونلار ئارا زىچ ھەمكارلىق يولىدا ماڭغانلىقى ھەقىقەتەنمۇ ماختاشقا ئەرزىيدۇ.

قىياسىمچە، تاشكەنت ۋە باتكېنىسكىي ۋەقەلىرىدىن قارىغاندا، چېگرالىرىمىزنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن مەركىزىي ئاسىيانىڭ ھېچ بولمىغاندا تېررورلۇققا قارشى ھەربىي بىرلەشمىسىنى قۇرۇشنىڭ ۋاقتى بوپقالغاندەك قىلىدۇ.

**ئوسمانئاخۇن ئىبراھىموف:** سۆزىڭىز ئورۇنلۇق، چىڭغىز تۆرەقۇلوۋىچ. مۇھىمى بۇ ئىشلارنى تاختىبېشىغا ئېلىپ قويماي ئەمەلىي قول تۇتۇپ ئىشلەش كېرەك. تېررورچىلار ئۆزلىرىنىڭ ھەرقاچان قانۇن تورىنىڭ سىرتىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئۇلارغا قارشى بۇ بىرلەشمىنىڭ مەڭگۈلۈك ئىتتىپاقداشلارنىڭ كۈچ - قۇدرىتى ئىكەنلىكىنى بىلىشى كېرەك.

يەنىلا ياۋروپانىڭ تەجرىبىسى ھەققىدىكى بايامقى گېپىمىزگە كېلەيلى. ئىچكى قۇرۇقلۇقتىكى ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈشنىڭ تۈزۈملەشتۈرۈلۈشى ئۇ جايدا ئەڭ زور دەرىجىدە، جۈملىدىن ياۋروپانىڭ پۇلىنى بىرلىككە كەلتۈرگەنگە قەدەر يۈرگۈزۈلدى. ياۋروپا پارلامېنتى، ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى قاتارلىقلار ياۋروپا قۇرۇقلۇقىنىڭ ئىشلىرى ھەققىدە قارار چىقىرىدىغان ئاساسلىق ۋاستىلەردىن بوپقالدى. ئۇلار ئىتتىپاقتىكى دۆلەتلەر ئارا ئېنىق بولغان پائالىيەت-ھەرىكەت قائىدىلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ سەممىيەتسىزلىكنى، بىر-بىرىنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋېلىشنى، يېتەكچىلىك ھوقۇقىنى تالىشىش يۈزىسىدىن بولىدىغان كۆرەشلەرنى تۈپ يىلتىزىدىن يوق قىلدى. ئەپسۇس، تولىمۇ ئەپسۇس، رايونىمىزدا ئۆزئارا مۇناسىۋەتلەردىكى ساختىپەزلىكلەر، ئوچۇق-ئاشكارا سۇيىقەست پىلانلاپ يۈرگەن سىياسىيئونلار قەدەمدە بىر پۇتىمىزغا پۇتلىشىپ تۇرۇپتۇ. بۇنىڭ تەسىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۇلارنىڭ ئۆزىمۇ چۈشىنىدۇ. . .

**چىڭغىز ئايتماتوف:** ياۋروپانىڭ تالېيران ۋە ماتتېرنىخ زامانىسىدىكى باشقا بىراۋغا بويۇنتۇرۇق سېلىشنىڭ تۈگىمەس ئاۋارىچىلىقلىرى بىلەن ئالدىراش بوپكېتىش، پەردە ئارقىسىدا سۇيىقەست پىلانلاش، سىياسىيئونلار خەتەرلىك ئارزۇلارنى نىشان قىلىش، دېگەندەك ئەخمەقلىقىغا نەزەر سالغىنىمىزدا بۇ ئىشلارنىڭ دۆلەتلەر، گۇرۇھلار، ئىتتىپاقداشلار ئارا ئۇرۇشلارغا سەۋەبچى بولۇپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ يېتىمىز. ياۋروپانىڭ بەختىگە 20-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ياۋروپانىڭ ئورتاق بىرلىكىگە

www.uyghurkitap.com

ئاساس سالغان ۋە «بوناپارتچىلارنى بۇ قۇرۇقلۇقتىن ئازاد قىلغان» دەپ تەسۋىرلىنىش ئارقىلىق تالىيران زامانىسىنى مەسخىرە قىلغان گېنېرال دېگول ۋە ۋېنىستون چېرچىلنىڭ قۇدرەتلىك سىياسىي نوپۇزى بارلىققا كەلدى.

**ئوسمانئاخۇن ئىبراھىموف:** ئۇنداقتا، بىز مەركىزىي ئاسىيالىقلارنىڭ ئىنتېگراتور (بىرلىككە كەلتۈرگۈچى، دېگەن مەنىدە. - ت) ىمىز قەيەردە؟ بىزنىڭ «دېگول» ىمىز قەيەردە؟ رايونىمىزدا سىلىنىشقا باشلىغان «بېرلىن تېمى» نى توختىتىپ، چېگرا قاراۋۇلخانىلىرىنى ۋە چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنى تارقىتىۋېتەلەيدىغان، ھەممىمىزنى ئورتاق پارلامېنت، ئورتاق سودا-ئىقتىساد، ئورتاق ھەربىي ئىستراتېگىيە قاتارلىق جەھەتلەردىكى ھوقۇقلار ھەقىقىي تۈردە مەركەزلەشكەن ھەقىقىي مەنىدىكى مەركىزىي ئاسىيا ئىتتىپاقىنى تەشكىللەشكە يېتەكلەيدىغان ۋە بۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان ھەلمۇت كولدەك ئادىمىمىز قەيەردە؟

**چىڭغىز ئايتماتوف:** ئۇيلىشىمچە، مەيلى بالدۇر، مەيلى كېيىن بولسۇن بىز ھازىر مۇشۇ نىشانغا قاراپ كېتىۋاتىمىز. پرېزىدېنت ئىسلام كەرىموفنىڭ: «تۈركىستان مەدەنىيەت قۇرۇلتىيى» (ياكى بولمىسا بىز ئاتىۋالغاندەك «مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى مەدەنىيەت قۇرۇلتىيى») مەۋجۇد بولىۋاتىسىمۇ، يەنىلا تاشكەنتتە «تۈركىستان سارىيى» تەسىس قىلىش كېرەك، دەيدىغان قارىشى ھېلىھەم ئېسىمدە. ساڭا شۇنى دېگۈم كېلىدۇكى، ئۆزبېكىستان جەمئىيىتى مۇشۇ يېگانە تەشكىلاتنىڭ ئېغىر چىقىملىرىنى قامداشنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ. شۇڭا بۇ خىل يۈزلىنىشتە ئاز-تولا ئىلگىرىلەش بولسىلا (مەيلى ئۇنىڭ قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر) ئۇنى ئەڭ زور دەرىجىدە كېڭەيتىش كېرەك، چۈنكى بۇنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇملۇق. بەلكى بىز ھازىر بۇخىل ئويىنى ھەقىقىي رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشتىكى ئەخلاق ۋە پسىخولوگىيە شەرتلىرىنى يېتىلدۈرەلىگەن بولۇشىمىز مۇمكىن. كېيىنكى ئەسىردە تەڭ-باراۋەرلىك ۋە ئۆزئارا پايدا يەتكۈزۈش ھەمدە بىرلىككە كەلگەن مەدەنىيەت ۋە سېكۇليارىزم (دىنىي جەمئىيەتنىڭ تەسىرى ۋە كونتروللۇقىدىن خالىي بولماق. - ت) ئاساسىغا قۇرۇلغان مەركىزىي ئاسىيانىڭ بىرلىكى ھەققىدىكى ئىدىيە، شۇنداقلا رايون بىخەتەرلىكىگە مۇناسىۋەتلىك ئورتاق مەنپەئەتلەر مىللەتلەر ئارا تۇرلۇك مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئەڭ ئالدىغا قويۇلۇشى لازىم. بۇ شەرەپلىك خىزمەت ئۈچۈن سىياسىيئونلار، دىپلوماتلار، مەدەنىيەت پائالىيەتچىلىرى، ئالىملار، ئىقتىسادشۇناسلار، شۇنداقلا ئىلغار ياشلار كۈچ

چىقىرىشى كېرەك. بۇ ئىشلارنىڭ ئۇتۇقلۇق بولۇش-بولالماسلىقىغا ئالدىن بىر نەرسە دېيەلمەيمەن. ئەمما مەركىزىي ئاسىيانى دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ مۇنبىرى سۈپىتىدە ئۇرۇش ۋە تېررورلۇق ۋاستىلىرى مەدەنىيىتىگە قارشى ھالدا ب د ت مائارىپ ۋە پەن-مەدەنىيەت باشقارمىسىنىڭ تەرەققىيات پىلانىغا كىرگۈزۈشكە تىرىشىمەن، پەيتى كەلگەندە بۇ مۇقەددەس ئىشنى تاشكەنت قۇرۇلتىيى (ئىسسىقكۆل بويىدا ئۆتكۈزۈلۈشىمۇ مۇمكىن) دا ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

**ئوسمانئاخۇن ئىبراھىموف:** شۇنداق، مەن سىزنى چۈشىنىمەن. ناۋادا ئىسسىقكۆل قۇرۇلتىيى ئۆزىنىڭ بۇ مەسئۇلىيتىنى قاراردىن ئۆتكۈزسە، مەنتىقىگە ئۇيغۇن شۇنداقلا قالتىس ئىش بولغان بولاتتى. قۇرۇلتاي تاشكەنتتە ئۆتكۈزۈلۈشى مۇمكىن. چۈنكى بۇ شەھەر خۇددى تارىختىكىدەك مەركىزىي ئاسىيا ئىتتىپاقىنىڭ يېڭى يۈرىكى بوپقالغۇسى. سەمىمىيلىك بىلەن ئېيتقاندا، چىڭغىز تۆرە قولۇۋېچ، بۇ ئىتتىپاق سىزنىڭ مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى (ئەلۋەتتە يالغۇز مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭلا ئەمەس) نىڭ قەلبىدە تىكلەپ چىققىنىڭىزدەك يۈكسەك مەڭگۈلۈك، پايانسىز مەشھۇرلۇق ۋە نوپۇزلۇق شەخسىيەت سۈپىتىدە ۋۇجۇدقا كەلسىدى، ئالامەت ئىش بولاتتى.

**چىڭغىز ئايتماتوف:** كۆردۈڭمىكىن، ھازىرقى ھالىتىمىزدە كۆپلىگەن ئىشلار دۆلەت باشلىقلىرى، ئۇلارنىڭ رايونىمىزدا بولىۋاتقان تەرەققىياتلار ھەققىدىكى چوڭقۇر چۈشەنچىلىرى ۋە مۇمكىنچىلىكى بولغان ئىستىقبال ھەققىدىكى ئوخشاپ كېتىدىغان باھالىرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. سەن دەرۋەقە تار مەنىدىكى خۇسۇسىي مەنپەئەتپەرەس ھاكىمىيەتنىڭ ئاچكۆزلۈك قىلىپ تېخىمۇ كەڭ مەنىدىكى ئورتاق رايون مەنپەئەتىنى چەكلەپ قويۇۋاتقانلىقىنى ئەپچىللىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتۈڭ. بوناپارتچىلىق ھاكىمىيەتنى بەرگۈسى يوق سىياسىيئونلارنىڭ ئەڭ زور ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئەڭگۈشتىرى، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە ئىشقا ئاشقۇسى ئومۇمىيلىقنىڭ ۋىرۇسى ۋە كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئىسلاھات مەسىلىلىرىدىن بۇرۇۋېتىشتىكى ۋاستىسى بوپقېلىۋاتىدۇ. ئەمما شۇنداقتىمۇ ئىشلىشىمىز كېرەك. پرېزىدېنتلىرىمىزنىڭ قايسىدۇر بىرەرىنى مەدەنىيىتى خېلى زامانلار ئىلگىرىلا بىرلىككە كېلىپ بولغان بۇ ئىككىنچى قۇرۇقلۇقنى تارىخ ۋە ئىتتىپاقلىق نۇقتىسىدىن زۆرۈر ئەھمىيەتكە ئىگە قىلىشنى خالىمايدۇ، دەپ قارىمايمەن. ئىسلام كەرىموف، نۇرسۇلتان نەزەربايېف، ئەسقەر ئاقايېف، سەپەرمۇرات نىيازوف ۋە ئىمامئەلى راھمانوف قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى

تەجرىبىلىك ۋە مەشھۇر سىياسىيئونلاردۇر.

**ئوسمانئاخۇن ئىبراھىموف:** ھازىرقى رايون خاراكتېرلىك ئەڭ چوڭ مەسىلە، مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇۋاتقان بۇ «ئوچاق» ۋەزىيىتىنىڭ جىددىيلىشىپ كېتىشى بولۇپ ئىپادىلىنىۋاتىدۇ. تالىبانلار كونتروللۇقىدىكى ئافغانىستان بىۋاسىتە ھالدا رايونىمىزدىكى ۋەزىيەتكە تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ. تاجىكىستاندىكى تىنچلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەسىلىلىرىدە ئىلگىرىلەش بولمايۋاتىدۇ. دېمەك، بىشمىزنى قاتۇرۇدىغان، شۇنداقلا تېررورچىلارغا قارشى ھۇجۇمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈدىغان جاي ئۆزبېكىستاندۇر.

**چىڭغىز ئايتماتوف:** ئۆزبېكىستان ئۇچۇنلا ئەمەس، پۈتكۈل رايونىمىز ئۇچۇنمۇ ئېغىر مەسىلە ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى بىزنىڭ قوشنا دۆلەتلەر بىلەن بولغان زىچ ھەمكارلىقىمىز ئالدى بىلەن دۆلەتلىك تۇسكە ئىگە بولۇشى كېرەك. ئۆزبېكىستاندىكى تىنچلىق ۋە مۇقىم بولغان دېموكراتىك تەرەققىيات پۈتكۈل مەركىزىي ئاسىيانىڭ بەختى.

**ئوسمانئاخۇن ئىبراھىموف:** بۇ توغرىلىق قىرغىزىستان پرېزىدېنتى ئەسقەر ئاقايېۇ قىرغىزىستاننىڭ جەنۇبىدىكى ۋەقەلەرگە مۇناسىۋەتلىك چاقىرىقىدا ئۆزقارىشىنى ئېنىق ۋە كەسكىن قىلىپ جاكارلىدى. بۇ نۇقتىنى بىز تېررورچىلار بىلەن بولغان تۇتۇشۇشلاردا ئادەم ۋە جەڭچىلىرىمىزنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە ئىسپاتلىدۇق. مانا بۇ - بىزنىڭ تېررورچىلارغا قارشى پرىنسىپاللىق پوزىتسىيىمىز. ئۇنى ھەرقانداق كىشى ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي سىياسىي مەسىلىلىرىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەستەك قىلىۋالماسلىقى كېرەك.

**چىڭغىز ئايتماتوف:** ئۆزبېكىستاننى قىرغىزىستاننى بىلگەندەكلا ياخشى بىلىمەن. تاشكەنت مەن ئۇچۇن بېشكەك ۋە ئالما - ئاتاغا ئوخشاشلا قىممەتلىك ھەم سۆيۈملۈك. ئۆزبېكىستاندىكى مەسىلىلەر مېنى خۇددى ئۆتمۈشتىكىدەكلا ئۆزلۈكسىز غىدىقلاپ كېلىۋاتىدۇ، بۇنى سۆزلەپ كەلسەك گەپ ئۇزىراپ كېتىدۇ. ئۆزبېكلەر - دوستلۇقنى تولىمۇ قەدىرلەيدىغان ۋە بۇنى ئۆزىنىڭ ئىچكى مەدەنىيىتىگە سىڭدۇرۇۋەتكەن بىر مىللەت. ئۇلارنىڭ ئەمگەك سۆيەرلىكى ۋە زېمىن بىلەن بولغان باغلىنىشچانلىقى دۇنيادا كەم ئۇچرايدۇ، تاجىكلار ۋە تۈركمەنلەرنىمۇ شۇنداق دېيىشكە بولىدۇ. قازاقلار ۋە قىرغىزلار سەل باشقىچە روھىيەت قۇرۇلمىسى شەكلىدە ئېچىۋېتىلگەن ئىقتىسادنىڭ شەرتلىرىدىن بولغان يېڭىچە قىياپەتتىكى يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىۋاتىدۇ. مەن بۇنىڭدىن تولىمۇ خۇشھال.

شۇنىمۇ دېگۈم كېلىدۇكى، ھەممىمىزنىڭ قۇرۇشقا ئەرزىگۇدەك كەلگۈسىنى قۇرۇپ چىققۇدەك ئىمكانىيىتىمىز ۋە بايلىقىمىز بار، بۇنىڭغا شۇبھە ھاجەتسىز. بۇنىڭ ئۇچۇن ئەڭ مۇھىمى ئىلىم-پەننى ئۆزىمىزدىن يىراقلاشتۇرۇۋېتىشكە قەتئىي بولمايدۇ، چۈنكى ئىلىم-پەن بىزنى بىر قېتىملا تاشلاپ كەتسە ئۇنى يېڭىباشتىن قايتۇرۇپ كېلىش بەسىي مۇشكۇل شۇنداقلا تارىخنىڭ بۇ خىل ئايلىنىشىغا ھەرقاند ئەھۋالدىمۇ يول قويۇشقا بولمايدۇ...

---

«قىرغىزىستان سۆزى» (رۇسچە) گېزىتىنىڭ 1999-يىل 30-نويابر سانىدىن **قۇربان تۇران** تەرجىمىسى (M2)

**«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى مۇھەررىرلىرىنىڭ تەھرىرلىك مەسئۇلىيەت نومۇرى**



باش مۇھەررىر قۇربان ماموت(M1)



مۇئاۋىن باش مۇھەررىر رسالەت مۇھەممەت(M2)



# ژۇرنىلىمىزنىڭ شان - شەرىپى

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە ئىجتىمائىي پەن ژۇرناللىرىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك «مۇنەۋۋەر تەھرىرلىك مۇكاپاتى» ۋە «مۇنەۋۋەر باش مۇھەررىر (ئىدارە باشلىقى) مۇكاپاتى» نى تارقىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.**

**ژۇرنىلىمىزنىڭ باش مۇھەررىرى قۇربان مامۇت «مۇنەۋۋەر باش مۇھەررىرلىك مۇكاپاتى» غا ۋە ئۇ تەھرىرلىگەن ئىلمىي ماقالە «20-ئەسىر روھى ۋە تارىمدىكى غېرىبلىق» «مۇنەۋۋەر تەھرىرلىك بويىچە 1-دەرىجىلىك مۇكاپات» قا ئېرىشتى**

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە ئىجتىمائىي پەن ژۇرناللىرىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك «مۇنەۋۋەر تەھرىرلىك مۇكاپاتى» ۋە «مۇنەۋۋەر باش مۇھەررىر (ئىدارە باشلىقى) مۇكاپاتى» نى تارقىتىش مۇراسىمى 2000-يىل 14-سېنتەبىر چۈشتىن بۇرۇن ئۈرۈمچى «بوغدا» مېھمانخانىسىدا ئۆتكۈزۈلدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق نەشرىياتچىلار جەمئىيىتى تۇنجى نۆۋەت ئۇيۇشتۇرغان بۇ پائالىيەتكە شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى 68 ژۇرنال، 114 پارچە ئەسەر قاتناشتى. باھالاش ھەيئىتىدىكى ئالىم - مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئاشكارىلىق، باراۋەرلىك، ئادىللىق پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۈچ ئايدىن كۆپرەك باھالىشى، ئەڭ ئاخىرىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق نەشرىياتچىلار جەمئىيىتىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشى ئارقىلىق 60 پارچە ئەسەر «مۇنەۋۋەر تەھرىرلىك مۇكاپاتى» (1-دەرىجىلىكى 11، 2-دەرىجىلىكى 21، 3-دەرىجىلىكى 28) غا، 15 ژۇرنال «لايىھەلەش مۇكاپاتى» (1-دەرىجىلىكى 3، 2-دەرىجىلىكى 5، 3-دەرىجىلىكى 7) غا، 14 ژۇرنال «تەھرىرلىك - كوررېكتورلۇق سۈپەت مۇكاپاتى» (1-دەرىجىلىكى 3، 2-دەرىجىلىكى 4، 3-دەرىجىلىكى 7) غا، 12 نەپەر باش مۇھەررىر (ئىدارە باشلىقى) «مۇنەۋۋەر باش مۇھەررىرلىك مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى. بۇ قېتىمقى باھالاشتا ژۇرنىلىمىزنىڭ باش مۇھەررىرى قۇربان مامۇت «مۇنەۋۋەر باش مۇھەررىرلىك مۇكاپاتى» غا ۋە ئۇ تەھرىرلىگەن ئىلمىي ماقالە «20-ئەسىر روھى ۋە تارىمدىكى غېرىبلىق» (ئاپتورى: ئەسەد سۇلايمان) «مۇنەۋۋەر تەھرىرلىك بويىچە 1-دەرىجىلىك مۇكاپات» قا ئېرىشتى.

«مۇنەۋۋەر باش مۇھەررىر (ئىدارە باشلىقى) مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلەر لى جىنيۇ، دۇشىنفۇ، جى سۇلىن، لى چىشاڭ، يۈيۆجياڭ، گوشىيەن، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، ئابلىكىم ھەسەن، جۇمان ئەبىش، ئەبەيدۇللا مۇھەممەت، مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت، قۇربان مامۇتلاردىن ئىبارەت.

تەقدىرلەش يىغىنىدا ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋۇدۇنفۇ سۆز قىلىپ مۇكاپاتلانغۇچىلارنى قىزغىن تەبرىكلىدى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نەشرىياتچىلىق ساھەسىدىكىلەردىن كۈتىدىغان تەلەپ ۋە ئۈمىدلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

**رىسالەت مۇھەممەت**

* * *

▲ ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ئازسانلىق مىللەتلەر يېزىقلىرىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ژۇرناللىرىنىڭ بۇ يىل مايدىن ئاۋغۇستقىچە سانلىرىنى باھالاشتىن چىقارغان 57-نومۇرلۇق «پىكىر» دە ژۇرنىلىمىزغا: «〈شىنجاڭ مەدەنىيىتى〉 ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ سۈپىتى يۇقىرى، تېما دائىرىسى ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر. بۇ ژۇرنالنىڭ يېقىنقى بىر قانچە سانى مەدەنىيەت تۈرىدىكى ماقالىلەر بىلەن ئۆز ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرگەن؛ نەزەر دائىرىسى كەڭ، كۆز قاراش - نۇقتىئىنەزەرى يېڭىچە بولغان بىر تۈركۈم ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان» دەپ يۇقىرى باھا بەردى.

**رىسالەت مۇھەممەت**

ئۆركەش جاپپار فوتوسى

ئۇيغۇر سەنئىتىگە زور تۆھپە قوشقان ئاتاقلىق كومپوزىتور نۇرمۇھەممەت سايىت (1943 - 2000)



«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2000 - يىل 6 - سان
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

《新疆文化》（维吾尔文）
综合性文学双月刊

ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى تەرىپىدىن چىقىرىلدى
«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى
خەلقئارالىق نومۇرى:ISSN1008—6498
مەملىكەتلىك نومۇرى:CN65—1073/G2
مەملىكەت ئىچى ۋە چەتئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىتتىپاق يولى 72 - قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون:2856942
«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

主办：新疆维吾尔自治区文化厅
编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部
国际标准刊号：ISSN1008—6498
国内统一刊号：CN65—1073/G2
发行范围：国内外发行
地址：乌鲁木齐市团结路 72 号
邮编：830001　电话：2856942
印刷：《新疆日报》印刷厂
发行：乌鲁木齐市邮局
订阅：全国各地邮局

پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 22 - 58　　باھاسى: 3 يۈەن

邮发代号：58—22　定价：3 元

خەلقىمىزنىڭ پەخىرلىك ئوغلانى،ئاسىيا بوكس
چېمپىيونى ئابدۇراخمان ئابلىكىم سىدنىيدا ئۆتكۈزۈلگەن
27-نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە
















www.uyghurkitap.com